# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


تۈزگۈچىدىن ............................................ 1

## جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

مەن ھېكايە يېزىشنى قانداق باشلىغان ...... لۇ شۈن 1

قانداق قىلغاندا ئىجادىيەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ........................ لۇ شۈن 8

«باھار پىلىسى» نى قانداق يازدىم ......... ماۋدۈن 10

مەن تىلنى قانداق ئۆگەندىم ............... لاۋشې 19

ئىجادىيەتتىكى بىرقانچە مەسىلە ........... جاۋ شۇلى 30

«ئاڭ ئېقىمى» توغرىسىدا يېزىشقان خەتلەر ... ۋاڭمېڭ 40

«تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» ھەققىدە قىسقىچە پاراڭ ................................. ۋاڭ مېڭ 50

ھېكايە ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم ........... شادىڭ 58

رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە ............... يەن گاڭ 66

ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا ............ تاڭتاۋ 79

ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە ... فاڭچىڭ 89

## چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

تەسەۋۋۇر توغرىسىدا ......................... گيوتې 116

شېئىر ۋە ھەقىقەت ............................ گيوتې 118

بالزاك پېرسوناژلارغا قانداق ئىسىم قويىاتتى ... گورلان 121

بالزاك ھەققىدە ئەسلىمىلەر ..................... گوتيې 135

«گۈزەل دوست»نىڭ تەنقىدچىلىرىگە جاۋاب ...مۇپاسسان 152
«زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» غا سۆز بېشى ... لېرمونتوۋ 160
ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا ............ گوگول 163
گوگول قانداق يازاتتى .......................... ۋېرسايېۋ 168
ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا ........... لېۋ. تولستوي 196
«ئاننا كارېنىنا»نىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا ... پېچسكوۋ 199
تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» سىنىڭ پروتوتىپى ...داۋىيوەن 220
«تىرىلىش» نىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا ...... پېچسكوۋ 224
«ياش گۋاردىيە» رومانىنى قانداق يازدىم ... فادىيېۋ 234
ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىم ئۈستىدە يېزىقچىلىقنى
يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان يازغۇچىلار بىلەن
سۆھبەت ............................ فادىيېۋ 239
سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا»نى قانداق يازغانلىقىم توغ-
رىسىدا .......................... ئا.تولستوي 268
يازغۇچى ـــ زامانىنىڭ ۋىجدانى ........ چ. ئايتماتوۋ 273




## تۈزگۈچىدىن

ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇشكۈل، نازۇك مەنىۋى پائالىيەت، بىرپارچە ياخشى ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە، يازغۇچى ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۈستىدە ياراتقان بىرىنچى قول ماتېرىيالى ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك بولىدۇ.

يازغۇچى زادى قانداق ئىجاد قىلىدۇ؟ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ماتېرىيال جۇغلاش، تېما تاللاش، سۇژېت قۇراشتۇرۇش، ئوبراز يارىتىش، تىل تاۋلاش جەھەتلەردە قانداق كۈچ سەرپ قىلىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى زادى قانداق، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ھەم ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئىجادىيەتتىكى رولى قانداق بولىدۇ؟ ... مانا مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەرگە ھەۋەسكار ۋە كىتابخانلار كۆڭۈل بۆلىدۇ، قىزىقىدۇ.

روشەنكى، بۇ مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ نوقۇل نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسى.

ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە جەزمەن ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئەينەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

بىز مۇشۇ مەقسەتتە، قولىڭىزدىكى «مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق بۇ كىتابنى تۈزدۇق. كىتابقا ئېلىنىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈستىدە سۆزلىگەن تەجرىبىلىرى،

شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا ئوبزورچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەسىرى ھەم ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئۈستىدە يازغان ئەسلىمە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلەردە ھەم ئەمەلىي تەجرىبە، ھەم نەزەرىيىۋى قائىدىلەر خېلى چوڭقۇر بايان قىلىنغان.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان بولغاچقا، توپلامنى تۈزۈش ۋاقتىدا، ئەينەنلىكىنى ساقلاشقا تىرىشتۇق، پەقەت بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايرىم ماقالىلەر ئازدۇر - كۆپتۇر قىسقارتىلدى.

سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك، ماتېرىياللارنىڭ تارقاق بولۇشى تۈپەيلىدىن كىتابتا بەزى نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.



## جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

# مەن ھېكايە يېزىشنى قانداق باشلىغان

لۇشۈن

مەن ھېكايە يېزىشنى قانداق باشلىغان؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە «چۇقان» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئاز - تولا توختالغانىدىم. بۇ يەردە قوشۇپ قويۇش كېرەك، دەپ قارىغان بىر گەپ بار، يەنى مەن ئەدەبىياتقا كۆڭۈل قويغان چاغدىكى ئەھۋال ھازىرقى ئەھۋالغا زادى ئوخشىمايدۇ. جۇڭگودا ھېكايە ئەدەبىيات ھېسابلانمايتتى، ھېكايە يازغۇچىلارمۇ ئەدىب ھېسابلانمايتتى، شۇڭا بۇ يول بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشنى خالايدىغانلارمۇ يوق ئىدى. مېنىڭمۇ ھېكايىنى «ئەدەبىيات گۈلزارى» غا ئەكىرىش خىيالىم يوق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن.

بىراق، ئۆزۈم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقچى ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىم تەرجىمە تونۇشتۇرۇش ئىدى. بولۇپمۇ قىسقا ھېكايىلەرنى، ئېزىلگەن مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتىم. مەن «ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى» دېگەندەك نەر-

سىلەرنىڭ بىرىنىمۇ كۆرۈپ باققان ئەمەس، لېكىن ھېكايىنى كۆپ ئوقۇيتتۇم، ھېكايە ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدىم، چۈنكى، تېخىمۇ مۇھىمى، تەرجىمە قىلىشقا مۇۋاپىق ئەسەر تاللاش ئۈچۈن نۇرغۇن ھېكايە ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئوبزورلىرىنىمۇ كۆپ ئوقۇيتتۇم. بۇلارنى ئوقۇشتىن مەقسىتىم جۇڭگوغا تونۇشتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش ۋە ئۇ ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ قايسى ئىدىيىدىكى يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمىيلىكى بىلەن كارىم بولمايتتى.

مەن تاللايدىغان ئەسەرلەر چۇقان - ئىسيان تىپىدىكى ئەسەرلەر بولغانلىقتىن مۇقەررەر ھالدا، شەرقىي ياۋروپاغا مايىل ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن روسىيە، پولشا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى ئەللەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇيتتۇم. ھىندىستان، مىسىر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئىستىكىدە كۆپ ئىزدەنگەن بولسامۇ تاپالمىدىم. ئۇ چاغلاردا مەن ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان يازغۇچىلار روسىيىدىن گوگول، پولشىدىن ھ. سىركېۋىچ (H.Sierkiewicz)، ياپونىيىدىن شامۇ شۇشى ۋە شىن ئاۋىلار ئىدى.

مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىتاب ئوقۇشقا زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بەش - ئالتە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق كىرىشتىم؟ بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ «چۇقان» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئېيتقانىدىم، بۇ يەردە يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭ ھېكايە يېزىشىم ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ھېكايە يېزىش تالانتىم بار، دەپ قارىغانلىقىمدىن ئەمەس. ئۇ چاغدا مەن بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، مۇھاكىمە ماقالىسى يازاي دېسەم، پايدى-



لىنىش ماتېرىياللىرى تېپىلماي، تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىناي دېسەم، تەرجىمە قىلىدىغان كىتاب چىقماي، ئامالسىزلىقتىن، ھېكايىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر نېمىلەرنى يازغانىدىم، ئۇ بولسىمۇ «سەۋدايى خاتىرىسى» ئىدى.

بۇنى يېزىشتا تايانغىنىم بۇرۇن ئوقۇغان يۈز پارچىغا يېقىن چەت ئەل ئەسەرلىرى ۋە مېدىتسىنا جەھەتتىكى بىلىمىم بولۇپ، باشقا ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق ئىدى.

بىراق «يېڭى ياشلار» نىڭ مۇھەررىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ مېنى سۈيلىدى. ئۇلار بىرقانچە قېتىم سۈيلىگەندىن كېيىن، ئاران شۇ ھېكايىنى يازدىم. بۇ يەردە مەن چېن دۇشيۇ ئەپەندىنى ئالاھىدە ئەسلەيمەن، چۈنكى، ئۇ مېنى ھېكايە يېزىشقا ئەڭ كۆپ دەۋەت قىلغانلارنىڭ بىرى.

ھېكايە يازغاندا تەبىئىي شەخسىي قاراشلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «نېمە ئۈچۈن ھېكايە يازىسەن؟» دېگەن مەسىلىنى ئالساق، مەن يەنىلا بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى «مەرىپەتچىلىك» كۆز قارىشىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھېكايە «كىشىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان» بولۇشى، بەلكى بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنى ئىسلاھ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتىم، ھېكايە «بىكارچىلىقتىن يېزىلىدۇ» دېگۈچىلەردىن، گەپنى يېڭىچە ئۆزگەرتىپ «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن» دەيدىغانلاردىن بىزار ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تاللىغان ماتېرىياللىرىمنىڭ كۆپىنچىسى كېسەلمەن جەمئىيەتتىكى بەختسىز كىشىلەر ئارىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، يېزىشتىن مەقسىتىم كېسەللىك ۋە ئازابىنى ئاشكارىلاپ، داۋالاپ قۇتۇلدۇرۇشقا بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئىدى. شۇڭا ھېكايىلىرىمدە كۆپ گەپ سېتىشتىن ساقلاندىم، يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ئىنچىكىلەپ يۆرمەي، مەقسىتىمنى باشقىلارغا چۈشىنىشلىك ئۇقتۇرۇپ بېرىشنى كۆزدە

تۇتتۇم. جۇڭگونىڭ كونا چاغچىلىرىدە سەھنە ئارقا كۆرۈنۈشى بولمايدۇ، يېڭى يىل چاغلىرىدا بالىلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان گۈللۈك قەغەزلەردە پەقەت بىرقانچە ئادەمنىڭلا سۈرىتى بار (ئەمما ھازىرقى گۈللۈك قەغەزلەرنىڭ تولىسىدا ئارقا كۆرۈنۈش بار). مانا مۇشۇ ئۇسۇل مېنىڭ مۇددىئايىمغا مۇۋاپىق كېلەتتى. شۇڭا مەن ئايدىڭ كېچە، سالقىن شاماللارنى تەسۋىرلىمىگەندىن سىرت، دىئالوگلارنىمۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن يېزىپ يۈرمىدىم.

ھېكايە پۈتكەندىن كېيىن ھەمىشە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقاتتىم، راۋان بولمىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىپ راۋانلاشتۇراتتىم، مۇۋاپىق ئەدەبىي تىل تاپالمىسام، چۈشىنىدىغانلار چىقىپ قالار دېگەن ئوي بىلەن قەدىمكى تىلنى ئىشلىتەتتىم. پەقەت ئۆزۈملا چۈشىنىدىغان، ياكى ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەيتتىم، ھەرگىز ئۇنداق جۈملىلەرنى تۈزمەيتتىم. مېنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىمنى ئاران بىرلا كىشى سېزىۋالالىغان ۋە مېنى «ژانىرچى» دەپ ئاتىغانىدى.

مەن يازغان ۋەقەلەر، ئومۇمەن، ئۆزۈم كۆرگەن - ئاڭلىغان ئىشلاردىن بولاتتى، ئەمما بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتمەستىن، بىر قىسمىنىلا ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆز مەقسىتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بولغانغا قەدەر پىششىقلايتتىم، ئۆزگەرتەتتىم. پېرسوناژ پورترېتىنى يارىتىشتىمۇ پەقەت بىرلا ئادەمگە ئېسىلىۋالماي، ئاغزىنى جېجياڭدىن، مەڭزىنى بېيجىڭدىن، كىيىمىنى شەنشىدىن ئېلىپ، ئاندىن ئادەم شەكلىنى يارىتاتتىم. بەزىلەر مېنى ماۋۇ ماقالىسىدە پالانىنى تىللىغان، ئاۋۇ ماقالىسىدە پۇستانىنى تىللىغان دېيىشىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي بىمەنە جۆيلۈش.

بىراق بۇ ئۇسۇلدا بىر قىيىنچىلىق بار، يەنى يازغۇچى قەلەمنى تەۋرەتكەن پېتى توختىماي يېزىپ كېتىدۇ - دە، پېرسوناژ جانلىنىپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان چاغدىلا ئاندىن



بولدى قىلىدۇ. ئەمما دەل شۇئىداق قىزىق يېزىۋاتقان چاغدا كىشىنىڭ پىكرىنى بۆلگۈچى بىر ئىش ئارىلىشىپ قالسىلا، قەلەمنى تاشلاپ، يېزىشنى توختىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتا يازغاندا، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىشى، مەنزىرىلەرمۇ دەسلەپكى تەسەۋۋۇردىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «پۈچۈشەن تېغى» دا ئەسلىدە پېرسوناژنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، ئىجاد قىلىنىشى ۋە ھالاك بولۇشىنى يازماقچىدىم. ئەمما ئارىدا گېزىت كۆرۈپ كەتتىم. گېزىتتە داشۆ ئىلمىي تەنقىدچىسىنىڭ مۇھەببەت شېئىرىغا ھۇجۇم قىلغان بىر ماقالىسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن، كۆڭلۈم باشقىچە بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىۋاتقان ھېكايەمدە بىر كىچىك شەخسنىڭ نۈيۋونىڭ چاترىقىغا كىرىۋالغان بىر ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قالدىم. بۇ ۋەقە ھېكايە ئۈچۈن ئارتۇقچە بولۇپلا قالماي، ھېكايە كومپوزىتسىيىسىگىمۇ نۇقسان يەتكۈزدى. ھېكايىدىكى بۇ بىتەرتىپسىزلىكنى مەندىن باشقا كىشى سەزمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ بۈيۈك تەنقىدچىمىز چېڭ فاڭۋۇ ئەپەندىمۇ بۇ ھېكايىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىپتۇ، دېدى.

مېنىڭچە، مەخسۇس بىر ئادەمنى يادرو قىلىپ يازغاندا بۇنداق ئىللەت كۆرۈلمىسە كېرەك، لېكىن بۇنى سىناپ كۆرمىدىم.

كىمنىڭ دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق، بىرەيلەن بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئىخچام سۈرەتلىمەكچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىنى سۈرەتلە، دەپتىكەن. مېنىڭچە بۇ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز. ئەگەر سەن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇپ، چېچىنى ھەربىر تېلىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرەتلىگىنىڭدىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە مەنىسى بولمايدۇ. مەن بۇ ئۇسۇلنى

ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن، بىراق زادىلا ئۆگىنەلمەيۋاتىمەن.

مەن ھېكايىدە ئىخچام بولۇشقا تېگىشلىك جايلارنى ھەرگىز زورمۇزور ئۇزارتىۋەتمەيمەن. يازالماي قالغان چېغىمدىمۇ، زورۇقۇپ يازمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ باشقا تەرەپتىن كېلىدىغان كىرىمىم بولغانلىقتىن، ماقالە سېتىپ جان بېقىش ماڭا ھاجەتسىز ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مىسال قىلىشقا بولمايدۇ.

يەنە بىر گەپ، مەن ھەر قېتىم بىر نەرسە يازغىنىمدا، ھەر خىل تەنقىدلەرگە پەرۋا قىلمايتتىم. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى ئىجادىيەت ساھەسىدىكىلەر گۆدەك ئىدى، يا سىزنى كۆتۈرۈپ كۆككە چىقىرىۋېتەتتى، يا بولمىسا سىزنى يەرگە ئۇرۇپ يوقلا قىلىۋېتەتتى. ئەگەر سىز ئۇلارغا بېرىلىپ كەتسىڭىز، بىر بولسا ئۆزىڭىزنى قالتىس چاغلاپ كېتەتتىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىپلا جاندىن جۇدا بولغان بولاتتىڭىز. شۇڭا تەنقىدتە يامان تەرىپىنى يامان، ياخشى تەرىپىنى ياخشى دېيىش لازىم، دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغاندىلا، ئاپتورغا پايدىسى بولىدۇ.

مەن دائىم دېگۈدەك چەت ئەللەرنىڭ تەنقىدكە ئائىت ماقالىلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ماڭا نىسبەتەن يا شاپائىتى، يا ئاداۋىتى ۋە ياكى ئۆچمەنلىكى يوق. ئۇلارنىڭ باھالىغىنى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بولسىمۇ، ئۇنى ئەينەك قىلغىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ تەنقىدچىلەرنىڭ گۇرۇھۋازلىقلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيتتىم.



يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋالقى ئىشلار. شۇنىڭدىن كېيىن يازمىغانىدىم، ھېچقانداق ئىلگىرىلەشلەرمۇ بولمىدى، مۇھەررىر ئەپەندى مەندىن مۇشۇنداق ماقالىلەردىن يېزىپ تۇرۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىپتۇ، قانداق قىلاي، گىچىماچاك بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بىر نەرسە بولۇپ چىقتى.

1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، چىراغ تۈۋىدە.

(«جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابتىن: ھوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى)

# قانداق قىلغاندا ئىجادىيەتتە ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

## «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب

لۇشۈن

مۇھەررىر ئەپەندى:

ماڭا يازغان خېتىڭلاردىكى سوئاللارغا ئامېرىكا يازغۇچىلىرى بىلەن شاڭخەيدىكى پروفېسسورلارنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلساڭلارمۇ بوپتىكەن، ئۇلارنىڭ قورسىقى «ھېكايە يېزىش قائىدىسى» ۋە «ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى» بىلەن تولۇپ كەتكەن. مەن يىگىرمە پارچىچە ھېكايە يازغان بولساممۇ، ئەمما مەندە بۇ ھەقتە «پىششىق چۈشەنچە» يوق، بۇ — خۇددى خەنزۇچە سۆزلەشنى بىلسەممۇ، «خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسىدىن دەسلەپكى ساۋات» نى يازالمايدىغىنىمدەكلا بىر ئىش. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سىلەرنى جاۋابسىز قالدۇرغۇم كەلمىدى، ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكەن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم:

1. تۈرلۈك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، ئانچە - مۇنچە كۆرۈش بىلەنلا يازماستىن، كۆپرەك كۆرۈش كېرەك.



2. يازالمىغان چاغدا زورۇقۇپ يازماسلىق لازىم.

3. پروتوتىپ ئۈچۈن بىرلا ئادەم كۇپايە قىلمايدۇ، كۆپنى كۆرۈپ، ئاندىن قۇراشتۇرۇش كېرەك.

4. ھېكايە پۈتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىش كېرەك. يازسىمۇ بولىدىغان، يازمىسىمۇ بولىدىغان سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى قىلچە ئايىماستىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. ھېكايە بولىدىغان ماتېرىيالنى قىسقارتىپ قىسقا خاتىرە يېزىش كېرەككى، خاتىرىگە لايىق ماتېرىيالنى ئۇزارتىپ ھېكايە يازماسلىق لازىم.

5. چەت ئەل ھېكايىلىرىنى كۆپ ئوقۇش، بولۇپمۇ شەرقىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپا ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇش كېرەك، ياپونىيە ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇش لازىم.

6. ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان خام - خاتىلا، قاملاشمىغان سۆپەتلەرنى ياسىماسلىق كېرەك.

7. «ھېكايە يېزىش ئۇسۇلى» دېگەندەك بىر نېمىلەردىكى گەپلەرگە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

8. جۇڭگودىكى ئاتالمىش «تەنقىدچىلەر» نىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەسلىك، چەت ئەلنىڭ ئىشەنچلىك ئەدەبىي ئوبزورلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇش كېرەك.

ھازىرچە دەپ بېرەلەيدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك. مەزكۇر جاۋابىم بىلەن سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن.

(«جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابتىن: ھوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى)

# «باھار پىلىسى»نى قانداق يازدىم

## ماۋدۇن

«ياشلار بىلىمى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى ئىجادىيەت تەجرىبەمدىن بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ خەت يېزىپتۇ، ھەتتا «مەن ‹باھار پىلىسى› نى قانداق يازدىم؟» دەپ تېمىمۇ بەلگىلەپ بېرىپتۇ. راست گەپنى دېسەم، ئىجادىيەت تەجرىبىسى دېيىلىدىغان بۇ تېمىدا يازغۇدەك نەرسىلەرنى ئاللىقاچان يېزىپ بولغانمەن، ئۇنىڭدىن باشقا مەندە تونۇشتۇرغۇدەك يېڭى تەجرىبە يوق. بىراق، «ياشلار بىلىمى» مەندىن ماقالە يېزىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، ئۇلارغا قەغەزنى قۇرۇق ئەۋەتكىلى بولماس، دەپ قارىدىم. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن دەمال باشقىچە بىر تېما ئويلاپ چىقالمىدىم. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، «باھار پىلىسى» نى قانداق يازغانلىقىمنىلا سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئۆزۈمنى دېھقان بالىسى دېيەلمەيمەن. تىلىم چىقىپ، گەپ ئۇققۇدەك بولغان چاغلىرىمدا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكى ئېسىمدە. مەن زادىلا يېزىدا تۇرمىغان. مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئائىلىمىز يۈز مىڭ نوپۇسى بار ناھىيە بازىرىدا ئىدى (ئېيتىلىشىچە بۇ بازارنى 1935 - يىلى لۇ فامىلىلىك كىشى بىنا قىلغانىكەن). مېنىڭ



ئائىلەم (ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان، پومېشچىك ئەمەس. مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا يېزىلىقلاردىن ئاران ئىككى خىلىنىلا كۆرگەنىدىم. ئۇلار: ئائىلىمىزدىكى خىزمەتكار (كۆپىنچىسى ئايال) ۋە ئۇ خىزمەتكارلارنىڭ ئەرلىرى ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە ئەۋلادقىچە، بىزنىڭ چوڭ ئائىلە تارقاقلىشىپ كەتكەنگە قەدەر، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. مەن بالىلىق چاغلىرىمدا يىلدا بىر قېتىملا يېزىغا باراتتىم. بۇمۇ ھەر يىلى قەبرە سۈپۈرۈش كۈنىدىلا قەبرە بېشىغا بېرىش تۈپەيلى يېزىغا بېرىشىم بولاتتى. لىللا گەپنى قىلسام، ئۇ چاغلاردا مەن يېزىنى پەقەت ياقتۇرمايتتىم. مېنىڭچە يېزىدا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بازاردىمۇ بار ئىدى — شال ئېتىزلىرى دەمسىز، ئۈجمىلىك دەمسىز ياكى دەريا - كۆل دەمسىز، بازار ئەتراپىدىلا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىراق بازاردا بار نەرسىلەر، مەسىلەن، چەت ئەل ماللىرى، بولۇپمۇ پاتېفون، تاشئەينەك دېگەندەك خىلمۇخىل ماللار يېزىدا بولمىغاچقا، يېزىنى بازاردەك ئاۋات ئەمەس، زېرىكەرلىك، دەپ ھېس قىلاتتىم.

مېنىڭ ئاپاممۇ بازاردا ئۆسكەنىدى. ئۇ يېزا تۇرمۇشىنى مېنىڭ بالىلىق چېغىمدا بىلىدىغىنىمچىلىكمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ يېزا توغرۇلۇق پاراڭمۇ سالمايتتى. بىزنىڭ ئائىلىمىزگە پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جامائەت ئارىسىدىمۇ يېزىلىقلار يوق ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار يېزا توغرۇلۇق سۆزلەشمەيتتى. مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمغا يېزا مۇھىتى ئەنە شۇنداق نېسىپ بولمىغان. ئون بەش يېشىمدا ئائىلەمدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم، يىگىرمە ياشقا كىرگەندىن كېيىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەيدە ئولتۇراقلىشىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يېزىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتىم.

تۇرمۇش مۇھىتىمدىكى بۇ چەكلىمە تۈپەيلى يېزا تۇرمۇ-

شىدىن ئەسەر يېزىشقا پېتىنالمايتتىم، «باھار پىلىسى»نى ئۆزۈمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا يېزىپ باقتىم، بۇنىڭدا تەيخۇ كۆلى ئەتراپىدىكى يېزا تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى، يېزا ھاياتىدىكى بىر مۆجەللا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمما، مەن قانداقلارچە «باھار پىلىسى»نى يېزىشقا جۈرئەت قىلالىدىم؟ بۇنىڭدا سەۋەب بار.

بالىلىق چاغلىرىمدىكى چوڭ ئائىلىمىزدىن ئەڭ ئىناۋەتلىك بىرەيلەن (ئائىلىمىزنىڭ چوڭى) نىڭ يېزىلىقلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ دادامنىڭ چوڭ ئانىسى بولۇپ، پومېشچىكنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ پات - پاتلا ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرىكى بىر كۈلكىلىك ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى: ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بىر مۇسىبەت بولغاندا، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭكىگە سوۋغا ئەۋەتىپتۇ. سوۋغاتنامىدىكى بۇيۇملار تىزىملىكىدە «پۇل ئويۇلغان قەغەز مىڭ دەن» دەپ يېزىلغانىكەن. ئەسلىدە بازارلىقلار ئون دەننى بىر بىرلىك ھېسابلايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى بىر بولاق سەرەڭگىچىلىكلا كېلەتتى. «مىڭ دەن» قەغەز بولسا، ئارانلا يۈز بولاق سەرەڭگىچىلىك بولاتتى. لېكىن دادامنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن ئەللىك يول (25 كىلومېتىر) يىراقلىقتا بولغانلىقتىن پۇل ئويۇلغان قەغەزنىڭ دەن بىرلىكى بازاردىكىگە ئوخشىمايدىكەن. شۇڭا دادامنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىكى غوجىدار سوۋغاتنامىدىكى «مىڭ دەن پۇل ئويۇلغان قەغەز» دېگەن خەتنى كۆرۈپ، «قەغەز كۆپ ئىكەن، توشۇش ئۈچۈن خىزمەتكارلاردىن يەنە بىر قانچىنى چاقىرايلى» دەپتۇ...

دادامنىڭ چوڭ ئانىسى بۇ كۈلكىلىك ئىشنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن چاغلىرىدا، ئائىلىسىنىڭ جىيەنلىرى (نەۋرە تاغىلىرىم) ياپونىيىگە سىياسىي - قا-



نۇن ئوقۇغىلى بارغان ۋە بىزنىڭ ئائىلىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئەجنەبىيچە تۇرمۇش» كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا يېزىلىق دەپ سۆزلەپ بېرەتتى. دادامنىڭ چوڭ ئانىسى پىلە بېقىشقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدا ئۇ، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈنلا، ئۇدا ئىككى - ئۈچ يىل ھەر يىلى يۈز جىڭچە پىلە باققان. پىلە باققان چاغدا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئىشنى ئوقمايدىغان بولغاچقا، مەخسۇس پىلە باقتۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق دېدەك يالىلاپ ياردەملەشتۈرگەن. مەن پىلە بېقىشنى ئەنە شۇ چاغدا ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئائىلىمىز پىلە بېقىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاپاممۇ پىلە بېقىش بىلەن ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى يىپەك سودىگىرى بولغاچقا ئۆيىدىكى ئاياللار پىلە بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئاپام بۇ ئىشقا كىچىكىدىنلا قىزىقىپ قالغانىكەن. بۇ ئىش ھەتتا بىز شاڭخەيگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ئاپام ھەر يىلى پىلىدىن يۈزدەكنى باقاتتى. مېنىڭ بالىلىرىممۇ تاماكا قاپچۇقلىرىدا ئون نەچچە تال باقاتتى، باققان پىلە قۇرتلىرى تولۇق غوزەك چىقىراتتى.

پىلىنى ئۆجمە يوپۇرمىقىسىز بېقىش مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۆجمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتىم. يۇقىرىدا ئائىلەم يۈز مىڭ نوپۇسى بار ناھىيە بازىرىدا بولسىمۇ، بازار ئەتراپىدا ئۆجمىلىك بار ئىدى، دەپ يازغانىدىم. بالىلىق چاغلىرىمدا مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىرتى پۈتۈنلەي ئۆجمىلىك ئىدى. ئۇنىدىن باشقا مەن چوڭ دادامنىڭ (ئانامنىڭ دادىسىنىڭ) ئۆيىگە پات - پات باراتتىم. ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىمۇ قاتار كەتكەن ئۆجمىلىك ئىدى. ھەر يىلى پىلە يىغىش پەسلىدە ناھىيە بازىرىدا «ئۆجمە يوپۇرمىقى

بازىرى» قايناپ كېتەتتى. بۇ بازارمۇ ئېلىپساتارلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، يوپۇرماق ئەپكەلگەن دېھقانلارنىڭ كۆپى ئېلىپساتارلارغا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، قۇرۇق قول قايتىشاتتى. بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزدىن بەزىلىرىمۇ ئاشۇ «ئۈجمە يوپۇرمىقى بازىرى» نىڭ ئاساسلىق ئىگىلىرىدىن ئىدى. يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان بۇ ئاۋات بازاردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنمەن، كۆرمىگەنلىرىمنى ئاڭلىغانمەن.

ئۈجمە يوپۇرمىقى باھاسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان بۇ «بازار» مەن «باھار پىلىسى» نى يازغان چاغدا مەۋجۇت ئىدى. ئۇقۇشۇمچە، جېجياڭنىڭ جياخۇ كۆلى ئەتراپىدىكى يىپەكچىلەر ئۆزئارا شېرىكلىشىۋالغان بىرمۇنچە گۇرۇھ قۇرۇۋالغانىكەن. ھەربىر گۇرۇھنىڭ كونتروللۇقىدا مەلۇم دائىرە بولىدىكەن (بىر گۇرۇھ ئىگىلىگەن ئون يولچە دائىرە ئىچىدە باشقا بىر گۇرۇھنىڭ يىپەك ئېلىپ سېتىشىغا يول قويۇلمايتتى.) لېكىن بۇ گۇرۇھلار ئۆزئارا يارىدەملىشىش كېلىشىمىمۇ تۈزۈشۈۋالغان بولۇپ، يىپەك نەرقىنى قاتتىق كونترول قىلىشىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ بىردەك ئىدى. يىپەكچىلىك دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان يەنە بىر ھالقا بولۇپ، يىپەكچىلەرنىڭ سەرمايىسى كۆپ، تەشكىللىي مۇكەممەل بولغانلىقتىن ئەھۋال «يوپۇرماق بازىرى» دىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن نۇرغۇن يىپەكچىلەرنى تونۇيتتۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىزمۇ بار ئىدى. مېنىڭ مانا مۇشۇ جەھەتلەردىكى تونۇشلۇقۇم «باھار پىلىسى» نى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان.

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ تولىمۇ ئاددىي، قىزىقارلىق ئىدى. مەن بۇ ھېكايىنى يازغان چېغىمدا، جېجياڭدىكى نۇرغۇن دېھقانلار پىلە بېقىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھەر ئون



ئائىلىنىڭ توققۇزىنىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىدى.

تەيخۇ كۆلى بويلىرى (ياكى ياڭزىجياڭ دېلتىلىرى) دىكى يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ساۋاتسىزلار كۆپ ئىدى. لېكىن ئۇ يەردىكى ساۋاتسىزلارمۇ كۆپنى كۆرگەن بولغاچقا، ئىدىيىدە باشقا جايلاردىكى دېھقانلاردىن ئاڭلىقراق ئىدى، يېڭى شەيئىلەرنى ئاسانلا قوبۇل قىلاتتى. بەزىلەر بۇ يەردىكىلەرنى ھورۇن، راھەتپەرەس، لۈم - لۈم مىجەز دېيىشەتتى. ئەمما مەن ئۇنداق قارىمايتتىم. پىلە بېقىش مەزگىلى ۋە دېھقانچىلىقنىڭ قاتلاڭ چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ «بالدۇر تۇرساڭ، بالدۇر يىغىسەن» دېگەن نىيەتتە ئالدىراش ئىشلەيدىغانلىقىنى ۋە پەم بىلەن ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۆرگەنلەر ئۇلارنىڭ ئەمگەكچانلىقىغا قايىل بولماي قالمايدۇ (مەن بىر پارچە ئوچېركىمدا ئۇلارنىڭ پىلە بېقىش، تېرىقچىلىق چاغلىرىدا قانداق تەشكىللىنىدىغانلىقى بىلەن ئىشنى بالدۇر باشلاش ئەھۋالىنى يازغانىدىم. ئۇ پۈتۈنلەي ھەقىقىي ئىشلار). ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «شاڭخەي گېزىتى» گە قىسقىغىنا بىر پارچە خەۋەر بېسىلغانىدى. ئۇنىڭدا شىمالىي جۇڭگونىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئەسىر ئېلىنغان بىر ياپون ئەسكىرىنى كۆرۈپ: «ۋوي، قاراقچىلارنىڭ تۇرق - سىياقىمۇ بىزگە ئوخشاشلىكەنغۇ!» دەپ ئەجەبلەنگەنلىكى يېزىلغانىدى. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئەتراپتىكى دېھقانلار ياپونىيىلىكلەرنى كۆرگەنلىرىدە ئۇنچىلىك ھەيران قالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار «شەرق ئەجنەبىيلىرى» بىلەن خېلى بۇرۇندىن تونۇش (ئۇلارنى قاراقچىلار دەپمۇ ئاتىمايتتى). ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلىنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. 1930 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ يەردە دېھقانلار ھەرىكىتى بىر مەزگىل تازىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە بولغان

ئاڭلىقلىقى، ھەقىقەتەن، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇلاردىن مىلىتارىستلار قىسمىدا «جان باقتۇچىلار» كەمدىن كەم تېپىلاتتى. بۇ يەرلىك دېھقانلارنى «لۈم-لۈم مىجەز» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشمۇ ئەنە شۇ چاغدا چىققان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ماھىيەتلىك سەۋەب يەنىلا بۇ يەردىكى سانائەتنىڭ دېھقانلارنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن، دەپ قارايمەن. ئەمما ئەمەلىيەت ئاللىقاچان ئىسپاتلىغانكى، ئۇلار ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدۇ، كۆرەش قىلغاندىمۇ قەتئىي كۆرەش قىلىدۇ.

مانا بۇلار مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمدىكى دېھقانلار توغرىسىدىكى كۆزقارىشىم. مەن مۇشۇ چۈشەنچىلىرىمگە ئاساسەن، «باھار پەللىسى» دىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يازغانىدىم.

پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتە تۇتقا قىلغىنىم يەنىلا ئۆزۈم ئوبدان تونۇيدىغان ئايرىم دېھقانلار بولدى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، يېزا تۇرمۇشى توغرىسىدا بىۋاستە ھېسسىياتىم يوق ئىدى. مەن ئارىلاشقان دېھقانلارمۇ پەقەت بىزنىڭ ئائىلىگە كېلىپ تۇرىدىغان بەزى «يېزىلىق تۇغقانلار» ۋە ئۆيدىكى ئايال خىزمەتكارلىرىمىزنىڭ يېزىدىكى ئەرلىرى ئىدى. ئۆي خىزمەتكارلىرىمىزنىڭ ئەرلىرى مېنى تولىمۇ ئۆز كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن سەمىمىي ھالدا ئېيتىپ بېرىدىغان جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتىم. شۇ قاتاردا ئۇلارنىڭ مېنىڭ غايەمگە نىسبەتەن گۇمان بىلەن باشقىچە قارايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. بىرلا ئېغىز گەپ: مەن ئۇلارنىڭ يۈرەك - قەلبىنى چۈشىنەتتىم، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن يېزىدىكى ئاددىي دېھقاننىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى، قانداق تەسىراتتا ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ئازاب - ئوقۇبەتتە ياشايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

يىغىپ ئېيتقاندا «باھار پەللىسى» نى يېزىشىمغا تۈرتكە



بولغان ئامىللار مۇنداق: ئالدى بىلەن چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ مەملىكىتىمىزگە قاراتقان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ يېزىغا كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقى، شۇ قاتاردا جېجياڭ يىپەكچىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن مەخسۇس پىلە بېقىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچى دېھقانلارنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن قىيىنچىلىقى. يەنە بىر تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ زاۋۇت ئىگىلىكىنىڭ نيۇ - يورك بىلەن لىئوندا ياپون يىپەكچىلىكىنىڭ بېسىمىدا ۋەيران بولغانلىقى ۋە يىپەك فابرىكىسى ئىگىلىرى بىلەن يىپەك سودىگەرلىرى (بۇ ئىككىسى بىر گەۋدە) ۋەيران بولۇش ئالدىدىكى ئىگىلىكىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كويىدا پىلە باققۇچى دېھقانلارنى ھەسسىلەپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقانلىقى بولدى. ئۇ چاغلاردا باھار پەللىسى ئەمدىلەتىن غوزەكلىنىشكە باشلىغاندىلا يىپەك سودىگەرلىرى بىر - بىرى بىلەن قۇلاق قېقىشىپ ئۇنىڭ باھاسىنى بېكىتىۋالاتتى - دە، پىلە باققۇچى دېھقانلارغا ئورا كولايتتى، شۇ ئارىدا يوپۇرماق سودىگەرلىرى (بۇلارمۇ ئادەتتە يىپەك سودىگەرلىرى بىلەن بىر گەۋدە) يوپۇرماق باھاسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، پىلە باقىدىغان دېھقانلارنى بوغاتتى. نەتىجىدە، باھار پەللىسى غوزەك چىقىرىشقا ئاز قالغانچە يوپۇرماق باھاسىنى ئۆرلىتىۋېلىپ، دېھقانلارغا يۇقىرى باھالىق يوپۇرماق بىلەن قاتتىق چۈشەك سالاتتى...

مېنىڭ مۇشۇ چۈشەنچەمدىنلا «باھار پەللىسى» نىڭ تۈپ ئىدىيىسى بارلىققا كەلدى. ئۇنىدىن كېيىنكى ئىشلار پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى، ھېكايە كومپوزىتسىيىسى ئىدى.

مەن ھېكايە يازغاندا، كۆپىنچە مۇشۇنداق ئويلىۋېلىش باسقۇچىنى ئۆتكۈزمەي قويمايمەن. بۇنداق ئويلىۋېلىش ئۇسۇلى

ھەم پايدىلىق، ھەم ئاۋارىچىلىك بىر ئىش. لېكىن ئادەتلىنىپ كەتكەندە قىلچە ئاۋارىچىلىك بىلىنمەيدىكەن. مەن ھازىرمۇ شۇنداق قىلىمەن.

«ياشلار بىلىمى» ژۇرنىلىنىڭ ماڭا چىقىرىپ بەرگەن تېمىسى ھەققىدە قالايمىقان بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك يازدىم. بۇ، بەلكى، پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار، مەن ھەرگىزمۇ بۇنى بىردىنبىر ئۇسۇل دېيەلمەيمەن.

(«جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابتىن: ھوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى)



# مەن تىلنى قانداق ئۆگەندىم

## لاۋشې

بۇندىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى، ھازىرقى زامان ئاممىباب خەنزۇ تىلى بىلەن ماقالە يېزىشقا كىرىشكەن چاغلىرىمدا مەندە ھەمىشە ئىككى خىل خاتالىق يۈز بېرەتتى. بىرى، مەن بۇرۇن قەدىمكى ئەدەبىي تىلنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، شۇڭا، مۇبادا تۇساتتىنلا ئاممىباب تىل ئىشلىتىپ قالسام، خۇددى كىچىك بالا بىرەر يېڭى ئويۇنچۇققا ئېرىشكەن چېغىدا ئۇنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوينىغىنىدەك بىر ئىش قىلاتتىم. ئۇ چاغلاردا مەن ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى قىزىقارلىق سۆزلەردىن قۇراشتۇرۇلغان ماقالىنى ياخشى ماقالە دەپ قارايتتىم، مۇنداق چىرايلىق، قىزىقارلىق سۆزلەرنىڭ ماقالىدىكى رولى، ئىشلىتىش ئورنىنىڭ مۇۋاپىق - مۇۋاپىق ئەمەسلىكى توغرۇلۇق ئويلانمايتتىم.

ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكەنلەردىن نۇرغۇن يولداشلار مەن سادىر قىلغان خاتالىقنى سادىر قىلىشى مۇمكىن، بۇ توغرىدا سۆزلەپ بەرگىنىمنىڭ ئاز - تولا پايدىسى بولار، دەپ ئويلايمەن.

تىلنى مۇۋاپىق، جايىدا ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئۇزۇن

يىل مەشىق قىلىش جەريانىدا ئاستا - ئاستا چۈشەندىم. قانداق تىل ئىشلىتىش لازىملىقى يازماقچى بولغان ئەسەرگە بېقىپ تاللىنىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە بىرەر پارچە دوكلات يازماقچى بولساق، ئۇنى ئىخچام، ئېنىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن تېپىمەي، تەرتىپ بويىچە، مەزمۇنلۇق يېزىشىمىز كېرەك، ھەدېسىلا قىزىق، كۈلكىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە ھەرگىزمۇ ياخشى دوكلات يازغىلى بولمايدۇ. ھېكايە يازىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئوبرازلىق، جانلىق، ئەڭ ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر بىز ھېكايە ياكى سەھنە ئەسىرىنىڭ دىئالوگىنى يازماقچى بولساق، بىزنىڭ بۇ دىئالوگىمىز شۇ ئەسەردىكى پېرسوناژنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ پېرسوناژلىرىمىز خاراكتېر جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن، ئىشچىلار، دېھقانلار، كادىرلار مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان كىشىلەر، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ تىلى يازغۇچىنىڭ تىلى بولۇپ قېلىپ، ھەممىسىلا بىرخىل سۆزلەيدىغان بولۇپ قالسا بولمايدۇ. يازغۇچى يازماقچى بولغان پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە كېلىۋېلىپ، شۇ ئاساستا پېرسوناژ تىلى توغرۇلۇق ئالاھىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بىر يازغۇچىنى، ئەمەلىيەتتە، ھەر جەھەتتىن تولۇق يېتىشكەن ئۇستا ئارتىس دېيىش مۇمكىن. قەلەم بىلەن پالانى، پوكۇنى ۋە پۇستانىلارنىڭ قانداق سۆزلەيدىغانلىقىنى يازىدۇ، يازغاندىمۇ ئۇلارنى نەق ئۆزىگە ئوخشىتىپ يېزىپ چىقىدۇ. شۇڭا دىئالوگ پېرسوناژلارنىڭ ئۆز خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ھېكايىدە دىئالوگدىن باشقا تەسۋىر، بايان قاتارلىقلار



بولىدۇ. بۇلارنىمۇ يادىغا كەلگەن سۆز بىلەنلا يازماي، مۇۋاپىق سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بەدىئىي ئەسەر ئىكەن، ئۇ جەزمەن ھېسسىياتلىق بولۇشى كېرەك. ھېسسىيات غەم - قايغۇ، نالە - پەرياد ياكى شاد - خۇراملىق تۇيغۇلىرى ۋە باشقىلار بولىدۇ. مەسىلەن، بىز بىر پېرسوناژنىڭ قايغۇ - پىغانىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولساق ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيە جەھەتتە پەس ئاۋازدا دېيىلىدىغان سۆزلەرنى تاللىشىمىز، ئۇزۇنراق جۈملىلەرنى تۈزۈشىمىز لازىمكى، كىتابخان مۇنداق جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا، ئەلۋەتتە قايغۇ ھېس قىلسۇن. بۇنىڭ ئەكسىچە، شاد - خۇراملىق، قايناق ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولساق، جاراڭلىق، ياڭراق، قىسقا جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىشىمىز لازىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىل بىر دۆۋە چوڭ - كىچىك خىش - كېسەككە ئوخشىشىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن لايىقلىرىنى تاللاپ، ئىنچىكىلىك بىلەن چاك باستۇرۇپ تام قوپارغىنىمىزدىلا، ئاندىن تام پۇختا، كۆركەم بولىدۇ. ئەسەردىكى تىلمۇ ئاشۇنداق، ئۇنى ھەرگىزمۇ يادىغا كەلگەن گەپ بىلەنلا يېزىپ بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. تىل ياخشى تاللانغان بولۇشى، ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىشى كېرەك، ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ھېسسىياتلىق بولۇشىدا گۆش ۋە قاندەك زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىككىنچىسى، مەن ئەسەر يېزىش جەريانىدا سادىر قىلغان ئىككىنچى خاتالىق دەل بىرىنچى گېپىمدىكىنىڭ ئەكسىچە. بىرىنچى خاتالىق توغرۇلۇق يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم، يەنى ھازىرقى زامان ئاممىباب خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىش، لېكىن ئۇنى تاللاپ ئىشلىتىش بىلەن كونترول قىلىشنى بىلمەسلىك. ئىككىنچى خاتالىقىم — مەقسەتنى ئاممىباب تىل بىلەن توغرا ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن چېغىمدا، دەرھاللا قەدىمكى ئەدەبىي تىلنى قوللىنىشقا ئۆتۈپ كېتىش. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئاۋۋال مەن

مۇشۇنداق قىلىپلا قالماي، ئۆزۈمچە بۇنى يوللۇق ئىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋالغانىدىم، يەنى مۇنداق قىلىش ھازىرقى زامان خەنزۇ ئاممىباب تىلىنى ئۆستۈرگەنلىك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەشەببۇس قىلغانىدىم. لېكىن بىرنەچچە يىلدىن كېيىنلا بۇنداق قاراشتىن يالتايدىم، چۈنكى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن بۇنداق قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم: مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاممىباب تىل بىلەن بەدىئىي ئەسەر يېزىش. ئەگەر مەن ئاممىباب تىل بىلەن قەدىمكى ئەدەبىي تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسەم، يەنى تۇرۇپ قەدىمكى ئەدەبىي تىل، تۇرۇپ ئاممىباب تىل ئىشلەتسەم، ئۆز مەسئۇلىيىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولىمەن. دۇرۇس، بەزى چاغلاردا ئاممىباب تىلدىن ئەدەبىي تىل سۆزلىرىگە مەنداش تىل تېپىش قىيىن، لېكىن بۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئاۋارىچىلىكتىن قاچماسلىق لازىم. مەن مۇشۇ تونۇشنى توغرا تاپقاندىن كېيىن، ئاممىباب تىل ئورنىغا قەدىمكى ئەدەبىي تىل ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىدىغان، ئاممىباب تىل ئىشلىتىشكە تىرىشىدىغان بولدۇم. بەزى چاغلاردا ئاممىباب تىلدىن ئەدەبىي تىلغا تەڭداش مەنىداش تىلنى تاپالماي قالسام، باشقا بىر ئامال بىلەن ۋەقەنى چۈشەندۈرىدىغان بولدۇم. بۇنداق قىلغىنىمدا ئانچە نەتىجىلىك بولماي قالغاندا، زادىلا ئامال بولمىغاندا، ئاممىباب تىل ئورنىدا بىرەر - يېرىم ئەدەبىي تىلنى ئىشلەتتىم، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەسەرلىرىمدە بۇنداق ئامالسىزلىق «چارىسى» نى قوللىنىش كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بولدى. مېنىڭ ھېكايىلىرىم بىلەن سەھنە ئەسەرلىرىم ۋە دوكلات تىپىدىكى نەسىرلىرىمنى راۋان، ئۈنلۈك ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەسپىي ئاتالمىلارنى ئاز ئىشلىتىشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدۇم. كەسپىي ئاتالمىلارنى گېزى كەلگەندە ئىشلەتمەيمۇ بولمايدۇ. بىراق مەن دېمەكچى بولغان مۇددىئايىمنى ئاممىباب تىل بىلەن چۈشىنىشلىك ئىپادىلىيەلىسەملا، كەسپىي ئاتالمىلارنى ھەرگىز ئىشلەتمەيمەن. بۇ مەسىلىدە مەن مۇنداق قارايمەن: بەزىبىر كەسپىي ئاتالمىلارنىڭ مەنىسىنى كەڭ ئامما تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ؛ شۇڭا ئەگەر مەن كەسپىي ئاتالمىلارنى ئىشلىتىۋەرسەم، كۆپچىلىك پېرسوناژنىڭ چىراي - شەكلىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. خەق چۈشەنمىگەن گەپنى ئىشلەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇڭا كەسپىي ئاتالمىلار ئورنىغا ھەممە خەق چۈشىنىدىغان ئاممىباب، ئاددىي تىل ئىشلىتىپ، مەقسەتنى ئۇقتۇرغان ياخشى ئەمەسمۇ. كەسپىي ئاتالمىلارنىڭ ئورنىغا ئىخچام، ئېنىق، جانلىق سۆزلەرنى تاللاش كېرەك. بۇنداق سۆزلەر مەنىلىك، يېقىملىق بولىدۇ - دە، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن قايىل قىلىش كۈچىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرىدۇ. بىر كۈنى مەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەنىدىم. سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا: «بۈگۈنكى نۇتۇقتا سۆزلەنگەنلەرنى مەنمۇ بۇرۇن سىلەرگە سۆزلىگەنىدىم. لېكىن ئۇ چاغدا مەن بىر قاتار ئەدەبىي تېرمىن، ئەدەبىي ئاتالمىلار بىلەن سۆزلىگەچكە چۈشىنىشلىك بولمىغانىدى. بۈگۈنكى نۇتۇق ناھايىتى چۈشىنىشلىك، ئوقۇملۇق بولدى. چۈنكى، نۇرغۇن ئەدەبىي ئاتالمىلار ئاممىباب تىل بىلەن چۈشەندۈرۈلدى! مەن سىلەرگە مۇشۇنداق سۆزلەپ بېرەلمىگەنلىكىمگە بەكمۇ خىجىل!» دېگەنىدى. توغرا، مەن يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە، نېمىلا يازاي، ئاممىباب تىلغىلا تايانىدىم. يازغان نەرسەم خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەقرىز بولغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان

تېرمىنلارنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلاندىم. تېرمىن (كەسپىي ئاتالمىلار) ئۆلۈك، ئاددىي گەپلەر بولسا، جانلىق بولىدۇ. ئۆلۈك سۆزلەر دۆۋىسىگە قارىغاندا، جانلىق سۆزلەر بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەشنىڭ بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. كەسپىي ئاتالمىلار ئورنىدا ئاددىي، ئاممىباب تىل ئىشلىتىش يولى بىلەن كەسپىي ئاتالمىنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرۇش، سۆز تاللاش، تاللانغان سۆزلەرنىڭ كەسپىي ئاتالمىدىن جانلىق، يېقىملىق بولۇش مەسىلىسىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئالاھىدە باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق قىلالىساقلا، ئاممىباب تىل ئىشلىتىش ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن «چوڭقۇر ئىزدىنىش»نىڭ نېمىلىكىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ، چوڭ - چوڭ داۋللارنىمۇ ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلىيەلەيدىغان بولىمىز.

ئەمدى مەن تىل ئىشلىتىشتىكى خاتالىقىمنى قانداق بايقىۋالغانلىقىم ۋە ئۇنى قانداق تۈزەتكەنلىكىم توغرۇلۇق توختىلاي. مەن يەنىلا ماددىلارغا بۆلۈپ سۆزلەيمەن:

بىرىنچى، تىل ئىشلىتىشنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئۆگەنگەن، دېسەم بولىدۇ. مەن بۇ يەردە شۇنى دېگەچ كېتەيكى، مەيلى مەشھۇر رومان ياكى سەھنە ئەسىرى بولسۇن، ئۇنىڭ تىلى پۇختا، ئېنىق، راۋان بولىدۇ. سۆز سۆزگە، جۈملە جۈملىگە ناھايىتى زىچ باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا تاقتا - تۇقتا سۆز - جۈملىلەر ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھال مېنى: بىر بەدىئىي ئەسەر كومپوزىتسىيە - تۈزۈلۈش جەھەتتە ئورگانىك مۇكەممەل باغلىنىشى بىلەن ناھايىتى گۈزەل، جانلىق بىر نەرسىگە ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تىلى قان - تومۇر بولۇپ، ئەسەرگە جان بېغىشلايدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئەسەرنىڭ تىلى ئۈستىدە ئالاھىدە باش قاتۇرۇشى لازىم. ئەسەرنىڭ تىلى خۇددى ئۇستا رەسسام سىزغان رەسىمنى ئۇزۇن - قىسقا، قىڭغىر - قىيسىق



قىلىپ قويماي، رەسىمنىڭ ھەر بىر يېرىنى، رېڭىنى ئۆزىگە خاس ئورنىغا دەل كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرغىنىدەك مۇۋاپىق، ئۆلچەملىك، ئىدىتلىق بولۇشى لازىم، دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان. بۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ تىلىغا ئىشلىگەندە يېزىش جەريانىدا ئەسكە كەلگەن تېتىقسىز، قۇرۇق سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق سۆز تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىۋالدىم. مەن مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا، يېزىلىپ پۈتتى دېگەن ئەسەرنىمۇ قىسقارتىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىزدە ئەسەرنى ئۇزۇن يازىدىغان كېسەل خېلى ئېغىر. مېنىڭچە، ئۇزۇن يازغان ئەسەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ھەم جايىدا ئىشلىتىلگەن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن قىسقارتىش لازىم. قىسقارتىلغان، چىقىرىۋېتىلگەن جايلارغا ھەرگىز تارتىنماسلىق كېرەك، گەپنى كۆپ قىلغاندىن كۆرە ئاز - ساز قىلغان ياخشى. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئەسەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى زىچ بىرىكتۈرۈشتە، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى پىششىق، پۇختا چىقىرىشتا كۆرۈلىدۇ. بىز ئەسىرىمىزنى ھەرگىزمۇ ئاۋارىچىلىكتىن قاچماي، ئايانماي قىسقارتىشىمىز، ئۆزگەرتىشىمىز، بىر قېتىم ئۆزگەرتكەندىن كېيىن يەنە ئۆزگەرتىشىمىز، ھەتتا تىنىش بەلگىلىرىگىچە ئەستايىدىل ئۆزگەرتىشىمىز لازىم!

مەن مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا يەنە شۇنى چۈشەندىمكى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى ئەسەر دەپ قارالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن تىلىنىڭ پىششىق، تارتىملىقلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. يېزىقچىلىقنى يېڭى باشلىغان ياش ھەۋەسكارلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەر خىل سۈپەت سۆزلەرنى، يېڭى تېرمىنلارنى، كلاسسىكلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىش

بىلەن ياخشى ئەسەر يازغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئورۇنسىز سۈپەتلەشلەر بولمىغان ياكى ئەڭ ياخشى سۈپەتلەشلەر، كلاسسىكلارنىڭ سۆزلىرى مۇتلەق ئىشلىتىلمىگەن ئەسەر ياخشى ئەسەر بولىدۇ، كونىراپ كەتكەن سۈپەت سۆزلەر بىلەن كلاسسىكلارنىڭ گەپلىرى ئەسەرنى ناھايىتى ئوڭايلا تىپىكسىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەسەر تىلىغا ئۆزىمىز باش قاتۇرۇپ ئىشلىشىمىز، ھەرگىز باشقىلار ئىشلىتىپ بولغان سۆز - جۈملىلەرنى ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا ئوغرىلاپ ئىشلەتمەسلىكىمىز لازىم. ھەقىقىي چىرايلىق كىشى ئوپا - ئەڭلىكسىزمۇ، ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرسىزمۇ ھامان چىرايلىق. مەن بۇ داۋلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن سۈپەت سۆزلەرنى ئورۇنسىز ئىشلەتمەيلا قالماستىن، ئەسەر تىلىنىڭ پىششىق، كۈچلۈك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، «لېكىن»، «شۇڭا» دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ، ئىشلەتمىسە بولىدىغانلا بولسا، ئىشلەتمەيدىغان بولدۇم.

ئىككىنچى، مەن ئەسەر تىلىغا ئىشلەشنى مەشق قىلىشتا ھەر خىل ژانىردا ئۇزاق مەشق قىلدىم. مەن ھېكايە، رومان يازدىم، سەھنە ئەسىرى بىلەن لەپەرلەرنىمۇ يازدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا نەتىجىلىك يېزىپ چىقالىغىنىم يوق. لېكىن ھەر بىر ژانىر تىلىغا ئىشلەشنى مەشق قىلىشىمغا ياخشى پۇرسەت بولۇپ بەردى. ھەر بىر ژانىرنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. دراممىنى ئالساق، دىئالوگ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لەپەر بولسا، سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، ئۆزۈم ھەر خىل ژانىردا كۆپ مەشق قىلىش ئارقىلىق (سەھنە ئەسىرى يېزىش بىلەن دىئالوگ تىلىنى، لەپەر يېزىشتىن ئېغىزغا ئاسان چىقىدىغان قاپىيىلىك شېئىرىي تىلىنى) ئۆگەندىم. ئۆزۈمدە ھەر خىل ژانىر تەلەپ قىلىدىغان ھەر خىل ماھارەتنى يېتىلدۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن



تىل ئىشلىتىش ماھارىتىم، سەۋىيەم ئۆستى.

ئۈچىنچى، بۇ ماددىنى گەرچە ئەڭ ئاخىرىغا قويغان بولساممۇ، لېكىن، مېنىڭچە بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە. بىز تىلنى تۇرمۇشتىن ئۆگىنىمىز. شۇنىسى روشەنكى، ئەگەر مەن دېھقاننى يازماقچى بولسام، جەزمەن يېزىغا بېرىشىم لازىم. لېكىن بۇ، يېزىغا بېرىپ دېھقانلار دائىم ئىشلىتىدىغان بىرنەچچە سۆز - جۈملىلەرنى خاتىرىلەپ كەلسەملا ئىش پۈتىدۇ، دېگەنلىكىم ئەمەس، بۇنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق. بۇ چاغدىكى مېنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىم يېزىغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈش بولۇشى كېرەك. «تۇرمۇش تىل دېمەكتۇر» بىرى مەندىن: مەن بېيجىڭدا تۇرىمەن، سىزمۇ بېيجىڭدا تۇرىسىز، بېيجىڭ تىلىنى سىز ناھايىتى ئوبدان ئىشلىتىدىكەنسىز، مەن نېمە ئۈچۈن سىزدەك يازالمايمەن؟ دەپ سورىغانىدى. مەن ئۇ كىشىگە: مەن كەمبەغەللەر كوچىسىنى يازالايمەن، چۈنكى مەن شۇ كوچىدا ئولتۇرغان. مەن «رىكشىچى»نى يازالايمەن. چۈنكى مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم رىكشا سۆرەش بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلىدا يازالايمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. بېيجىڭنىڭ رىكشىچىلىرىمۇ بېيجىڭنىڭ باشقا كىشىلىرىگە ئوخشاشلا «چاي ئىچىۋاتامسىز؟»، «نەگە بارىسىز؟» دېگەندەك بېيجىڭ تىلى (ئامماباب تىل) دا سۆزلىشىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنىلا قوغلاشساق، خاتا قىلغان بولىمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ «كەسىپ تىلى» كۆپ ئەمەس. ئەمما يالغۇزلا «گۈمبە (موگۇ) كۆپتۈرۈش» دېگەندەك بىرنەچچە جۈملە بىلەن رىكشىچىنى سۈرەتلەيمەن دېيىشمۇ توغرا ئەمەس.

رىكشىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشەنگەندىلا، ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى، ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى چۈشەنگىلى

بولىدۇ. بۇ نەرسىگە ئېرىشىش تىل بۇلىقىنى تاپقانلىق بولىدۇ. تىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، ئىدىيىسىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ پروفېسسورىنىڭ گېپى بىلەن «رىكشىچى»نىڭ گېپى ھەرگىز ئوخشاشمايدۇ. تۇرمۇشتىن تىل ئۆگەنگەندە پۇختا ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر كىتابتىن تىل ئۆگەنگەندە چىرايلىق گەپ - سۆزلەر پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەپ، مەقسەتنى قويۇش تەلپىگە يەتكىلى بولمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تىل تۇرمۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، تىل ئۆگىنىش تۇرمۇشقا چۆكۈشتىن ئايرىلمايدۇ.

بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقى ھېچقاچان ئۇنىڭدا بىرمۇنچە تېرمىنلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، مەلۇم سىنىپ ۋە مەلۇم كەسىپنىڭ ئاتالمىلىرى ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىلىنىڭ ئۆز جايىدا، مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مەسىلەن، ئىشچىلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايىنى ئالساق، ئۇنىڭدا زاۋۇتنىڭ كەسپىي ئاتالمىلىرى بىلەن ئىشچىلار ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن گەپلەر قالدۇرماي ئىشلىتىلگەن بولسىلا، ئۇ ياخشى يېزىلغان ھېكايە بولامدۇ؟ ياق! چۈنكى، ھېكايە زاۋۇت لۇغىتى ياكى ئىشچىلار تىلى قامۇسى ئەمەس - تە! ئەسەر تىلىنىڭ ياخشى چىققانلىقى ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قانداق ئەھۋال، قانداق شارائىتتا قانداق گەپ - سۆزلەر ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە ئۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ توغرا، دەل جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. تىلنى قانداق قىلغاندا توغرا، دەل جايىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى يەنىلا شۇ بىر گەپ — تۇرمۇشنى چۈشىنىش. بىر ئىشچىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى يازغاندا، غەزەپ - شىكايەت ناخشىسىنى ئېيتقۇزۇپ قويساق، ئەلۋەتتە بولمايدۇ، غەزەپ - ئاچچىق ئىچىدە



بىر تالاي زاۋۇت گېپىنى دېگۈزسەكمۇ بولمايدۇ، بىز ئاشۇ ئاچچىقى كەلگەن ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشەنگىنىمىزدىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئاچچىقلانغان قىياپىتى بىلەن غەزەپ - ئاچچىق سۆزلىرىنى يازالايمىز. تۇرمۇش — ئەڭ بۈيۈك جانلىق تىل مەنبەسى.

يۇقىرىدىكى تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلىسام، مەشھۇر ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇش، ھەر خىل ژانىردا يېزىشنى كۆپ مەشىق قىلىش ۋە تۇرمۇشقا چۆكۈش لازىم. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشتا قىلىنغان ئەجىر ئەسەر تىلىنى ئىشلەشتە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ.

(«جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابتىن: ھوشۇر ئەخمەت تەرجىمىسى)

# ئىجادىيەتتىكى بىرقانچە مەسىلە①

## جاۋشۇلى

يېڭى قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يېڭى قەھرىمان شەخسلەر بىلەن تونۇشۇش كېرەك. تونۇشۇشنىڭ چېكى — ئۇنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەۋاتقانلىقىغا، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەۋاتقانلىقىغا، كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراشقا بولىدۇ. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇرغۇنلىغان بۇنداق قەھرىمان شەخسلەر بىلەن دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىمىز، ئۇلاردا ئۇلۇغۋار غايە بار، ئۇلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن داۋراڭ سالماي ئىخلاس بىلەن ئىشلەيدۇ، باشقىلار كۆرسىمۇ، كۆرمىسىمۇ ئوخشاشلا ئىشلەيدۇ.

مەن بۇنداق قەھرىمانلارنى ياخشى كۆرىمەن، مەسىلەن، فېڭشۈن ناھىيىسىدىكى ۋۇخۇلى 1944-يىلى ئەمگەك نەمۇنى-

---

① بۇ ماقالە 1959-يىل 3-ئاينىڭ 13-كۈنى شەنشى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆز خاتىرىسى بولۇپ، «ئۇچقۇن» ژۇرنىلى رەتلەپ ئېلان قىلغان. بۇ قېتىم ئايرىم جايلىرى تۈزىتىلىپ توپلامغا كىرگۈزۈلدى.



چىسى بولۇپ، 14 يىلدىن بۇيان ئۆز يۇرتىدا ئامىمنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مەيلى باشقىلار ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىلسۇن-بىلمىسۇن، كۆرسۇن-كۆرمىسۇن، ئوخشاشلا ئىشلىدى. ئۇنىڭ يۇرتى ئەسلىدە بىر قاقاس تاغلىق بولۇپ، تاغدا بىرنەچچە پەلەمپەي ئېتىزلا بار ئىدى، ئادەتتە قاتتىق شامال چىقاتتى. يامغۇر ياغسىلا بىردىنلا كەلكۈن كېلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئامىمنىڭ تاغلىق رايوننى ئۆزگەرتىشكە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇ يەرنى باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرماقچى بولدى. ئۇلار ئون يىلدىن كۆپرەك قاتتىق ئىشلەش ئارقىلىق، ھازىر بۇ قاقاس تاغ جىلغىلىرىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى، قارىغايلارنى تىكىپ، كەلكۈن كېلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامىمنىڭمۇ دارامىتى كۆپىيىپ، ھەر بىر نوپۇسقا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 يۈەندىن تەقسىم بولىدىغان بولدى...

قەھرىمان شەخسلەرنى ئىپادىلەشتە، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق خىسلىتىنى ئۇقتىلىق ھالدا يېزىش كېرەك. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق خىسلىتىنى ياخشى ھەم كېلىشتۈرۈپ يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى چۈشىنىش، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. قەھرىمانلىق خىسلەت ھەر بىر ئادەمدە ئازدۇر-كۆپتۇر بولىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى قەھرىمان ئوبرازلار ئەلۋەتتە تاللىنىپ تىپىكلەشكەن بولىدۇ. بۇ، ئۇلاردا ھەم سوتسىيالىستىك ئاڭ ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلەت بولۇش، ھەم تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بولۇش، ھەم ئىش قىلغاندا ئامىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇش، ھەممە ۋاقىت ئامما بىلەن بىرگە بولۇش، ھەم ئامىمنىڭ ئۈلگىسى بولۇش، ھەم ئامما ئىچىدىكى

بىر ئەزا بولۇش كېرەك، دېگەنلىك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ يېڭى قەھرىمان شەخسلەردە بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالايدۇ. يېڭى قەھرىمان شەخسلەردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى بىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئامما بىلەن دائىم بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. بىز ئادەتتە قەھرىمان شەخسلەرنى يازغاندا، ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمۇللاشتۇرۇشتىن خالى بولالمايمىز، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئامما بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولمىغانلىق، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ خىسلىتىنى، تۇرمۇشىنى، ئوبرازىنى بىلمىگەنلىك...

بىز خىزمەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشىمىز ۋە ئۇلار بىلەن سىرداشىمىز، بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى بەزىلىرى ساڭا ناھايىتى ئوبدان ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، بەزىلىرى ساڭا ئۇنداق ياردەم قىلمايدۇ، ھەتتا سېنى رەنجىتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا يامان كۆرۈپ قالىسەن، شۇ چاغدا ئىدىيە ـ ھېسسىياتىڭدا مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئېنىق بولىدۇ.

1949 ـ يىلى يازغان «بۇمۇ تەجرىبە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ماقالەمدە: خىزمەت جەريانىدا مۇئامىلە قىلغان كىشىلەر دائىم مېڭىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئويلىمايمەن دەپ ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدۇ، ئۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلغان، چوڭقۇر تونۇشقان كىشىلەرنى يازغاندا، ئەسەر بىرقەدەر جانلىق چىقىدۇ، دەپ يازغانىدىم. مەن يەنە: ئۆزۈڭ ھەقىقىي تەسىرلەنگەندىلا، ئاندىن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەرلىك ھالدا سۆزلىيەلەيسەن، ھەر بىر ئادەم ئۆز دوستى بىلەن، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ، سۆزلىشىش جەريانىدا يا ئۇنى ماختىشى، يا ئۇنى تىللىشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇلار ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىشقاندا ناھايىتى جانلىق سۆزلەيدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يېزىپ چىقىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۆزى ئەسەر بولىدۇ، دېگەنىدىم. شۇڭا مەن، «قەھرىمان شەخسلەرنى يېزىش يالغۇز يېزىش ئۇسۇلى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، ئاساسلىقى شۇ كىشىنىڭ قەھرىمان بىلەن بىرلىشىش ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيۈش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى مەسىلىسى دەيمەن» ئەگەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي يېزىقچىلىق جەھەتتە رامكا تۈزۈپ قويساق ياخشى بولمايدۇ.

بەزىلەر: مەنمۇ يامان يازمىغان، لېكىن مېنىڭ يازغان نەرسەمنى چۈشىنەلمىدى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەك تۆۋەن، مېنىڭ ئەسىرىمنىڭ تىلى گۈزەل ھەم ئىلمىي، ئامما ھازىر قوبۇل قىلالمىسا، كەلگۈسىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەندىن كېيىن قوبۇل قىلالايدۇ، ئەگەر ئاممىنىڭ ھازىرقى ئاساسىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، ئۇ «رايىغا باققانلىق» بولىدۇ، ئاممىنىڭ رايىغا بېقىش توغرا ئەمەس، دېيىشىدۇ. مەن بۇ خىل كۆز قاراشقا قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېغىز تىلىغا ئوخشىشى كېرەك، ئېغىزدا سۆزلىگەندە ئامما ئۇقالايدۇ، يېزىلغان نەرسىلەرنى مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئامما كۆرەلەيدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا يازغان ئەسەرلىرىمىزنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكۈزەلەيمىز. ئەگەر تىلنى ئىككىگە ئايرىپ، سۆزلىگەندە بىر خىلىنى، يازغاندا بىر خىلىنى ئىشلەتسەك مېنىڭچە ئانچە ياخشى بولماس. «خەلق گېزىتى» دە «چىرايلىق سۆزلەر بىلەن باش قىلارغا پوپوزا قىلىش» دېگەن بىر ئېيتىشىش بېسىلدى، ئۇنىڭدا شەرق تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرىدىغان كىچىك ئاپىسى بالىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ ناھايىتى قارشى ئالىدۇ، لېكىن مۇنداق

دەيدۇ: «مېنىڭ بۇ قەدىمىي ھۇجرامغا مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان كىچىك ئاپامنىڭ شەرەپ بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى بەخت دەپ ھېس قىلماقتىمەن.» بۇنداق تىلنى ئىلمىي ئەمەس دېيىشكە بولماس! لېكىن، بۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئاپىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقىتتا سۆزلىشىدىغان سۆز بىلەن پەرقى ناھايىتى چوڭ. ئاممىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئورۇندا شۇنداق سۆزلىشەمدۇ - يوق، مېنىڭچە ناتايىن.

ئاممىنىڭ تىلىنى چوقۇم ھازىرقى ئاساستا ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاممىنىڭ تىلىمۇ چوقۇم تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆسىدۇ ۋە بېيىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئاممىۋىي سۇلفاتنى ئالساق، بۇرۇن ئۇ ئامما ئارىسىدا يوق ئىدى. ھازىر يېزىلاردا ئاممىۋىي سۇلفات دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بەزى سۆزلەرنى كىشىلەر دەسلەپتە توغرا، چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ سۆز كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا چۈشىنىدۇ. بەزىلەر: ئاممىنىڭ تىلى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچى زىيالىيلار تىلىدەك كۈچلۈك ئەمەس، دەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاممىنىڭ تىلى ئىنتايىن باي تىل. لاۋشې ئەپەندىم بىر قېتىملىق سۆزىدە مۇنداق كۈلكە قىلغانىدى: «سەن ئامما تىلىغا باي ئەمەس دەيدىغان بولساڭ، بېيجىڭدىكى دازا قورۇسىغا بېرىپ، بىر قېرى خوتۇن بىلەن تىللىشىپ باق، قېنى قايسىڭلار تىلغا باي ئىكەنسىلەر، ئۇ خوتۇن سېنى گەپ يوق ئۈچ سائەت ئاغزى بېسىلماي تىللىيالايدۇ. ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن جانلىق ۋە ئىنتايىن گۈزەل تىللار تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن شۇ تىللارنى ئىشلەتمەيمىز؟ ئەگەر ئاممىنىڭ تىلىنى بىلمىسەڭ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭ كېرەك»

ئامما ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىمىز دەيدىكەنمىز،



ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈشىمىز، ئاممىنىڭ نەرسىلىرىگە قىزىقىشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بىر كۆرۈپلا سەۋىيىسى تۆۋەن ئىكەن دەپ زېرىكمەي، ئۇنىڭدىكى قائىدىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىشىمىز، ئاممىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، كىشىلەر خېنەن باڭزىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن، بەزىلەر ئۇنى ناھايىتى ئاددىي، ئەربىنىڭ ناخشىلىرىغا يەتمەيدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە كىشىلەرنىڭ خېنەن باڭزىسىنى ياخشى كۆرۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئوقۇلۇۋاتقان ناخشىسىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ناھايىتى ئېنىق بولغانلىقىدا.

ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يالغۇز زاۋۇتلارغا، يېزىلارغا بېرىپ، ئاممىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، شۇ بويىچە ئىشلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بىز يەنە ئامما بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز، بۇنى تۇرمۇشتىكى مۇھىم بىر قىسىم دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ھازىر بىز ھەر يىلى ئامما بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەكىتلەۋاتىمىزغۇ؟ بۇ تۈزۈمدە چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز، مەڭگۈ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىپ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بىزنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمىز ئامما بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ئىدىيە - ھېسسىيات جەھەتتە يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئەسەر يازغاندا قايسى خەتنى ئىشلىتىش كېرەكلىكى، قايسى خەتنى ئىشلەتمەسلىك كېرەكلىكى، قايسى سۆزنى قانداق ئېيتىش، قايسى سۆزنى بۇنداق ئېيتماسلىق كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ ۋاقىتتا شەرق تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرىدىغان كىچىك ئاپا يەنە ئۆيىمىزگە كەلگەندە چوقۇم: «كىچىك ئاپا، كەلدىڭىزمۇ؟» دەيمىز، ھەرگىزمۇ: «مېنىڭ بۇ قەدىمىي ھۇجرامغا مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك

بولغان كىچىك ئاپامنىڭ شەرەپ بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى بەخت دەپ ھېس قىلماقتىمەن»، دېمەسلىكىمىز مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئاندىن كېيىن شۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ماھارەت مەسىلىسى بەلگىلەيدۇ. يالغۇز ماھارەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇن بىلەن كارى بولمىغاندا، ياخشى ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ. دۇگخۇڭ ئەپەندى ئەسەر يېزىشنى — قانداقلا نەرسە بولمىسۇن شۇنى تۇتۇۋېلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىش ئۇسۇلى، دەپ يىغىنچاقلىغان. ئەسەرنىڭ يالغۇز چۈشىنىشلىك بولۇشىنى، ئوقۇغاندا جاراڭلىق بولۇشىنىلا ئىزدىگەندە ئەسەر قۇرۇق، تەمسىز بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنى ياخشى ئەسەر دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ يازغان ئەسىرىنىڭ خېتى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى مەزمۇنلۇق، بۇنداق ئەسەرلەرنى گەرچە ئۇنچىلىك ياخشى دەپ ھېسابلىمىغاندىمۇ، لېكىن ئۇلار يېزىق جەھەتتە تىرىشىدىغانلا بولسا، قۇرۇق گەپلا قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ چېنىقىشىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن كىشىلەرگە قارىغاندا تېز ئالغا باسىدۇ.

مەن يېزىقچىلىق ماھارىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ باقمىدىم. مېنىڭ يازغان ئەسەرلىرىمدە ماھارەت بارمۇ - يوق، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. شۇڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق توختالمايمەن.

مېنىڭچە يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىدۇرۇشكە بولىدۇ: بىرى، ئەسەر ئۈستىدىكى ماھارەت، بۇنداق ماھارەت ئەسەرنى ئوپېراتسىيە قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئاساسىي ئىدىيىنى تەھلىل قىلىش، تېمىنى بىر تەرەپ قىلىش،



پىچىش، قۇراشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر ئومۇمىيۈزلۈك قائىدىنى چۆرىدىگەن نەرسە بولۇپ، بۇ مەسىلىنى ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇغاندا چۈشەنگىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، قانداق يېزىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا، مۇئەييەن قائىدە بولمايدۇ ھەم «ئىجادىيەت قائىدىسى» دېگەن نەرسىمۇ بولۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر ھەممەيلەن تەييار قائىدە بىلەن يازىدىغان بولساق، ھەممىسى ئوخشاشلا بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇنى ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مەن ئالدى بىلەن بەزى كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇرۇن بىر ئەپەندى مۇنداق دېگەنىكەن: «ئۈچ يۈز كۇپلېت تاڭ شېئىرلىرىنى سۇدەك ئوقۇيالىغۇدەك بولغاندا، ئەپلەپ - سەپلەپ شېئىر يازغىلى بولىدۇ».

بۇ گەپنىڭ يولى بار، ھەقىقەتەن كىتابلارنى كۆپ كۆرسە شۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا بىرەر ئۇسۇل ئىزدەپ تاپالايدۇ، مەسىلەن، تىياتىر كۆرۈشنى ئالساق، تىياتىرنى كۆپ كۆرگەن كىشى كەسىپ ئەھلى ئەمەسلىكتىن، ئاستا - ئاستا كەسىپ ئەھلى بولۇپ قالىدۇ، دەسلەپتە تىياتىرلارنى قىزىقىپ كۆرگەن ئادەم، كۆپ كۆرگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا تىياتىر ئۆمىكىگە، ئارتىسلارغا ۋە دراممىغا باھا بېرەلەيدىغان بولىدۇ، ئەسەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، كۆپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىيالايدۇ، يازغان ۋاقىتتىمۇ مەلۇم چارىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر كىتاب كۆرمەي، ئەسەرنى قانداق يېزىش توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن دېسە، ئۇ چاغدا قىڭغىر يولغا كىرىپ قالىدۇ.

يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە بەلگىلىك يېزىقچىلىق سەۋىيىسىگە ئىگە يولداشلار مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بىراق، ئەدەبىي

ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلغاندا، نەزەرىيە جەھەتتە چەت ئەلنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ مىسال ئېلىپ، جۇڭگونىڭكىدىن ئاز مىسال ئالغاندا كىشىلەر ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ، چەت ئەلنىڭكىدىنمۇ مىسال ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلارغا يېقىملىق ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭكىدىنمۇ مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. بىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ، زىيالىيلار ئەدەبىياتقا دائىرلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن باي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماھارەت جەھەتتىمۇ خېلى يۇقىرى. مۇشۇ جەھەتتىكى نەرسىلەرنى تېپىپ، كۆپچىلىككە كۆپرەك تونۇشتۇرساق پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتىدا ماھارەتكە دائىر ئېچىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، بۇلار جىددىي تەتقىق قىلىشقا موھتاج بولۇپ تۇرماقتا، يېقىندا مەن بەزى ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ماھارىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە بەكمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، كونا تىياتىرلارنىڭمۇ ياخشى يېزىلمىغانلىرى بار. بىز بارلىق كونا ئەسەرلەرنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كە ئوخشاش يېزىلغان بولسا ئىكەن، دەپ ھېس قىلماسلىقىمىز كېرەك. بەزى ماھارەت «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە يوق، لېكىن باشقا ئەسەرلەردە بار. شۇڭا ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى، خەلق ئەدەبىياتىدىكى نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىشىمىز كېرەك...

بىز يەنە ئاممىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئامما ئارىسىدا نۇرغۇن تالانتلىق كىشىلەر بار. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر يېرىم تەييار مەھسۇلات بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇق تەركىب ناھايىتى كۆپ، ئۇ بىزگە ئىلھام بېرىدۇ، مېڭىمىزنى ئاچىدۇ،



پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز تېخىمۇ كەڭرەك بولىدۇ، بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلاردىن ئوزۇقلىنىپ يازىدىغان بولساق ئەسىرىمىزنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىيدۇ، تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ، يېزىقچىلىق — ئىجادىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دېمەسلىك، دورامچىلىق قىلماسلىق كېرەك. مېنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتە بىر ئادىتىم بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار يېزىپ بولغان نەرسىنى قايتا يېزىشنى خالىمايمەن. مەن بىر نەرسە يېزىشنى پىلانلاپ، قانداق يېزىش ئۈستىدە تەييارلىق كۆرۈۋاتقىنىمدا، ئەگەر باشقىلار شۇنى يېزىپ قالسا، تۈزگەن پىلانىمنى ئۆزگەرتىمەن. مەن يېزىشتىن بۇرۇن ئوخشاش خاراكتېردىكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىشنى خالىمايمەن، يەر ئىسلاھاتى، ئىنتىقام ئېلىش، قەد كۆتۈرۈش قاتارلىق ئۇلۇغ ھەرىكەتلەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، باشقىلار بىر نەچچە پارچە يېزىپ بولغانلىقى ئۈچۈن مەن يازمىدىم. باشقىلار بۇ يولدا ماڭسا، مەن باشقا بىر يول تېپىپ مېڭىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن. باشقىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆرۈپ بەرسە، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەلۇم ياردىمى بولىدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ يېزىش ئۇسۇلىنى دورىماسلىق كېرەك. باشقىلار بىر خىل يازسا، سەنمۇ شۇ خىلدا يازماي، باشقا بىر خىلنى تېپىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «ئىجادىيەت» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىجادىيەت دېسە ئۇنى بەك سىرلىق، يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى بولمايدىغان نەرسە دەپ قارىماسلىق كېرەك. لېكىن بەكمۇ ئاددىي چاغلاپ، قەلەمنى ئېلىپلا ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋېتىمەن دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەگەر ياخشى بىر نەرسە يېزىپ چىقماقچى بولىدىكەنمىز، جاپالىق ئىزدىنىشىمىز، قايتا - قايتا ئويلىنىشىمىز كېرەك.

(«خەلق ئەدەبىياتى» نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىلى نەشر قىلغان «ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق توپلامدىن: تۇردى تەرجىمىسى).

## «ئاڭ ئېقىمى» توغرىسىدا يېزىشقان خەتلەر

### ۋاڭ مېڭ

يولداش ۋاڭ مېڭ، ياخشىمۇ سىز؟

«كېچىنىڭ كۆزى» دېگەن ئەسىرىڭىز «نۇر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شيامېن داشۆ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ساۋاقداشلار تالىشىپ كۆردۇق. نۇرغۇن كىشىلەر سىزنىڭ بۇ ھېكايىڭىزنى ياخشى كۆردۇ. لېكىن تازا چۈشىنەلمىدۇق، باش تېمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار. بىز بۇنى سىزنىڭ يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولغان ئاڭ ئېقىمىنى قوللانغانلىقىڭىزدىن دەپ ئويلايمىز. ئاڭ ئېقىمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بەزىدە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەيدۇ ياكى ئۇنى بىلەلمەيدۇ ۋە ياكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ھەددىدىن زىيادە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىز سىزنى چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مودېرنىستلارنىڭ بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئاڭلىق ھالدا قوللاندى، دەپ ھېسابلايمىز. سىزنىڭ بۇ جاسارىتىڭىزگە ئىنتايىن قايىلمىز، سىزنى ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، دەپ ھېس قىلىمىز. سىزنى ئەدەبىيات ساھەسىدە يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ يېڭى بەدىئىي ئۇسۇل ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلغان



يازغۇچىلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋارىسچانلىققا ئىگە، ئۆزگىرىشچانلىققىمۇ ئىگە، دەپ قارايمىز. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىلىم - پەننىڭ ئىلگىرىلىشى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەممىشە بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رامكىلىرىنى كۆپ تەرەپلەپ بۆسۈپ ئۆتۈشىنى، ئۆتكەندىكى ۋە ھازىرقى باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئىچىدىن تولۇقلىما ۋە ئەيىنەك تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاڭ ئېقىمى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭ كىتابخانلارغا پايدىسى بار، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ خەت يېزىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

شيامېن داشۆسىدىن

تيەن لىۋى، يې زىخۇا.

ساۋاقداش تيەن لىۋى، يې زىخۇا:

ئەۋەتكەن خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. «كېچىنىڭ كۆزى» ھەققىدە شۇنچىۋالا قىزغىن، ئەمما ئاشۇرۇۋېتىلگەن سۆزلىرىڭلار ئۈچۈن رەھمەت.

ھېكايە يازىدىغانلار ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۇنچىۋالا بىلىپ كەتمىسە كېرەك، كۆپ ئادەم ھېكايە يازىدۇ، ھېكايە يازمايدىغانلار بۇ ھېكايىلەرنى ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن تەھلىل قىلىدۇ. ئۆزئارا پەرقلەندۈرىدۇ، يىغىنچاقلايدۇ، تىپلارغا بۆلىدۇ.

يېزىۋاتقان چاغدا ئويلىنىدىغىنى ماتېرىيال، يەنى كەيپىيات ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇشنىڭ رەڭ - جۇلاسى بىلەن مۇقامى، مۇددىئا بىلەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەي

دىغان ئۇسۇلمۇ تاللىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ماتېرىيالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇسۇل ئىككىنچى ئورۇندىكى نەرسە (تار مەنىدىكى ماتېرىيالنى دېمەكچىمەن.)

مەن ئاڭلىق هالدا هەر خىل ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئەسەر يازىمەن، سىناپ كۆرمەمدۇق. «كېچىنىڭ كۆزى» بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك ئېلان قىلىنغان «ناخشا پەرى»، «چىن قەلبىمدىن»، «دوست ۋە تاماكا» دېگەن ئەسەرلىرىم بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، «كېچىنىڭ كۆزى» ئۇلارغا تېخىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مەن ئالدىنقى مەزگىللەردە چەت ئەلنىڭ بەزى «ئاڭ ئېقىمى» هېكايىلىرىنى ئوقۇدۇم. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن خۇددى سىلەرگە ئوخشاش، باشلىرىم قېيىپ كەتتى. مەن ئەلۋەتتە بۇنداق كېسەلمەن، ئۆزگەرگەن، سىرلىق ياكى يېگانە پىسخىك هالەتنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئەمما ئۇ ماڭا ئازراق ئىلهام، يەنى ئادەمنى يېزىش تۈيغۇسىنى بەردى.

تۈيغۇنى بەزىلەر بىۋاستە بەدىئىي سېزىم دەيدۇ. ماتېرىيالىزم بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى، تۇرمۇشنى، ئوبيېكتنى بىرىنچى دەقىقە ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر. ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى پىئانىنو دېيىلسە، تۇرمۇشتىكى هەر بىر ئادەم، هەر بىر ئىش، هەر بىر سۈرۈننى ئايرىم - ئايرىم كىچىك ئۇرغۇچلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، قەلبتىن ئىبارەت بۇ پىئانىنونى ئۇرغاندا چىققان تۇنجى ئاۋاز تۈيغۇ بولىدۇ.

ئادەم پەقەت تۈيغۇغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئىدىيىگىمۇ ئىگە، بارلىق «كىچىك ئۇرغۇچلار» نورمال چوڭ مېڭە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ، هەزىم قىلىنىدۇ، تەشكىللىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق رەتلىنىدۇ، قائىدىلەشتۈرۈلىدۇ. رەتلەنگەن، قائىدىلەشتۈرۈلگەن بۇنداق «چوڭ ئۇرغۇچلار» پىئانىنوغا ئۇرۇلىدۇ - دە، تېخىمۇ جاراڭلىق، تېخىمۇ مەقسەتلىك ئاۋاز چىقىدۇ، بۇ ئىككىنچى ئاۋاز-



دىن ئىبارەت. ھالبۇكى ئۇ هامان تۇنجى ئاۋازغا خاس بولغان يېڭىلىقنى، جانلىقلىقنى، تەۋرىنىشچانلىقنى، بىھېسابلىقنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئەگەر يازغۇچى ئىنتايىن ئەقىللىك، ئىنتايىن پىكىرلىك، ئىنتايىن تەجرىبىلىك (تۇرمۇش تەجرىبىسى) بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنقىلابىي نەزەرىيە، ئىلغار دۇنيا قاراش خۇددى ماركا، ئايەت ۋە يۈزى بىلەن ساغرىسىغا چاپلىۋالىدىغان دورا مەلهەمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قان - گۆشىگە، ئەسەبىيلىرىگە، بەش ئەزاسى بىلەن روهىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇ هالدا بۇ تۇنجى ئاۋاز بولغان تەقدىردىمۇ ئەسلا يۈزەكى، تامامەن قالايمىقان، تامامەن پارچە - پۇرات نەرسە بولمايدۇ. بۇ هەرىكەتچان، ئەمما كۆپ خىللىق تۇنجى ئاۋاز ئىككىنچى ئاۋازغا ئۆتكەن ئامىللار بىلەن تولۇپ - تاشقان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە هەرقانداق ئادەمنىڭ بىۋاستە تۈيغۇسى، مەيلى نوقۇل، هايت - هۇيت دېگۈچە يوقىلىپ كېتىدىغان تۈيغۇ بولغان تەقدىردىمۇ، تۈيغۇ ئىگىسىنىڭ قەلبىنى، ئىدىيىسىنى، نۇقتىئىنەزەرىنى، خاھىشىنى، تەربىيىلىنىشىنى، هەۋىسىنى، مىجەزىنى، پەزىلىتىنى ئاز ياكى كۆپ، تېيىز ياكى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قەلبتىن ئىبارەت بۇ ئەينەك هامان ئەينەكتىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ، قەلبتىن ئىبارەت بۇ پىئانىنونىڭ هامان ئۆز ئالدىغا ئوخشاشمىغان ئۆلچەملىرى بولىدۇ.

بۇنداق سۆزلىسەك ئىشەنچسىزرەك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مىسال كەلتۈرەيلى. ئالايلۇق، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ نەسرىي شېئىرى «ياۋا گىيا»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تۈيغۇ يېزىلغان، ئۇنى بىراقلا «ئاڭ ئېقىمى»دىكى ئەسەر دېيىشمۇ بولىۋېرىدۇ... «كۈز كېچىسى»، «ياخشى هېكايە»، «قار» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ هەممىسى مۇشۇنداق يېزىلغان. بەزى كىشىلەر لۇشۈن ئۇنىڭدا «ئاللىگورىيىلەيدۇ»، ئەستەرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ، دەپ هېساب-

لاپ، تۈرلۈك - تۈمەن چارە - ئۇسۇللار بىلەن «چىلان دەرىخى»نىڭ نېمىگە دارىتمىلانغانلىقىنى، «كىچىك قىزىل گۈل» نىڭ نېمىگە دارىتمىلانغانلىقىنى، «غەلىتە قۇش» نىڭ نېمىگە دارىتمىلانغانلىقىنى دەلىللىگۈسى كېلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنى - بۇنى قويۇپ، لۇشۈن مەنزىرىنى، تەبىئەتنى يازغان، «ئۇنىڭدا ھېچقانداق باش تېمىلىق ئىدىيە» يوق دەيدۇ. بۇنداق دېيىشنىڭ ھەرقاندىقى توغرا ئەمەس (مېنىڭ 60 - يىللاردا يازغان «قاردىن كەلگەن تەسەۋۋۇرلار» دېگەن ماقالەمگە قاراڭ، بۇ ماقالە «گەنسۇ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىل 7 - سانىغا بېسىلغان). لۇشۈننىڭ يازغىنى ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى، يەنى〈«ھېس قىلىشقىلا بولىدىغان، سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدىغان» تۇيغۇسىدىن ئىبارەت〉.

ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا «سۆز بىلەن ئىپادىلەش» كە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

لى شياڭيىننىڭ ماۋزۇسىز شېئىرىنىمۇ مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

شولوخوۋ: ئاكسىنىيە ئۆلگەندىن كېيىن گرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندىكى قارا قۇياشنى كۆردى، دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدا تۇيغۇ يېزىلغان. ئەگەر قۇياش ئەينەن يېزىلسا، چوغدەك قىزىل، ئالتۇندەك قىزىل، سارغۇچ ياكى ئاقارغان، تاتىراڭغۇ... ياكى ھەرقانداق باشقا رەڭلەردە يېزىلىدۇ. ئەمما قۇياشنى ھەرقانداق قىلىپمۇ قارا رەڭلىك دەپ يازغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «ئاڭ ئېقىمى» دىكى تۇيغۇنى يېزىش بىمەنىلىك - تايپىسىزلىق ئەمەس، سۆزسىز چۈشكۈنلەشكەنلىك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىق، روھچىلىق، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا ساراڭغا ئايلىنىش ياكى ئۆيدىن تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىشمۇ ئەمەس.



ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىدا تەسەۋۋۇر ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ، بۇمۇ كىشىلەرنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىدۇ.

تەسەۋۋۇرنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى تەپەككۇردىكى ھەممىبابلىق، ئەقلىي يەكۈن، ھۆكۈممۇ ئەمەس؛ ئەسلەش، بايان قىلىش، تەسەۋۋۇردىكى ئەسلى بار بولغان ياكى توقۇلما قىلىنغان شەيئىنىڭ زامان بىلەن ماكان شەكلىدە پەيدا بولغان ئىنچىكە پائالىيىتىمۇ ئەمەس؛〈ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ئادەم قەلبىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرى، ئەركىن پەرۋازىدىن ئىبارەت〉رېئال ماتېرىيال تەسەۋۋۇرنىڭ قايتا شەكىللىنىشى ئارقىلىق تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەرگە ئوخشاش يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىچە جۇلالىنىدۇ. ئۇ، قارىماققا چۇۋالچاقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىچكى بىرلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. جۇڭگو ئەدەبىياتى تەسەۋۋۇرغا ئىنچىكە ھالدا، ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، «بايان، تەمسىل، جانلاندۇرۇش» تىكى جانلاندۇرۇش تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. «جانلاندۇرۇش» بىلەن «تەمسىل» ئۆزئارا زور پەرققە ئىگە، «تەمسىل» دە باش تېما بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ ئوبراز ئارقىلىق باش تېمىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كونا ئىسمى «ئاڭدىكى ئوبراز»، ئەمدى «جانلاندۇرۇش» بولسا «ئوبرازدىكى ئاڭ»، يەنى بۇ، ئوبراز بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېگەنلىك بولۇپ، مەنە ئوبرازدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ.

«ھەرىكەتچانلىق»قا كەلسەك، ئۇ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلار ئەزەلدىن دۇنيا (جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى) ھەرىكەتچان، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۇ ئىچكى پەرقلەر، يەنى زىددىيەت، كۈرەش، ئۆزگىرىش، ئۆتۈش، سەكرەشلەرگە تولۇپ تاشقان دەپ ھېسابلايدۇ. ئەلۋەتتە ھەرىكەتچانلىق ئىچىدە نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە نەرسىلەرمۇ، ھەش - پەش دېگۈچە يوقىلىپ كېتىدىغان تۇيغۇلارمۇ بولىدۇ. تەسىرات ئۇزاق-

ئىچە يوقالمايدىغان، ھەتتا مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

مەن نەزەرىيىچى بولمىسام‌مۇ «ئاق ئېقىمى»غا بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم دۇنيا قارىشى بويىچە تەھلىل قىلىشنى، ئۇنىڭدىكى مۇۋاپىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ خىلمۇخىللىققا ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى ئادەم روھىيىتىنى تېخىمۇ بىمالال، تېخىمۇ ئەينەن، تېخىمۇ ئىنچىكە يارىتالايدىغان قىلىشىمىز لازىم.

پسىخىك تەسۋىر ھەققىدىمۇ توغرا پوزىتسىيە بولۇشى لازىم، چەت ئەل ئەسەرلىرىدىكى ئابزاس - ئابزاسلاپ يېزىلغان پسىخىك تەسۋىرلەرگە ھەيران بولۇپ كېتىش ياكى مۇنداق پسىخىك تەسۋىرلەرنى پۈتۈنلەي مەسخىرە قىلىش ۋە ياكى جۇڭگونىڭ پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا پسىخىك تەسۋىرنىڭ يوق بولۇشىدا، دەپ قاراملىق ۋە كۆرەڭلىك بىلەن ئېلان قىلىش تولىمۇ يېنىكلىك بولىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھازىرقى زامان ئىشلىرىنىڭ ھايات تەجرىبىسىنى ۋە شۇ ئارقىلىق پسىخىك پائالىيىتىنى زور دەرىجىدە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرىراق كىشىلەرنىڭ پسىخىك پائالىيىتى مولراق بولىدۇ. ئىشچى - دېھقانلارنىڭ زوقلىنىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىشچىلار مەدداھلىق كىتابلىرىنىلا ياقتۇراتتى، ھازىر نۇرغۇن ئىشچىلار (بولۇپمۇ ياش ئىشچىلار) «ئاق ئېقىمى» دىكى ھېكايىلەرنى ماختىشىپ ئوقۇۋاتىدۇ. لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تۈرلۈك - تۈمەن ئۇسۇللار ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىنز-



زەت - نەپسىنى دەپسەندە قىلدى، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يوققا چىقاردى، ئادەمدە بىر قانداق پسىخىك پائالىيەتنىڭ، تۇيغۇ، زوق - ھەۋەس، تەسەۋۋۇر ۋە ئىستەكنىڭ بولۇشىغا ئەسلا يول قويمىدى، ئۇلار ئادەمنى قوپال، قاشاڭ، بىخۇد بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى مىجەز - خۇلقى، مەنىۋى مۇھىتى، روھىي دۇنياسىنى يېزىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى، بۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يۈكسەك ۋە جاپالىق بولغان «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» لىق ۋەزىپىنى ئادا قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپلىگەن ياشلار پسىخىك پائالىيەت تەسۋىرلەنگەن ھېكايە، شېئىر، كىنولارنى ياقتۇرۇپ كۆرمەكتە. كۆپلىگەن ياشلار «ئاق ئېقىمى» نىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ تاسادىپىي ئەمەس، كىتابخانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا «ئاق ئېقىمى»دىكى ئەسەرلەرنىڭ نۇقسانى شۇكى، ئۇ، ئادەتلەنمىگەنلەرنى ئوڭايلا گاڭگىرىتىپ، ئېسەنگىرىتىپ قويىدۇ. ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ ئىنتايىن پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھەتتا نەقلىي يەكۈن چىقىرىش، تەھلىل قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ، «بىرىنچى ئاۋاز»نى قانداق قىلىپ «ئىككىنچى ئاۋاز»غا ئايلاندۇرۇش، ھېسسىي بىلىشنى قانداق قىلىپ ئەقلىي بىلىشكە ئايلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ئەڭ زور دەرىجىدە كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ نەقەدەر بۈيۈك لەززەتلىنىش خۇشاللىقى - ھە!

ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىش بىلەن ئەينەك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلدىكى خەۋپ - خەتەرنىمۇ تولۇق كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز ئۇنداق تىلسىماتلىق، ئىدراككا قارشى تۇرۇش كۆز قاراشلىرىغا ئەسلا قوشۇلمايمىز. بىز تۇيغۇ، تەسىرات، تەسەۋۋۇرلار بىلەن

پىكىر يۈرگۈزۈشتە، ئۇقۇم، ھۆكۈملەرنى بىر - بىرىگە قارشى قوي-
ماسلىقىمىز لازىم، ئالدىنقىسى دەل كېيىنكىسىنىڭ ئاساسى، كېيىن-
كىسى بولسا ئالدىنقىسىنىڭ نەتىجىسى، دەپ ھېسابلايمىز. بىز
ئەسەر ئىدىيىگە ئىگە بولۇشى، باش تېمىغا ئىگە بولۇشى لازىم،
ئەمما باش تېما ئاددىيلىقتا بىر جۈملە سۆز بىلەنلا يىغىنچاق-
لىنىدىغان، تېيىزلىكتە بىرلا قاراش بىلەن كۆزگە تاشلىنىدىغان
بولماسلىقى لازىم، دەپ ھېسابلايمىز. بىز بۇ يەردە خىيالپەرەس،
كېسەلمەن، ئېسىرى بارلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىۋات-
مايمىز. بىزنىڭ ئانچە - مۇنچە «ئاڭ ئېقىمى» بىلەن شۇغۇللىنىش-
مىز، تەلۋىلىك قىلىشىمىز ھەسرەت - نادامىتىمىزنى چىقىرىۋالماقچى
بولغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ تەمكىن، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ
تولۇق، تېخىمۇمەدەنىي روھنى يارىتىش ئۈچۈندۇر. بىز يەنە پسىخو-
لوگىيە بىلەن تۇرمۇشنى، تۇرمۇش بىلەن جەمئىيەتنى قارىمۇ قارشى
قىلىپ قويۇشقا قوشۇلمايمىز، بىز پسىخولوگىيە، تۇيغۇ، ئاڭنى يازغان
چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق، بىز پەقەت يازغان
نەرسىلىرىمىزنىڭ قالتىس ئىنچىكە، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ
ئالاھىدىلىككە ئىگە، تېخىمۇ «تەم»لىك بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىمىز،
خالاس. شۇڭا بىزنىڭ «ئاڭ ئېقىمى»مىز كىشىلەرنى رېئاللىقتىن
قاچۇرۇپ، ئىچكى دۇنياغا باشلايدىغان «ئاڭ ئېقىمى» بولماستىن،
بەلكى كىشىلەرنى ئوبيېكتىپ دۇنياغىمۇ، سۇبيېكتىپ دۇنياغىمۇ يۈز-
لەندۈرىدىغان، تۇرمۇشنىمۇ، ئادەملەرنىڭ قەلبىنىمۇ سۆيىدىغان
ساغلام ۋە تولۇق، ئۆز - ئۆزىنى سېزىدىغان تۇيغۇدىن ئىبارەت.

ئەڭ ئاخىرىدا، باشتا قىلغان سۆزىمىزگە قايتايلى، ئىجا-
دىيەت مېتودى ئۇسۇلى يەنىلا مەزمۇنغا بويسۇنىدۇ. ئەگەر
شەكىلۋازلىق قىلىنىدىغان بولسا، پەقەت يۈزەكى نەرسىلەرلا
ئۆگىنىۋېلىنىدۇ - دە، بەزى كىنولاردىكى «ئاستا قوغلاش» (تېز



تارتىپ ئاستا قويۇلىدىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ قوغلىشىش
كۆرۈنۈشى) تەك تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. قوبۇل
قىلىش بىلەن ئەينەك قىلىشتا ھەزىم قىلىش بولۇشى، ئۆزىمىز
ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، ئىجادىيەت
بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ «ئاڭ ئېقىمى» ئۇسۇلى-
نىڭ چەت ئەللەردە تازا گۈللىنىپ چېكىگە يەتكەندىن كېيىن
خاراب بولغانلىقىنى ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن كۆزەتمەكتىمىز،
«ئەجنەبىيلەرنىڭ پايتىمىسىنى قانداقمۇ گالستۇك ئورنىدا
ئىشلەتكىلى بولسۇن؟»

ياشلارنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئىجادىيىتى توغرى-
سىدىكى پىكىرلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمەن.
سىلەرگە خەيرلىك تىلەپ:

ۋاڭ مېڭ

1979 - يىل 9 - دېكابىر.

(«ۋاڭ مېڭنىڭ مەخسۇس توپلىمى» دىن ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى)

# «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» ھەققىدە قىسقىچە پاراڭ

## ۋاڭ مېڭ

يىگىرمە ئۈچ يىل بۇرۇنقى مەشقىي ئەسىرىم — «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» نىڭ (ئېلان قىلىنغان چاغدىكى ماۋزۇسى «تەشكىلات بۆلۈمىگە يېڭى كەلگەن ياش» بولۇپ، 1956 - يىلى «تاللانما ھېكايىلەر» گە كىرگۈزۈلگەندە، ئەسەرنىڭ بۇ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يېقىندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان يېزىلغان ھېكايىلەردىن تاللىنىپ نەشر قىلىنغان توپلامغا ئېلىنغىنىمۇ كېيىنكى نەشرى) «سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن» لىكى تېخى يېقىندىلا ئېلان قىلىندى. مەن بۇ يەردە ھېكايىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى ئۈستىدە توختالماستىن، پەقەت ئۆتكەندە خاتا چۈشىنىلگەن بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدىلا توختالماقچىمەن.

### دارىتىملاش

1957 - يىلىنىڭ بېشىدا بىر تەنقىدىي ماقالىدە: «ئەسەردىكى دارىتىملاش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ» دېيىلدى. ئۇ



چاغدا بەزى دوستلىرىم يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن «دارىتىملاش» دېگەن سۆزگە تولىمۇ غەزەپلەندى. ئەمما، مەن بىرئازمۇ غەزەپلەنمىدىم، چۈنكى — ئېيتىپ كەلسەم خىجالەت بولىمەن — ئۇ چاغدا مەن تېخى «دارىتىملاش» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم، بۇ سۆزنىڭ كەينىدە بۇقسۇپ تۇرغان بالا - قازانىڭ ھىدىنى ھىدلىيالمايتتىم. مېنىڭ ھېكايەمدە نۇقسانلار، قاراڭغۇ تەرەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنچى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى دادىل، توپتوغرا، ھېچقانداق خۇدۇكسىز يېزىلغان تۇرۇقلۇق دارىتىملاشنىڭ ماڭا يەنە نېمە كېرىكى بولسۇن؟ دارىتىملاش مۇددىئاسى يېپيۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دارىتىملاشنىڭ قانۇنىيىتى قەدىمكىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى مەسخىرە قىلىش، يىراقتىن ئەگىتىپ كېلىپ يېقىننى كۆرسىتىش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سۆزلىگەن بولۇپ سىياسىي ھاياتنى كۆرسىتىش بولىدۇكى، بۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ. «گۇپپاڭچىلار» ئۈچ يولۋاسنى① سىزىش — لىن بياۋ ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرغانلىق، كۆتۈرەم تۆگىنى سىزىش — دۆلەت ئىگىلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىق، دەپ بۆھتان قىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە لىن بياۋ ھەققىدە يېزىلغان ھەرقانداق بىر پارچە ماقالىنى بېيجىڭ ھايۋانات باغچىسىدىكى كىچىك يولۋاسقا مەقسەتلىك باغلىدى، دەپ ئەيىبلەپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، 50 - يىللاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى × × رايونلۇق كومىتېتىنىڭ قەيىرىگە دارىتىملىغىلى بولىدۇ؟ كاشكى، ئۇ دارىتىملايدىغانغا تاڭ ياكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسى بولسا؟! سۆزلىرىم جۆيلۈشكە ئوخشىشىپ كەتتى. مەن گۆدەكلىكىم-

① خەنزۇچە خەت بويىچە، لىن بياۋ دېگەن ئىسىمدىكى «بياۋ» كىچىك يولۋاس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دىن تارتىپلا پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، پارتىيىنى ئۆزۈمنىڭ ئانام دەپ قارايمەن. بالا ئانىسىنىڭ ئالدىدا شوخلۇق قىلىپمۇ قويىدۇ، تەنبىھمۇ يەيدۇ، ئەمما، بالىسى ئانىسىغا چىن كۆڭلىدىن دارتىملىمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئۇ چاغدا تېخى يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرمىگەنىدىم، ئەگەر ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن دارتىملاشقا دائىر نەيرەڭلەرنى بىلگەن بولسام، ھوشيارراق بولۇپ، يۇپيۇتۇپراق، ئەستايىدىلراق، ۋەزمىنرەك يازغان بولاتتىم - دە، خەقلەرگە تۇتقىلى ساپاق، كىرگىلى كاۋاك قويمىغان بولاتتىم، بۇ ھالدا ئۆزۈمگىمۇ ياخشى بولاتتى. ئالايلۇق، «بېيجىڭ گېزىتى» پۈتۈن تېكىستىنىڭ بىرلا يېرىدە تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا ۋەقەنىڭ بېيجىڭدا روي بەرگەنلىكى ھېچقانداق جايدا قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما بېيجىڭدا تۆرىچىلىك بارمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە شۇنچىۋالا كۆپ ئەيىبلەشلەرنى پەيدا قىلدى، ھەتتا يولداش ماۋ زېدۇڭنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى، شۇ چاغدىلا ئاندىن بۇ ئەيىبلەشلەر تىنجىقتى (ۋاقتىنچە تىنجىقتى). ئەگەر مەن شۇ چاغدا تەجرىبىلىكرەك بولغان بولسام، بېيجىڭنى تامامەن تىلغا ئالمىغان بولاتتىم - دە، ئاۋارىچىلىككىمۇ قالمىغان بولاتتىم.

دارتىملاش تەلىماتى ئازادلىقتىن كېيىن ئاشۇ ماقالىدىن باشلانغان - باشلانمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، دارتىملاش دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەدەبىي تەنقىد كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتتى، قانۇن ئىلمىي كاتېگورىيىسىدىنمۇ بۆسۈپ ئۆتتى، دارتىملاش دەلىل - ئىسپات بىلەن مەنتىقىگە مۇھتاج ئەمەس، ئۆز - ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئادەم ھەرگىز دارتىملاپ يۈرمەيدۇ، يۈرىكىنى يېرىپ كۆرسىتىشكىمۇ مۇھتاج ئەمەس. شاپتۇللۇق چوققا دېگىنى شاپتۇللۇق باغ، ئۈچ يولۋاس دېگىنى لىن بياۋ، دەپ ھۆكۈم قىلغۇچىلار لو جىنرۇڭغىمۇ①

① مەلۇم ئەسەردىكى بىر پېرسوناژ بولۇپ، مۇكەممەل، بويوك، يوكسەك بولۇش نەزەرىيىسى بويىچە يارىتىلغان.



يەتمەيدۇ، لو جىنرۇڭ نېمىلا بولسۇن (يالغان بولسىمۇ) «ساداقەت» توغرىسىدا سۆزلەيدۇ ئەمەسمۇ؟

## ئوخشىتىش

ھېكايىدىكى جاۋ جۈيۈېن دېگەن پېرسوناژ بىر يەردە تۇخۇمەك گۈلنى تىلغا ئېلىپ، بۇ گۈل «شاپتۇل - نەشپۈتلەردىن پۇراقلىق، مۇدەندىن نەپىس» دەيدۇ. بىر پېشقەدەم ئۇستاز بۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئەسەردە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى مۇدەنگۈلگە، ئەپكار ئامما شاپتۇل - نەشپۈتلەرگە ئوخشىتىلغان، جاۋ جۈيۈېن بولسا ئالىپتە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى خۇشقاتقا ئوخشىتىدۇ، دەيدۇ.

مەن بۇ تەھلىلنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ پېشقەدەم ئۇستازنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۆتكۈرلۈكىگە، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ موللۇقى بىلەن ئاجايىپلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئەمما بۇ تەھلىلنىڭ ئاساسسىزلا بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ ھېكايىدىكى لىن جېڭ، جاۋ خۇيۈېنلارنىڭ ئالىپتلىك ئىدىيىسى بار، ئۇلار ئاممىۋى كۈرەشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشى، دۇنيادىن خەۋەردار بولۇشى، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشى، تەدرىجىي ھالدا ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشى لازىم ئىدى. ئەمما، ئۆزۈممۇ خىجىل، چۈنكى، مەن گۈلنى يازغاندا، ئۇچرىغانلىكى بىر گۈلنى، شۇ چاغدىكى مەۋسۇمنى، جاۋ خۇيۈېننىڭ ئاياللارغا خاس ئىنچىكىلىكىنى، «ھېسسىياتنىڭ مەۋجى» نى يازغانىدىم. قىسقىسى، مېنىڭ يازغىنىم گۈل، گۈلنى ئېسىلزادىلەرگە تەقلىد قىلغىنىم يوق، ئەستەرلىك گەپ قىلغىنىممۇ يوق. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى

بار. ئوبرازلىق تەپەككۇر سىخېمىلىق شەرھى ئەمەس، ئەگەر گۈل - گىياھ، قۇرت - قوڭغۇز، قار - يامغۇر، يەل - يېمىش، تاغ - دەريا، جىلغا - قاپتاللارنى تەسۋىرلەش پالانى نەرسىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن، دەپ ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ يازغان نەرسىلىرىمىز قانداق ساختا - سۈنئىي نەرسىلەر بولۇپ چىقىدىكىن؟ كىتابخان بىلەن تەنقىدچى ئەسەردىكى ئوبرازلاردىن بەلگىلىك تۇرتكە، تەسەۋۋۇر، ئىلھامغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ «تەمسىل» قىلىۋاتقىنى ئەمەس، ئەكسىچە كىتابخان بىلەن تەنقىدچىنىڭلا «جانلاندۇرۇلۇۋاتقان»لىقى. مۇنداقچە ئېيتساق، تەمسىل بىلەن جانلاندۇرۇش قىرشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزئارا ئىنتايىن روشەن پەرققە ئىگە بولىدۇ. جانلاندۇرۇشنى تەمسىلنىڭ ئۆزى دەپ قاراش قاتماللىق بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن يەنە ئوخشىتىشمۇ بار، بەزى كىشىلەر، ليۇ شۈۋ(刘世吾) نىڭ ئاھاڭداش سۆزى ليۇ شۈۋ (刘事吾) دىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئاپتور ليۇ شۈۋ (刘世吾) نى ئىشۋاز ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ، دەيدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ چۈشەكەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن ئۇ چاغدا ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز پېرسوناژلىرىمنى گەۋدىلەندۈرۈشنى، ئالايلۇق، ئىلغارلارنىڭ فامىلىسىنى خۇڭ①، يامانلارنىڭ فامىلىسىنى دياۋ② دەپ قويۇشتەك قىلىقلارنى ئەسلا بىلمەيتتىم. بۇ ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى مۇنداق قويۇلغان: مېنىڭ بىر توپ كونا سەپداشلىرىم بار ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ ئىسىم ياسىدىم، شۇنىڭ بىلەن ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى كېلىپ چىقتى.

---

① خۇڭ (洪) — تاشقىن دېگەن مەنىدە — ت.
② دياۋ (刁) — ھىيلىگەر، مەككار دېگەن مەنىدە — ت.



مەن بۇ يەردە كونا سەپداشلىرىم بىلەن ئازراق چاقچاقلاشتىم، بولغىنى مانا شۇ ئىش.

يەنە بەزىلەر، يامغۇرلۇق كېچىدە چۆچۈرە يەيدىغان ئېپىزوتتا نېمە ئۈچۈن بىر قىزچاقىنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ يامغۇردىن دالدا قىلغانلىقى يېزىلىدۇ؛ ئىتالىيىنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلايدىغان ئېپىزوتتا نېمە ئۈچۈن مۇزىكا نومۇرلىرىدىن كېيىن تىياتىرخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى يېزىلىدۇ؟ بۇ ئەسەرنىڭ كېرەكسىز قىسمىمۇ، ماھارەتتىكى مەغلۇبىيەتمۇ ياكى بۇنىڭ ئۆزگىچە سىرى بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بۇ سوئاللارغا جاۋاب شۇكى، ئۇنداق ئەمەس، يامغۇردىن دالدا قىلىشنى يازغاندىلا، يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. تىياتىرخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يازغاندىلا، شېكەر شەربەت تۈيغۇسىنى يارىتقىلى بولىدۇ. ئەسەر تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ سۈرىتى بىلەن ئاۋازى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

## تېگىنى سۈرۈشتۈرۈش

ھېكايە ئېلان قىلىنىش بىلەنلا نۇرغۇن ياخشى يولداشلار بىئارام بولۇشۇپ كەتتى. ئۇ كىمنى يازغاندۇ؟ ئۇ قايسى رەھبەرگە نارازىدۇ؟ ئۇ قايسى رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنى يازغاندۇ؟ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا كىم ئېيتىپ بەرگەندۇ؟ ئۇ نېمە قىلماقچى؟ ئەجەبا، يولداش ×× بىلەن ×× رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى شۇنداق بولسا؟ — جامائەت پىكرى شۇ تەرىزدە كۈچلۈك بولۇپ، مېنىڭ بەزى كونا يولداش، كونا رەھبەر، كونا سەپداشلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە بىۋاسىتە تەسىر قىلدى.

ھەتتا ھېكايىنى تولىمۇ ماختىغان بىر كىتابخان ماقالە

يېزىپ، لىن جىلىڭ ئاپتورنىڭ سىمۋولى دەپ كېسىپلا ئېيتتى. يەنە بىر يولداش ئۆزىنى لىن جېڭنىڭ مودېلى دەپ تەنقىد قىلدى.

ھېكايە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ئەكسى، تۇرمۇشنىڭ تىنىقى بولىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. نان بۇغدايدىن چىقىدۇ، بۇغداي تۇپراقتىن چىقىدۇ، ئەمما بۇ ئۈچىسى ئۆزئارا سۈپەت پەرقىگە ئىگە. ئادەملەر ناننى ياخشى پىشۇرۇش — پىشۇرالماسلىق كويىدا تالاش — تارتىش قىلىۋاتقاندا، تۇپراقشۇناسلارنى بۇغدايلىقنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. يازغۇچى رەزىل ئادەم بولمىسىلا ھېكايىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم ئادەمگە، مەلۇم ئورۇنغا ھۇجۇم قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، غۇم — خۇسۇمىتىنى چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەملەر ئادەتتە تۈزۈكرەك بىر ئەسەر يېزىپ چىقالمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن نەشتەر قەلەم دەۋاسى — بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ بار.

ئەگەر سىز ھېكايىدىكى مەلۇم ئىش، مەلۇم ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئىش، مەلۇم ئادەمگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، بۇ پەقەت ئۇنىڭ بىرەر نۇقتىسىنىڭلا ئوخشىشىدىغانلىقى، خالاس. بىز ئەسەردىن ئورتاق سادىغا، رىغبەت ۋە تۈرتكىگە ئىگە بولۇشىمىزمۇ، ئەسەردىن قانائەتلەنمەسلىكىمىز، ئۇنى تەنقىد قىلىشىمىز ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن، ئەمما ھېكايىگە ئاخبارات تەلىپىنى قويغىلى بولمايدۇ، ھېكايىنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىگە، توقۇلمىنىڭ چىن ئىش — چىن ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئىش يازغۇچىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى



بارچە گۈللەرنىڭ ھۆپپىدە ئېچىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇزۇقلارنىڭ توقمىقىلا ئەمەس، ياخشى يولداشلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىمۇ يۈرەكزادىلىك پەيدا قىلىدۇ.

---

ئىزاھات: قولۇمدا نە ھېكايە، نە ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبزور بولمىغاچقا، بۇ ماقالىنى ئېسىمدە قالغانلارغا تايىنىپلا يازدىم. خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش تەس. يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1979 - يىل 3 - سېنتەبىر

(«ۋاڭ مېڭنىڭ مەخسۇس توپلىمى»دىن. ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى)

# تاللانمىلار

## I

## ھېكايە ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم

### شادىك

ھېكايە دېسە ئادەتتە بەزىلەر: «قانداق ۋەقەنى يازدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. لېكىن نېمىنى ۋەقە دەيمىز؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يۈسەي مەكتىپىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ۋەقەلىك — شەخسنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت، دەپ ياخشى جاۋاب بەرگەن. شۇڭا بىز، شەخسلەرنى يارىتىش ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دەيمىز. بىزگە مەلۇم، ئادەم ئىجتىمائىي مەخلۇق، جەمئىيەت سىنىپقا بۆلۈنىدۇ. ھەربىر ئادەم مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، مەلۇم سىياسىي خاھىشقا ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ھەربىر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەمنىڭ جەمئىيەت تۇرمۇشىدا باشقا بىر ياكى بىر توپ سىنىپىي مەيدانى ئوخشاشمىغان، تەربىيىسى ئوخشاشمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق زىددىيەت بولىدۇ، ھەتتا كۈرەش بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ زىددى-



يەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىزنىڭ ئوبراز يارىتىش ۋە سۈژىت ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى بولىدۇ، بۇنى خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ، خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىمۇ كىشىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ.

بىز بۇ قېتىم قىسقا ھېكايىلەر ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. مېنىڭچە ھېكايىلەرنى رومان، پوۋېست ۋە ھېكايە دەپ ئايرىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئاساسىي پەرقى خەت سانىدا بولماستىن، بەلكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا. ئۇنداقتا ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ مېنىڭچە بەزى يولداشلار بۇنىڭغا: كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش، قىسمەن بىشارەتتىن ئومۇمىيلىقنى كۆرۈش؛ تۇرمۇشنىڭ بىر ياكى مەلۇم تەرىپى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت كۈرىشىنى، ئېلىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، دەپ جاۋاب بەردى. چۈنكى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ھېكايە يازغانلىق — جەمئىيەتنى يازغانلىق بولىدۇ.

مەن: ئوبراز يارىتىش ئىجادىيەتتىكى بىرىنچى مەسىلە، ھېكايە يېزىش جەمئىيەتنى يېزىشتىن ئىبارەت، دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇ چۈشەنچەم ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان تىپىك شەخس ۋە تىپىك شارائىت مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شەخس بىلەن شارائىت ھامان ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئېنگېلس «شەھەر قىزى» نىڭ ئاپتورىغا: «سىزنىڭ پېرسوناژلىرىڭىزنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىپىك دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولغان شارائىت توغرىسىدا ئۇنداق تىپىك دېيىشكە بولمايدۇ. «شەھەر قىزى» دا ئىشچىلار سىنىپى پاسسىپ ئامما قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان، ئۇلار ئۆزىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ،

ھەتتا ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان بىرەر تىرىشچانلىقمۇ كۆرسەتمەيدۇ... ئەگەر بۇ 1800 - ياكى 1810 - يىللاردىكى سىنسىمون ۋە روبېرت ئوۋېن دەۋرلىرىنى توغرا تەسۋىرلەش دېيىلسە، ئۇ چاغدا 1887 - يىلى پرولېتارىياتنىڭ كۆپلىگەن كۈرەشلىرىگە ئەللىك يىل دېگۈدەك قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

«4 - ماي» دىن بۇيانقى ھېكايىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپى — ئۆگىنىشكە، ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ھېكايىسى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. «دورا» ھېكايىسىدە قەدىمىي شىپاڭدا قۇربان بولغان ئىنقىلابچى شا يۈيىنى ئۇدۇللا يازماي، چايخانىدىكى خېرىدارلارنىڭ پاراڭلىرىدىن بىزگە بىر ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇ تۈرمىدە تۇرۇپ، تۈرمە قاراۋۇللىرىنى چىڭ خاندانلىقى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان.

لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى بۇلا ئەمەس، ئاساسلىقى — ئاپتور ئادەتتىكى پۇقرانىڭ ئىنقىلابچىغا بولغان مەسخىرىسىنى، ھېلىقى گۇندىپاينىڭ شا يۈيىنى «دۇمبالىغانلىقى» نى ماختاپ تەسۋىرلىگەن. بولۇپمۇ خۇا لاۋشۇەن ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنقىلابچىنىڭ ساپ قېنىغا چىلانغان موما بىلەن كېسەلنى داۋالىماقچى بولىدۇ، بۇ خۇراپاتلىقلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قالاقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بۇ راست، شۇنداقلا بۇ ئىنقىلابىي خىزمەتنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇنى ئاممىنى كەمسىتكەنلىك دېيىلسە، ئۇ چاغدا چوڭ خاتالىق بولىدۇ. دەرۋەقە،



ئىنقىلاب قىلىشتا ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش كېرەك. لېكىن شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز يەنە ئاممىغا ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ئۇلارنى ئويغىتىشىمىز، ئۇلارنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك. شۇڭا ماۋ جۇشىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىنى مۇكەممەل، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە مەن يەنە لۇشۈننىڭ باشقا بىر ھېكايىسى — «كۇڭ يىجى» ئۈستىدە توختىلىمەن. ئەگەر كىچىكتىن چوڭىنى كۆرۈش، مەلۇم تەرەپ ئارقىلىق چوڭ تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېيىلسە، بۇ ئۈچ - تۆت مىڭ خەتلىك ھېكايىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن يەرلىرى بار، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر يېرى ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشنى كۆزەتكەنلىكى، چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، فېئوداللىزمغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ئۇزۇل - كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلاب روھىنىڭ بولغانلىقىدا. ئەگەر بۇنى كۆرەلمىگەندە جاپالىق ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ يۈزەكى ئۆگىنىپ قالىمىز. بىز يەنە بۇ ھېكايىلەرنىڭ يېزىلغان دەۋرى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ.

مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكايىلەرنى ئاشۇنداق زور ئىشتىياق بىلەن سۆزلەيمەن؟ چۈنكى ئۇنىڭدا بىر ئوبراز بىلەن بىر تۈپ ھاراقكەشلەر ۋە ھاراق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى يېزىلغان، ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي، قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، چىڭ، ۋاڭ سۇلالىسىدىكى مەدەنىيەت مۇستەبىتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىنى؛ فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى، «تەنەيلىكلەر» نىڭ ئوقۇمۇشلۇق تۇخاۋ - لىبېشىنلارغا ئۆزگىرىپ بىر كىتابنى

دەپ باشقىلارنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ، ئۆمۈر بويى مېيىپ قىلىپ قويغانلىقىنى چوڭقۇر پاش قىلغان.

ئەگەر بۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنى «نەس بېسىپ»، «كۆپ قېتىم ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن» بولسىچۇ؟ ئۇ تۇخاۋ - لىيېشىن بولالمىسىمۇ «تەييارغا ئىگە بولىدىغان» يارامسىز نەرسىگە ئۆزگىرىپ، كىتاب كۆچۈرۈپ جان باقىدىغان ياكى كىتاب ئوغرىلاپ باشقا بىر «ئامىتى كەلگەن» ئوقۇمۇشلۇق كىشى تەرىپىدىن پۇتى سۇندۇرۇلۇپ مېيىپ بولغان بولاتتى. لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن «ئوقۇمۇشلۇق ئادەم» بولغاچقا، ناھايىتى شۆھرەتپەرەس ئىدى، شۇڭا ھاراقكەشلەر بۇ ئىشنى ئېغىزغا ئالسا، ئۇ ئازابلىناتتى ھەم پۇتۇم يىقىلىپ كېتىپ سۇنۇپ كەتكەن، دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى.

مەن يەنە لۇشۈننىڭ «نىكاھتىن ئايرىلىش» دېگەن ھېكايىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. ھېكايە باشلانغان ۋاقىتتا، يولۇچىلار بىزنىڭ قەھرىمانىمىزدىن ئەندىشە قىلىشتىن خالى بولالمىسىمۇ، ھېلىقى ئاتا بىر ئاز دەككە - دۈككە ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەيگۇ، چىدارىن، ۋېي لاۋيې قاتارلىق بىر نېمىلەرنى پۈتۈنلەي كۆزگە ئىلمايدۇ، قېرى ھايۋان، كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلمىغۇچە توختىمايمەن، دەپ جاكالايدۇ! نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ۋېي لاۋيېنىڭ ئالدىشى ۋە قورقۇتۇشىنىڭ رولى ئانچە چوڭ بولمايدۇ، لېكىن چىدارىننىڭ ئەلپازى، تېرە تاراقلىتىشى ۋە بىرنەچچە ئېغىز سۆزى بىلەنلا ئەيگۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بويسۇندۇرۇۋالىدۇ.

بۇ ھېكايە سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى بەك قالاق قىلىپ يازغانمۇ؟



يۇقىرىدا مەن پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى توغرىسىدىكى چۈشەنچەمنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. بۇ يەردە يەنە لېنىننىڭ ئېيتقان مۇنۇ مەزمۇندىكى بىر سۆزى ئېسىمگە كەلدى: ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، يالغۇز دۆلەت ماشىنىسىغا، يەنى ئارمىيە، ساقچى، ئەدلىيە ۋە تۈرمىلەرگىلا تايانماستىن، يەنە ئاممىنىڭ ئاڭسىزلىقى بىلەن قالاقلىقىغا تايىنىدۇ.

بىر ئەسەرنىڭ كىتابخانىنى تەسىرلەندۈرۈش ياكى تەسىرلەندۈرەلمەسلىكى — ھەقىقەتەن بىر مەسىلە. ئەگەر شۇ ئەسەرنى كۆرۈش جەريانىدا ياكى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كىتابخانىنى تەسىرلەندۈرەلىسە، بۇ شۇ ئەسەرنىڭ ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سىلجىتىشىغا ئازدۇر - كۆپتۇر ياردەم بېرىش رولىنى ئويىنىغانلىقى بولىدۇ. لېكىن ئاممىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكى ساپلا مەردانە سۆزلەر بىلەن تولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يۈزمىليونلىغان ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدا ھەمدە ۋەقەلىكنىڭ، سۇژېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يەنى كومپوزىتسىيىسىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىدا، ئەلۋەتتە يەنە بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىمۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك، پەقەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىنىدىغان، تەسۋىرلىنىدىغانلا بولسا، ئاندىن كىشىلەرنى قايىل قىلالايدۇ.

30 - يىللاردا بەزىلەر لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: بىرىنچىدىن سالماق، ئىككىنچىدىن سالماق، ئۈچىنچىدىن يەنە سالماق. ئاڭلىشىمچە لۇشۈن بۇ باھاغا قوشۇلماپتىكەن، بىزمۇ بىرەر يازغۇچىنىڭ قىزغىنلىقىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ كىتابخانىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ياكى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى نوقۇل ھالدا

ئەدەبىي ئىستىل جەھەتتىنلا ھۆكۈم قىلماسلىقىمىز لازىم. مەن لۇشۈننىڭ «دورا» ۋە «نىكاھتىن ئايرىلىش» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭ خېلى بۇرۇن يازغان ماقالىسىدىكى مۇنۇ ئىككى جۈملە سۆزى ئېسىمگە كېلىدۇ: «بەختسىزلىكىمدىن ھەسرەت چېكىمەن، تەلەيسىزلىكىمدىن غەزەپلىنىمەن.»

لۇشۈننىڭ خەلققە بولغان مۇھەببىتى تولۇپ تاشاتتى، خەلقنىڭ دۈشمەنلەرگە بولغان غەزەپ ئوتىمۇ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەن لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرى توغرىسىدىكى ھېس قىلغانلىرىمنى مۇنداق سۆزلەپ كېتىشىم، يولداشلارنى ئۇنىڭ ئەسىرىنى رامكا قىلىپ، ئۇنى دوراڭلار دەپ ئۈمىد قىلغانلىقىم ئەمەس. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، ئەمەلىي كۈرەشكە چوڭقۇر چۆكۈش جەريانىدا بىز ھەربىرىمىز ئىجاد قىلىشىمىز، ئىختىرا قىلىشىمىز، بەلكى چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىز ياشاۋاتقان دەۋر، ئۇچرىشىۋاتقان كىشىلەر ۋە زىددىيەتلەر كۈرەشچى لۇشۈن ياشىغان دەۋر بىلەن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرى بىزنىڭ ئەينەك قىلىشىمىزغا، ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئەسىرى ئۈستىدە كۆپرەك توختالدىم.

ئاخىردا تىل مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇ مەسىلىنى لۇشۈن «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب» دېگەن ماقالىسىدە ناھايىتى ئېنىق سۆزلىگەن. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا تىلدىن كەڭرى پايدىلىنىش، تىل جانلىق ھەم ئاددىي بولۇش كېرەك. روشەنكى بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆز بىلەن لۇشۈننىڭ سۆزلىرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ بەرگىلى بولمايدۇ، پەقەت ئاساسىي جەھەتتىن يىغىنچاقلاندى دېيىشكىلا بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە لۇشۈننىڭ «كۈڭ يىجى» ھېكايىسىنى مىسالغا ئالىمەن. يالغۇز ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ پۈتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدىن



«ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۆرەم» نىڭ ھەيۋىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن بولۇپمۇ ھاراق دۇكىنىدىكىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۆرەمگە: «ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەر ئوغرىلاندىمۇ؟» دېگەن سۆزى مېنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمنى قوزغايدۇ، بۇ سۆزدىن دىڭ جۈيرېننىڭ ئەزەلدىن مۇتتەھەم، زوراۋان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن يەنە دۇكان خوجايىنى كۈڭ يىجىنىڭ ئىزىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، كۆپچىلىكمۇ ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. پەقەت خوجايىن تاختايدىكى ھېسابنى تۇيۇقسىزلا كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئېسىگە چۈشۈپ قالىدۇ ھەمدە «كۈڭ يىجىنىڭ ئون توققۇز يارماق قەرزى بار!» دەيدۇ، بۇ سۆز قالتىس بولۇپ، بۇ ئارقىلىق لۇشۈن كىشىلەرنىڭ كۈڭ يىجىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. كىشىلەر ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىشقان، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قالغان. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان ياشلار بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن كونا جەمئىيەتتە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق ئىدى. مانا بۇ ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنى سېلىشتۇرساق، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدۇ.

II

# رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە

## يەن گاڭ

ياخشى بىر روماننى ئوقۇش — خۇددى بىر يېڭى «دۇنيا»، يېڭى «زېمىن»دا ساياھەت قىلغانغا ئوخشىشىدۇ، ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، دۇنيادىن خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ، ۋاقىت بىكار ئۆتمەيدۇ. بۇ يەردە رومان ئاپتورى تۇرمۇشنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ماختىشىغا ئىگە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بىرەر ياخشى رومان يېزىپ چىقىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

گېپنى يوپۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، پۈتكۈل ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسىر ۋە ھېكايىگە سېلىشتۇرغاندا رومان خېلى ئارقىدا قالدى. باشقا ئەدەبىي شەكىللەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە چەكلەنگەن رايونلارنى بۆسۈپ ئۆتتى، تېمىسى كېڭەيدى، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. رومان چېنىپ قالدى. ھازىرقى ئەھۋال مۇنداق بولۇۋاتىدۇ: كىتابخانلار ئەزەلدىن قىزىقىپ كۆرۈپ كېلىۋاتقان رومان تېمىلىرىدا چىقىۋاتقان كىتابلار كۆپ بولۇپ، خېلى بىر قىسىم كىتابلارنى



ساتقىلى بولمايۋاتىدۇ، ئارىيەتكە ئالمايۋاتىدۇ. سېتىۋالغان، ئارىيەتكە ئالغان تەقدىردىمۇ كىتابخانلار ئوقۇمايۋاتىدۇ، بۇ، روماننىڭ كىتابخانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى بەك چۈشۈرۈۋەتتى. بۇنى ئويلىغاندا ئاپتور، تەھرىر ۋە كىتابخانلارنىڭ بېشى قاتماي قالمايدۇ.

سەۋەب نەدە؟ بەزىلەر ھازىرقى ياش كىتابخانلارنىڭ نەزەرى ئۈستۈن بولۇپ كەتتى دەيدۇ. ياش كىتابخانلارنىڭ رومانغا نىسبەتەن نەزەرى ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنى يوق. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ رومانغا بولغان ئۈمىدى زورايدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەدىئىيلىكى مۇكەممەل، ئىدىيىسى ساغلام، تارىخىي بىلىملەر ۋە تۇرمۇش پاراسىتىگە باي بولغان، كىشىلەرگە ھوزۇر ئارام بېغىشلايدىغان ئەسەرلەردىن باشقا، ياشلارنىڭ قىزىقىدىغىنى — دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۆز تەقدىرى توغرىسىدىكى ئۆتكۈر تېمىلار، يولداشلىق، سەپداشلىق، تۇغقانلىق، مۇھەببەت قاتارلىق تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەققانىي تەسۋىرى، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەدھىيىلەش توغرىسىدىكى كەڭ تېما. ئۇلار رومانلاردا يۇقىرىدىكى تېما، مەزمۇنلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

〈كىشىلەر كۆز يېشى قىلىشنى، يىغلاشنى، قان ئاققۇزۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بەلكى بۇ كۆز يېشى، يىغا، ئاققان قان ۋە ئۆلۈمنىڭ قانداق قىلىپ غەزەپ-نەپرەت، كۈچ-قۇۋۋەت، ساۋاق ۋە غايىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈشنى خالايدۇ. كىشىلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېپەنلىشىنى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەۋرنىڭ ئەينىكى بولۇشىنى، بۇ ئەينەك ئارقىلىق ھازىرقىنى ۋە ئۆتمۈشىنى، ئۆتمۈشىنى ۋە ھازىرقىنى كۆرۈشنى، شۇنداقلا

كېلەچەكنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

لېنىن تولستوينىڭ ئەسەرلىرى (ئاساسلىقى ئۇنىڭ رومانلىرى، ئەلۋەتتە) نى ماختاپ، چوڭقۇر ھالدا: «بۇ باسقۇچتىكى روسىيە تارىخى ۋە تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، لېۋ. تولستوي ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇنداق چوڭ بەدىئىي كۈچىنى نامايان قىلالىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىياتىدا بىرىنچى ئورۇنلارنىڭ بىرىنى ئىگىلەيدۇ. تولستوينىڭ تالانتلىق تەسۋىرىنىڭ نەتىجىسىدە كرېپوسنويلۇق زۇلمى ئاستىدىكى دۆلەتنىڭ ئىنقىلاب تەييارلىقى مەزگىلى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىدا ئاتلىغان بىر قەدىمى بولدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۇرمۇشنى ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تۇرمۇشنى چوڭقۇر چۈشەندۈرىدىغان، تۇرمۇشنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدىغان رومانلار «تۇرمۇش دەرسلىكى» دېگەن گۈزەل نام ئالغانىدى. لۇشۈن رومانىنى «بىر دەۋرنىڭ خاتىرە مۇنارىسى» دەپ ئاتىغانىدى. گوركىينىڭ «ئانا» رومانىنى لېنىن قىزغىن مەدھىيىلەپ: بۇ، ۋەزىيەتكە ئىنتايىن باب كېلىدىغان كىتاب، دېگەنىدى. چۈنكى بۇ رومان روسىيە ئىشچىلار سىنىپى ھەرىكىتىنىڭ ستىخىيىلىك قارشىلىقتىن ئاڭلىق كۈرەش قىلىشقا ئۆزگىرىش جەريانىدا مەسىلىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن سېزىپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىپ، سىياسەتنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇقلاپ، ئىنقىلابقا ياردەم بەرگەنىدى. فادېيېۋنىڭ رومانى «تارمار» دا پەقەت كىچىك بىر پارتىزانلار ئەترىتىلا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ خۇددى ماۋجۇشى ئېيتقاندەك «پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتتى». بىزنىڭ رومان ئاپتورلىرىمىز بۇنىڭدىن چوقۇم چوڭقۇر ئىلھام ئېلىشى كېرەك.



لېكىن نۇرغۇن رومان يازغۇچىلار ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار تارىخىي تېمىلارنى ۋە ئىنقىلابىي تارىخىي تېمىلارنى يېزىش ئاسان، رېئال تېمىلار قانچە ئۆتكۈر بولغانسېرى يېزىش شۇنچە قىيىن دەپ قارىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەلۋەتتە سىياسەتنى ئۆگىنىشى، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك. لېكىن «سىياسەتنى يېزىش» خاتا شوئارنى تەكرارلىماسلىقى كېرەك. ئورتاق ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە پارتىيە ئەدەبىياتى ۋە پارتىيە سىياسىتى ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىلىش ۋاستىسى، پارتىيە سىياسىتى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كېلىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق. ستالىن يازغۇچىلارغا نىسبەتەن «چىنلىقنى يازغاندا ماركسىزمغا ئۆتكىلى بولىدۇ» دېگەن. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرگەنلىك. پارتىيە مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنى سىياسىي، سىياسەت ئۇسۇلى ئارقىلىق يەكۈنلەيدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەت بىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تارىخىي يەكۈن ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم بىر رولى. ماۋجۇشى: «لۇشۈننىڭ يۆنىلىشى — جۇڭگو مىللىي يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ يۆنىلىشى» دېگەنىدى. لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى، مەسىلەن: «ئا Q نىڭ تەرجىمىھالى» غا ئوخشاش ئەسەرلىرى كونا دېموكراتىك شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى ئەمەس، لېكىن ئۇلارنى پارتىيە تۈزگەن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سىياسىتى ۋە تاكتىكىسىغا ئەينەكلىك رول ئوينىمىدى دېگىلى بولامدۇ؟ رومان — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېغىر قورالى ۋە «زەمبىرىكى» (گوركىي). رومانىنىڭ بۇ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. رومانىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن زور،

مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولىشىمۇ بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ۋە تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەم چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك بەدىئىي شەكىل، شۇڭا ئېپوس دەپ ئاتالغان رومان بىر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ «پروتوكول تارىخى» نى توپلىيالايدۇ، ئاتاقلىق كلاسسىك يازغۇچىلار داڭلىق رومانلارنى تەسۋىرلىگەندە ھەمىشە ھەيران بولۇپ: «ئۇ پروتوكول جەمئىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىۋاپتۇ» دەيدۇ. رومان خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «ئاز بولغاندىمۇ ئىنقىلابنىڭ مەلۇم بىر ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.» ئىلگىرىكى مۇنەۋۋەر رومانلار سىياسىغا بويسۇنۇپلا قالماي، بەلكى مۇقەررەر ھالدا سىياسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. رومان پاسسىپ ھالدا «سىياسەتنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى»، «سىياسەتنى يازماسلىقى»، سىياسىنىڭ نوقۇل كارنىيى بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى سىياسىنىڭ پائالىيەتچان تىلى بولۇشى كېرەك. ئۇ سىياسىي كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ، جانلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىياسەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە ۋە ئۆزگەرتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بۇ يامان ئىش ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىش؛ بۇ رومانىنىڭ قارىملىقى ئەمەس، بەلكى رومانىنىڭ زور ئالاھىدىلىكى. بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ رول ئوينىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسە ياكى ئىدىيىنىڭ ئازاد بولمىغانلىقى، ياكى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشتىن قورقۇش، ھەقىقىي بىلىم ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىنىڭ كەملىكى، تېخى ھايات بىر پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ 60- يىللاردا، دەل جايىدا قىلىپ چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى تېپىۋالغانلىقىدا؛ بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز ناھايىتى بەختلىك، ئۇلار دەسلەپتىلا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىگە بولدى، پارتىيىنىڭ



سىياسەت كۆز قارىشىنى يېتەكچى قىلدى. لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ئىدىيىنى، سىياسەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۆزگىچە ئاساسىي ئىدىيىسىگە دەسسەتتى، بۇنىڭ بىلەن فورمۇلىلاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇش كېلىپ چىقتى. ئەپسۇسكى ھازىر بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بۇ تونۇش جەريانى ۋە ئىجادىيەت جەريانىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. نەتىجىدە سىياسەت ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن نەچچە ئون قىسىم، ھەتتا يۈزلەپ قىسىمدىكى كىتابلار قەغەز بوتقىسىغا ئايلىنىپ كەتتى، يۈزمىڭ، نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك كىتابلار كېرەكتىن چىقتى. تۇرمۇشتىن كەلگەن، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەقىقىي ئەسەرلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى خېلى زامانلارغىچە تۈگىمەيدۇ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تەۋەررۈك بولۇپ قالىدۇ. يازغۇچىنىڭ كۆزىتىشى بولمىغان ئەسەرلەر، ئالاھىدە ئاساسىي ئىدىيىسى بولمىغان ئەسەرلەر چىن مەنىدىن ئېيتقاندا بەدىئىي ئەسەر بولالمايدۇ، بۇ رومانچىلىق تارىخىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كونا ساۋاق بولۇپ، رومان يازغۇچىلار كۈچەپ بۆسۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان قىيىن ئۆتكەل.

بىزنىڭ رومان يازغۇچىلىرىمىز، ئەگەر لېنىن تولستوينىڭ ئىجادىيىتىنى يەكۈنلىگەن چاغدا ئېيتقىنىدەك «تالانتلىق ئەدىبلەردە بولىدىغان ئالاھىدە كۈچ» بىلەن «ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ تېز ئۆزگىرىشى» نى ئىپادىلەپ «مۇشۇنداق زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىسا»، ئۇ چاغدا بىزنىڭ رومانلىرىمىزمۇ «دۇنيا ئەدەبىياتىدا بىرىنچى ئورۇنلارنىڭ بىرىنى ئىگىلىشى» مۇمكىن ئىدى. پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى ئىنقىلابقا قاراشتا تولستويدىنمۇ يۈكسەك بولۇشى كېرەك. بىزدە «نۇتۇق» نىڭ يۈزلىنىشى، لۇشۈننىڭ ئەنئەنىسى، «ھەممە

گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاكىجىنى بار. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات چەكسىز بولىدۇ.

بەدىئىي سۈپەتنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىمۇ نۆۋەتتە رومانىدىكى بىر گەۋدىلىك مەسىلە. نۇرغۇن رومانلارنى كىتابخانلار كۆرۈشنى خالىمايدۇ. زورمۇزور كۆرگەن تەقدىردىمۇ، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ. كىشىلەر «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەيدۇ. بىز كىتابخانلار ۋاپاسىز دەپ ئاغرىنماسلىقىمىز كېرەك. رومان — دەۋر ئەينىكى، ئىنقىلاب داستانى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى، مىللىي پسىخىك ھالەتنىڭ دېرىزىسى، رومانلاردا شەخسلەر كۆپ، ۋەقەلىك كۆپ، يىپ ئۇچى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ، ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تىپىكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش جۇغلانمىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، مول بىلىمنى ۋە مەلۇماتنى، چەكسىز تىل بايلىقىنى ھەم مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان جىياڭجۈنلەرنىڭكىدەك يېتەكچىلىك ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ — كاتتا بىنا، بىنانىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا ھەم قىلچە سۈنئىيلىك بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ پۈتۈن زېھنىي - قۇۋۋىتىنى جەلب قىلىدۇ. «ئىنگلىك تىكلەش» نىڭ ئاپتورى ليۇچىڭ بۇ رومانىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇ مۇن دەيدۇ: «ئىككىنچى قىسمىنى يازغاندا، ھەربىر باب ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە يېزىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، ئادەتتە 3 - 4 ئاي كەتتى.» لېكىن ئاچچىقراق تىل بىلەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشتىن تارتىپ يېزىشقىچە، ناھايىتى ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىۋاتىدۇ.



بەدىئىي سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر مۇھىم مەسىلە — ئوبراز يارىتىش. بارلىق ئەدەبىي تۈرلەردە، ئالدى بىلەن رومانلاردا قەھرىمانلارنى يارىتىش تەلىپى ناھايىتى قاتتىق ۋە يۇقىرى بولىدۇ. قەھرىمانلارنى قانداق يارىتىش مەسىلىسى — رومانىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەدىئىي ياكى بەدىئىي ئەمەسلىكىنى، ياخشى - يامانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن مەغلۇب بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بەدىئىي پېرسوناژلار بولمىسا، بەدىئىي سۈژىتىمۇ بولمايدۇ. بەدىئىي پېرسوناژلار ۋە بەدىئىي سۈژىتتىن ئايرىلغاندا رومان ئىجادىيىتى دېگەن نېمىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

رومانلار بىرقەدەر كەڭرەك زېمىنغا ئىگە، قەھرىمانلارنى يارىتىشقا تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن. بىز ھەربىر ھېكايىدە بىر تىپىك قەھرىمان يارىتىشنى تەلەپ قىلالمايمىز، لېكىن ھەربىر روماندا بىر ئەمەس، بەلكى بىرمۇنچە تىپىك قەھرىمانلارنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. بولمىسا قانداقمۇ رومان دېگىلى بولسۇن؟ ئېنگېلس م.كائۇتسكىنىڭ «كونا بىلەن يېڭى» دېگەن ئەسىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى «تىپ» دەپ ماختىغان. بىر روماندا نەچچە ئون، يۈز، نەچچە يۈز قەھرىمان ھەرىكەت قىلىدۇ. ماھارىتى يۇقىرى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا، «قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى تىپ بولۇشى» مۇمكىن. نەپىسلىكتە چېكىگە يەتكەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە تۆت يۈز دىن ئارتۇق شەخس يېزىلغان، ھەقىقىي تىپ دېگىلى بولىدىغىنى پەقەتلا ئون نەچچە، بۇمۇ قالتىس ئىش بولغىنى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق داڭلىق رومانلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقى ۋە ئەبەدىلئەبەد نۇر چېچىپ تۇرىدىغانلىقىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، كىتابتىكى ھېلىقى تالاي - تالاي «تۈرلۈك ۋەقەلىك»لەر، «ۋەتەن خائىنى لۇگوي» قاتارلىق تىپىك قەھرىمانلارنى يارىتىشقا قادىر بولغانلىقىدىن ئىبارەت. لېكىن

ئاساسلىقى يەنىلا باۋۇيۇدەك تىپلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلارنىڭ بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا ئاز دېگەندىمۇ بىر بەدىئىي قەھرىمان يارىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىشى تامامەن يوللۇق. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز بۇ جەھەتتە جاپالىق كۈچ سەرپ قىلمىدى، شەخسلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، خاسلىق روشەن بولمىدى، تۈزلا بايان قىلىندى، ھېچبىر يېڭىلىق بولمىدى، نۇرغۇن شەخسلەر غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ، تېز ئۆتۈپ كەتتى، ھەقىقىي تىپ بولالىغانلار ھەقىقەتەن تاڭ يۇلتۇزلىرىدەك شالاڭ بولدى!

روماندىكى قەھرىمانلار (ھېچ بولمىغاندا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى) نى قانداق قىلغاندا بەدىئىي تىپ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنى ئىككى-ئۈچ ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنى تېخىمۇ نۇرغۇن يولداشلار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئىختىيارىي مۇزاكىرە قىلىپ كۆرسە بولىدۇ. بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلغاندا پايدىلىنىش ئۈچۈن قەھرىماننىڭ چىنلىقى مەسىلىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

كىتابخانلار ئارىسىدا «قەھرىمانلارنىڭ قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىنلىقىدا» دېگەن سادا بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. چىنلىق — رېئاللىزملىق تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى؛ رېئاللىزملىق قەھرىمانلارنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلۈشى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى قەھرىمانلارنى كۆزىتىشى ۋە ئۇلار بىلەن پىششىق تونۇشۇشىغا باغلىق. كۆزەتكەن ۋە پىششىق تونۇشقان بۇ خىلدىكى ئادەملەر يازغۇچى ئۈچۈن قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. مۇۋاپىق ھالدا غەلىتە بولۇش، ئۇنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق، گۈزەل بولۇشقا بېرىلىش، لېكىن رېئاللىقنى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك، بەدىئىي غەلىتە-



لىك، گۈزەللىك — تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىدىن، رېئاللىقىدىن كېلىدۇ، كلاسسىك رومان ئۇستىلىرىدىن بىر مودا بويىچە «تىپ» ئۈستىدە سۆز ئېچىشتىن خىجىل بولمايدىغىنى يوق. ئۇلار ھامان تۇرمۇشتىكى ناھايىتى نۇرغۇن راست ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىپ تىپلارنى «قۇراشتۇرغان»، قەھرىمانلارنىڭ چىنلىقى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. مېنىڭچە يازغۇچىلارنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ چىن-چىن ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان بىر ئاددىي ئۇسۇلى — ئۆز-ئۆزىگە: «مەن ئۇنى يازغاندا، زادى قانچىلىك راست ئادەمنى ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى قىلدىم» دەپ سوئال قويۇشتىن ئىبارەت.

كۆزەتكەن، تونۇشقان راست ئادەم كۆپ بولسا، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي زىددىيەتلەر روشەن ئاشكارىلىنىدۇ، ئەدىبلەرنىڭ جۈرئىتىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ.

پېرسوناژلارنى يازغاندا ھەقىقىي يېزىش ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى ئادەملەردەك، ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى ئىپادىلەش كېرەك. ئېنگېلس بەدىئىي تىپ ئۈستىدە توختالغاندا، «ھەربىر پېرسوناژنى تېخىمۇ قارىمۇقارشى ئۇسۇل ئارقىلىق بىر-بىرىدىن تېخىمۇ روشەن پەرقلەندۈرۈش» نى سەممىي ئۈمىد قىلغانىدى، بۇنداق «قارىمۇ قارشى ئۇسۇل» قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خاراكتېرىنىڭ ئىچكى مۇرەككەپلىكى (خاراكتېرىنىڭ زىددىيەتلىكى) ۋە ھەرىكەتچانلىقى (خاراكتېرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى) دىن ئىبارەت. ئۇزاقتىن بۇيان بەزىلەر، كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇنى «شىۋۇجېڭجۇيىلىق سەنئەت نەزەرىيىسى» دەپ قارىدى، بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىق، ئايرىلىش ھەم قوشۇلۇش، ئاغرىق-سىلاق ۋە ئۆلۈم-يېتىم، خۇشال-خۇراملىق ۋە غەزەپ-نەپرەت، قايغۇ-ھەسرەت ۋە شاد-خۇراملىق، بالايىئاپەت

بىلەن تولغانلىقىنى بىلمىدى. تۇرمۇش زىددىيەت بىلەن تولغان. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇلار پەرىشان بولۇپ، غەمگە پېتىپ، روھىي دۇنياسىدا ئېلىشقاندىن كېيىن ئاندىن ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ تەدبىر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن پېرسوناژلارنى يارىتىشتا «قايتا-قايتا ئويلىنىپ ئاندىن ھەرىكەت قىلغان» ھالىتىنى، خاراكتېر زىددىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى يېزىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايمىز؟ بۇ مەسىلە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تېمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومانلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك، ساۋاق تەجرىبىدىن كۆپرەك، «يۈكسەك، چوڭ، مۇكەممەل» بولۇشنىڭ زەھىرى يەنىلا ناھايىتى چوڭقۇر. بۇ نۇرغۇن كىتابخانلاردىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولدى. بەزى رومانلار، مەسىلەن: «لۇڭخۇدىكى تۇمان خاتىرىسى»، «بولۇتلۇق تىك ياردىكى دەسلەپكى ئىللىقلىق» دېگەن رومانلارنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا قەھرىمان مېگى بىلەن شېڭ يۈڭنىڭ خاراكتېر تەسۋىرى ئەگرى-توقاي، قىزىقارلىق، جانلىق، ھەقىقىي، تەسىرلىك، لېكىن پېرسوناژلار ئىنقىلاب يولىغا مېڭىپ، پارتىيە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ھامان، ئۇلار خۇددى ھەممىنى چۈشىنىپ كەتكەندەك، ھەممە ئىش ئويلىغىنىدەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقىدۇ. قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن پېرسوناژلار خاراكتېرى نىسپىي ھالدا توختايدۇ، كىتابخانلارنىڭ ھەۋىسىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئەجەبا يازغۇچى پېرسوناژلار بىلەن تېخى يېتەرلىك تونۇشمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولدىمۇ؟



بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ستراتېگىيە جەھەتتە روماننى مەنسىتمىگەنلىكى تامامەن توغرا، رومان سىرلىق نەرسە ئەمەس، ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى رومانلار ئىچىدە بىردىنلا داڭ چىقارغانلىرى ئاز ساندا، بىز دەسلەپتىلا رومان يېزىشقا قارشى ئەمەسمىز، ئەمما بەزى يازغۇچىلار رومان يېزىشنى بەك ئاسان ئىش دەپ قارايدۇ، ئۇلاردا ئەدەبىي چېنىقىش كەم. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبىلىك پىشقەدەم يازغۇچىلار ھەمىشە ياش يازغۇچىلارغا ئالدى بىلەن ھېكايە يېزىشتىن باشلاپ، بارا - بارا رومان يېزىشقا ئۆتۈش، ئىمكانقەدەر ھە دېگەندىلا شۇنچە چوڭ، كۆركەم باغ لايىھىلىمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ كەلدى. بىز مۇنداق رومانلارنى كۆپ كۆردۇق. يازغۇچى روماننىڭ بېشىدىلا چاندۇرۇپ قويغان، باشلىنىش بىلەنلا ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسىنى ئىشلەتكەن، نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمىگەن، خېلىغىچىمۇ رەسمىي گەپ باشلانمايدۇ. گوركىي روماننىڭ باشلىنىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەنگلىيىلىك ئايال يازغۇچى ئىلزاۋىتا. پاۋۋىن ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلىگەندە: «باشلىنىشىدا چوقۇم ياخشى باشلاش كېرەك، ئۇ ھامان ئادەملەرنىڭ كېيىنكى مەزمۇن ۋەقەلىكىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ باشلىنىشى ياكى ئاز دېگەندىمۇ مۇشۇنداق ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېھتىمالى بارلىقىدىن بېشارەت.» مەن كۆپچىلىكنىڭ مۇنۇلارغا دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: بىزنىڭ ھەربىر كىتابنىڭ باشلىنىشىدىن كۆرۈۋالالىغان بەختىمىز پۈتكۈل كىتابنىڭ خاراكتېرىنى ئالدىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياخشى باشلاش ئۈچۈن چېرنىشېۋسكىي «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن ئەسىرىدە، چېكىش - مۇرەككەپ ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشتىن ئايانمىغان. لىيۇچىڭ يازغان «مىڭگونىڭ 18 - يىلى» كىتابخانلارنى نامرات «ئون كەپىر» نىڭ ئاچارچىلىق يىللىرىغا باشلاپ بارىدۇ؛

«قىزىل قىيا» ناھايىتى تېزلا ئادەملەرنى ئۆزىنى تونجۇقتۇرۇپ قويىدىغان تاغلىق شەھەر — چۇڭچىڭغا ئاپىرىپ قويىدۇ؛ «ياشلىق ناخشىسى» كىتابخانلارنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلالىدۇ، كىتابخانلارنى «پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭ ئالغان»، چالغۇ ئەسۋابىمۇ ئاق شايى بىلەن ئورالغان، پاك، گۈزەل قىزغا ئىختىيارسىز كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. رومانىنىڭ باشلىنىشى چوڭ بىنانىڭ دەرۋازىسى، بۇ ئىشىكتىن كىرمەي ئۆيگە كىرىشتىن، قانغىچە كۆرۈشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن.

نۆۋەتتە زور تۈركۈملەپ ياش يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ رومانلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە، گېلىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قالسا چىقىرىۋەتمىسە بولمايدۇ. ئىجادىيەت خۇددى تۇغۇتقا ئوخشىشىدۇ، ئاي توشقاندا بالا تۇغۇلىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلماقتا. ئۇلاردىن تۇرمۇشقا، شىجائەتكە ئىگە، تەپەككۇر قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان باتۇرلار مەيدانغا كەلدى. بۇ — سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم ئىجادىي كۈچ.

«تەبىئىيكى، بۇ ناھايىتى كىچىك، لېكىن ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئۈمىد شولار تەرەپتە.»



III

# ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا

## تاڭ تاۋ

مەن يازغۇچىلارغا ھېكايىنى مۇنداق ياكى ئۇنداق يېزىش توغرىسىدا بىرنەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ جەھەتتە بىرنەرسە دېگۈچىلىكىم يوق. ھېكايىلەرنى يازغۇچىلار ئەلۋەتتە تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرى بىلىدىغان بەدىئىي قانۇنىيەت بويىچە يېزىپ چىققان. ئۇ بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بولغىنى ئۈچۈن بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىشىنى جىددىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا «ئىجادىيەت» دېيىشكە بولىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ھاياتىي كۈچى، ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تۇرمۇش ئەڭ تۈپكى نەرسە، ئاندىن قالسا بەدىئىي پىششىقلاش مەسىلىسى. مەن پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نۇقتىدا، يەنى ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. چۈنكى ئوقۇغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ھېكايە. ئەگەر قاتتىقراق تەلەپ قويغاندا خېلى زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە يەنىلا ھېكايە ئەمەس. بۇ

نۇقتا ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى تەرەپلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

سېلىشتۇرما قىلىپ ئېيتساق، ھېكايىنىڭ ھەجمى ھامان پوۋېستتىن قىسقا بولىدۇ، خەت سانى ئاز بولىدۇ. لېكىن گەپ خەت سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى يېزىش ئۇسۇلىدا بولۇپ، پوۋېست پوۋېست ئۇسۇلىدا يېزىلىدۇ. ھېكايە ھېكايە ئۇسۇلى بىلەن يېزىلىدۇ. تەبىئىيكى، بىر يازغۇچى بۇرۇنقى يېزىش قانۇنىيەتلىرىنى تامامەن بۇزۇپ تاشلاپ مۇستەقىل ئىجاد قىلسا، ئۆزلۈكىدىن ياراتسا بولىدۇ. ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە ئېسىلىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بارلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ياكى مەلۇم شەكىلنىڭ ئاساسىي چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئۇنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر يولىلا يوققا چىقىرىش، دەل بۇ خىل شەكىلنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەممە شەيئى شۇنداق بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە قارىغاندا ئەنئەنىگە، تارىخنىڭ جۇغلانمىسىغا تېخىمۇ موھتاج. ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنە ۋە تارىخىي جۇغلانما بولمايدىكەن، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مول سەنئەت ياراتقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە قارىغاندا يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ موھتاج. ئاكتىپ ھالدا يېڭىلىق يارىتىلمىسا، يول كەڭ ئېچىلمىسا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىدىغان جانلىق سەنئەتمۇ بولمايدۇ. بۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنى. ھەر بىر ئىجادىيەتچى بۇ دىئالېكتىكىنى ئۆگىنىشى، ئىشلىتىشى زۆرۈر. بۇ نۇقتا ئارقىلىق ھېكايىدىكى ئەنئەنىۋى شەكىللەرنىڭ



ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتكەندە ئاندىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، زادى ھېكايىنىڭ چەك - چېگرىسى نېمە؟

مەن «ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي چۈشەنچە» لىرى، «ھېكايىچىلىك نىزامى» قاتارلىق كىتابلاردىن تېئورىيىلەرنى ئىشلەتمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت ئىجادىيەتچىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە پىكىرلىرىنى سۆزلىمەكچىمەن.

ئەدەبىيات تارىخىدىكى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھىم ئەسەرلەر دەپ ئاتالغان ھېكايىلەر تەبىئىيكى مەشھۇر رومانلار ئەمەس. لېكىن لۇشۈن مۇنداق دەيدۇ: «ھەشەمەتلىك كاتتا خاتىرە مۇنارىنىڭ يېنىدا ھېكايىمۇ تولۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇلار چوڭ - كىچىكلىك، ئېگىز - پەسلىك جەھەتتە بىر - بىرىگە مەدەتكار بولىدۇ. مەسىلەن: كاتتا سامگارامىغا كىرسىڭىز ئۇ يەردە تولىمۇ ھەشەمەتلىك، چىرايلىق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان نەقىشلەرنى كۆرىسىز، لېكىن نەقىشلەرنىڭ ھەر بىر قىسمىغا ئىنچىكىلەپ قارىسىڭىز، ئۇلار تولىمۇ ئۇششاق كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ئېنىق چۈشەنچە ئالىسىز، ئەنە شۇ ئۇششاق چۈشەنچىلەردىن پۈتۈن نەقىشنى تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز، يەنىمۇ ئېنىق تەسىرات ئالىسىز. دېمەك، ئۇلار ئاخىر سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى جەلپ قىلىدۇ».

ھېكايە بىلەن رومان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ رولىنى لۇشۈن ئىنتايىن دەل، ئېنىق ۋە سەممىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. لېكىن ھېكايە بولسا رومانىنىڭ بىر بۆلىكى، رومانىنىڭ بىر پارچىسىنى ئۈزۈۋالسىلا بىر ھېكايە بولىۋېرىدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ تۇرمۇش مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا شۇنداق بولىدۇ، لېكىن بەدىئىي ئىجادى-

يەت جەھەتتىن ھېكايىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆچمەس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. گەپ ئۈزۈۋېلىش ئۇسۇلىنى قانداق قوللىنىشتا، يەنى بىر مۇستەقىللىككە ئىگە ئەدەبىي ئەسەردە قانداق ماتېرىياللارنى ئېلىش، قانداق تاللاش، قانداق سىلىقلاشتۇرۇش، قانداق رەتكە سېلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئويلىماي بولمايدۇ. قىسقىسى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى دېگەن بىر مەسىلە بار. نۇرغۇن ھېكايىلەرنى قىسقارتىلغان پوۋېست دېگىنىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى كۆپ. مېنىڭچە بەدىئىي تۈزۈلۈشنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى ياكى ئاپتورنىڭ ئەستايىدىل بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەسەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ ئادەتتىكىچە ياكى چېچىلاڭغۇ بولۇپ چىقىشىمۇ ئەڭ مۇھىم نۇقتا.

ئۆزۈم ئوقۇپ چىققان بىرقانچە پارچە ھېكايىنى مىسالغا ئالاي: «مۇقەددەس ۋەزىپە» دېگەن ئەسەر بىر مەدھىيە ناخشىسى بولۇپ، بىزنىڭ ياش ئاپتورىمىز پېشقەدەم جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىنىڭ بىر ناھەق ئەنزىنى ئاقلاش يولىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، دەم مەردانىلىكىنى، دەم دولقۇنلاپ تۇرغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. ۋەقە 1975 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تېخى ئاغدۇرۇلمىغان، بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلار ماۋجۇشى، جۇزۇڭلىنىڭ تەستىقى بىلەن قايتىدىن خىزمەتكە كىرىشكەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا كۆرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىن، گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن ئەنزە ئەھۋالىدا مۇرەككەپ ئەگرى - توقايلىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئاپتور بۇنى مۇۋاپىق ئىگىلىيەلىگەن.

تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى تەسۋىرى: مەسىلەن، ئاساسىي قەھرىمان ۋاڭ گۇڭبۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم شەپكىسىنى ئېلىپ،



دۆلەت گىربىنىڭ ئىزى قالغان يەرلەرنى سىلاشلىرى، مۇناسىۋەتلىك جىنايەتچىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قان ئىزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەشلىرى، لىن فاڭشىڭ كېيىنكى بىر ئۆي ئالدىدا يېڭى ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ، شۇنچە كېچىدىمۇ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتمىگەن كۆرۈنۈشلىرى، ئەيخۇۋاغا ياڭ جىڭ ھەققىدىكى يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەتلەر ئوقۇپ قىلىشقان گەپ - سۆزلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىچكى جەھەتتىن زىچ باغلانغان. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى دولقۇنسىمان قىلىپ تۈزۈپ چىقالمىغان. بەلكى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ تەرتىپلىك ۋاستە بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ ۋەقەنى ئاستا - ئاستا ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇچۇق كۆرسىتىپ قويۇپ كىتابخانلارنى ئويغا سالالمىغان. پۈتۈن ھېكايىدە بايان تەسۋىرى كۆپ بولۇپ، گەرچە ۋەقەلىكى تەسىرلىك بولسىمۇ، لېكىن بەدىئىيلىكىنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى يېتەرلىك بولمىغان، مەزمۇنى ساپ بولسىمۇ، لېكىن رەتلىك ئەمەس، ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاخىرقى قىسىمنى شۇنداق قىلىش كېرەك.

9 - قىسىمدا ۋاڭ گۇڭبۇنىڭ قايتا يارىدارلىنىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇپ، پاك - پاكىز ئورۇن - كۆرپىدە ياتقىنىدا ئەيخۇۋا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىكى جىڭ جۈيجاڭ بىلەن ۋاڭ گۇڭبۇنىڭ يېنىدا قايتا پەيدا بولىدۇ. كېسەلخانا ئىچىدە ھېلىقى سۈيىقەستچى شۈي رۇچىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئەسلى ۋەقە شۇ يەردە ئاياغلىشاتتى، كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ يەتكىلى بولاتتى، نېمە ئۈچۈن يەنە ئوشۇقچە قەغەز، قەلەملەر ئىسراپ قىلىنىدۇ؟ كىتابخانلارنىڭ ئويلىشى ئۈچۈن ئازراقمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمايدۇ؟! مەن سەممىي

كۆڭلۈم بىلەن ئاپتورنىڭ سەمىگە سېلىپ قويايكى، ھېكايىنى
8 - قىسىمدا ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى، بىراق 9 - قىسىم-
دا ئاياغلاشقان. ھازىرقىسى ھەقىقەتەن بەك ئۇزۇن، بەك كۆپ
يېزىلىپ كەتكەن!

ئەگەر «مۇقەددەس ۋەزىپە»نى بىرىگە بىرىنى ئۇلاشتەك
ئاددىي ۋاستە بىلەن يازغان، تۈزۈلۈشى ئادەتتىكىدەك بولۇپ
قالغان دېسەك، ئۇنداقتا «كۆزنەك» دېگەن ھېكايىنىڭ باش
قەھرىمانىنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش جەريانىنى بەك ئۇزارتىۋەت-
كەن، يىپىدىن يىڭنىسىگىچە يېزىپ، باشتىن - ئاياغ چېچى-
لاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلالمىغان. «كۆزنەك»مۇ يېقىندىن بېرى مەن
ئوقۇغان مۇنەۋۋەر ھېكايىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر پويىز بېلەتچى
ساتقۇچى ئايالنىڭ ۋەقەسىنى يازغان. ئاپتورنىڭ تىلى ئەركىن
ۋە راۋان، گەرچە ئەدەبىي تىل ۋە يەرلىك تىللارنى ئىشلەتكەن
بولسىمۇ چۈشىنىكسىز، خۇنۈك تەرەپلىرى يوق. ئىخچام، روشەن،
جانلىق ۋە تېتىمىق يېزىلغان، بولۇپمۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى دەپ
ھېس قىلغىنىم شۇكى، ئەسەر ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋە ئىشلار
ئارقىلىق يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى يېزىپ
چىققان. باش قەھرىمان خەن يۈنەن راستچىل، ساپ، سەمى-
مىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ، قىلىدىغىنىمۇ سەبىي سەممىي-
لىك، ئۇنىڭ ھەمراھى شياۋجۇمۇ شۇنداق. ئۇلار بىرلىكتە بې-
كەتلەرنىڭ نامىنى، يول مۇساپىسىنى، لىنىيە خەرىتىسىنى سى-
زىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ يەرلىك گەپلىرىنى ئۆگىنىدۇ.
ئىككىسى تېخى مۇسابىقە پىلانلىرىنىمۇ يېزىپ چىقىپ، كىم
يولۇچىلار ئۈچۈن كۆپ ئويلايدۇ، كىم كەسپىي قابىلىيىتىنى
ئۆستۈرۈشتە چەبدەس بولىدۇ، دېگەنلەردىمۇ بەسلىشىدۇ. ھېكايى-
دە بەزى ۋەقەلىكلەر بىر قەدەر تەبىئىي يېزىلغان، ئەمەلىي تۇر-
مۇش تەسىراتى، بولمايدىكەن بۇنداق دېتالمۇ بولمايدۇ. ئاپتور



مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ئىچكى دۇنيانى ئېچىپ كۆرسەتكەن
بىر ئابزاسنى شۇنداق ياخشى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ھەقىقەتەن-
مۇ بەك ئېسىل چىققان. خەن يۈنەن ئىنتىپاق ئىچىدە تەنقىد
قىلىنىدۇ، لوبىڭشياڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى
ئەيىبلەيدۇ، خەن يۈنەن چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ. ئۆزى يالغۇز
دەريا بويىدا ماڭغاچ ئويلىنىدۇ، ئويلىغانسېرى كۆڭلى بۇزۇلىدۇ.
ئۇ ھېچ نەرسىگە قارىماي، ھېچ نەرسىنى ئويلىماي بېشىنى تۆۋەن
سالغان پېتى قالايمىقان ئايلىنىپ، تۇساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىسا يىراقتىكى تەيلىڭشەن تېغىنى بىر قەۋەت كۆك تۇمان
قاپلاپ، تاغ باغرىدىكى كۆز يەتكۈسىز دەريا سۈيىنىڭ شەرققە
قاراپ شارقىراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى، قۇياش نۇرىدىن يالتىراپ
تۇرغان دەريا يۈزىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇپ جىلۋىلىنىپ تۇرغانلى-
قىنى، كۆز يەتكۈسىز ئۇپۇق ئارىسىدا بىرنەچچە بۈركۈتنىڭ
لەرزان ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ... نېمىدېگەن گۈزەل
مەنزىرە! يېزىلغىنى ھەم تەبىئەت مەنزىرىسى، ھەم چوڭقۇر
ھېسسىيات.

ئاپتور ئادەتتىكى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇپ، ئادەت-
تىكى تۇرمۇش ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى كىشىلەرنى يارات-
قان. بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش. مېنىڭچە تولۇق بولمىغىنى يەنىلا
ھېلىقى ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلە — تۈزۈلۈش مەسىلىسىدۇر.

بۇ ھېكايىدە مۇخبىرلارنى زىيارەت قىلىش ئۇسۇلى قوللى-
نىلغان بولۇپ، ۋەقەلىكتە پېرسوناژنى باش قەھرىماننىڭ
ئاغزى ئارقىلىق بايان قىلغاچقا، تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى تەس-
ۋىرلەشتە بايانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىنچىكە ۋە تولۇق
ئېچىپ بېرىشكە ئىلاجسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شياۋ-
خەن بىلەت سېتىش تۆشۈكىدە ئولتۇرغان بىرىنچى كۈنىدىن
باشلاپلا تۈرلۈك ئادەملەرنى ئۇچراتقان، تۈرلۈك ئىشلارغا دۇچ

كەلگەن، تۈرلۈك قىيىن ئەھۋاللارغا يولۇققان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قەھرىماننىڭ ئىچكى ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ۋەقەلىك بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىنغاچقا تەكرارلىنىشتىن خالى بولالماي، كىتابخانلاردا بۇ خىل تۇيغۇنى ئازايتىش ئۈچۈن ئاپتور بەزى پارچىلارنى قەستەنگە قوشۇپ قويغان: لىپى شۇجىنىڭ زۇڭلى ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىدىن شياۋ خەن بىلەن شياۋجۇنىڭ ئورتاق تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقى، چاغان كۈنى شياۋ لۇ شياۋخەننىڭ ئائىلىسىگە بارغاندا ئانىسى شياۋ خەننى جياڭيۇ سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن شياۋخەنگە قولايلىق شارائىتنىڭ يارىتىلغانلىقىنى يازغان. يازغۇچى بەلكىم مۇشۇنداق قىلسام، بىر-بىرىنى چەتكە قاقتۇرماي، ئازراق ئۇنۇم ھاسىل قىلغان بولىمەن دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ھېكايىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا زورۇققان نەرسە تەبىئىي بولمايدۇ، ئەكسىچە يازغۇچىنىڭ ئىلاجسىز مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى ياكى راۋانلاشتۇرۇشقا ئىلاجسىز بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاجىزلىقتۇر.

بەزى ھېكايىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە، ھېكايىچىلىكنىڭ بەدىئىي قانۇنىيىتىگە ئانچە دىققەت قىلىنمىغان. بۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ئەمەس ياكى بەك ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ئەمەس. ھەممىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق — پروۋېست ياكى رومان يېزىشنىڭ ئۇسۇلى. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ھېكايىلىرى، بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ ھېكايىلىرىدە ھامان ئەڭ پىششىق بەدىئىي تۈزۈلۈش بار. ئەڭ ئېسىل تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ھۇزۇر بېرىدۇ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىكىمدە ئوقۇغان مۇپاسساننىڭ «مارجان»، دۇدېتنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ۋە «بېرلىننى قورشىۋېلىش» دېگەن ھېكايىلىرى، چېخوۋنىڭ بەزى ھېكايىلىرى شۇنداق يېزىلغاندەك قىلىدۇ.



بەدىئىي تۈزۈلۈشنى ئالغاندا «مارجان» دېگەن ھېكايىنىڭ دەسلەپكى ھالەت ئۆزگىرىشلىرى، «بېرلىننى قورشىۋېلىش» دېگەن ھېكايىنىڭ گىرەلەشتۈرۈلۈشى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشتىكى ماھارىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ۋاستە بىلەن ئاساسىي تېمىنىڭ ئىدىيىسىنى كۆرسىتىش، ئاساسىي تېمىنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، قويۇق پۇراققا ئىگە بولغان، ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان، كىشىلەرنى مەيۈسلەندۈرمەيدىغان قىلىپ يېزىش كېرەك.

ئەدەبىي ئىجادىيەت — يۈكسەك شەخس ئەمگەك. لېكىن قەدىمدىن كىشىلەر ئاغزىدا داستان بولۇپ كەلگەن ئەسەرلەر ھامان ئاپتور بىلەن كىتابخانلارنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. گەرچە تۈزۈلۈش، ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ مۇھىم ئىپادىلەپ بېرىدىغىنى پەقەت شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. مەشھۇر بولغان رومانلارنىڭلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى ناتايىن. ھەربىر سۈژەت، ھەر بىر قىسمىدا، ئاپتور ئەڭ كۆپ يازدى دېگەندىمۇ ئۇندىن يەتتە ياكى ئۇندىن سەككىز بۆلىكىنى يېزىپ چىقالايدۇ. قالغان ئۇندىن ئىككى ياكى ئۈچ بۆلىكىنى كىتابخانلارنىڭ ئويلىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشىگە قالدۇرىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى. ھېكايىگە كەلسەك، ئاپتور تېخىمۇ قىسقا يېزىش، كىتابخانلارنى تېخىمۇ ئويغا سېلىشى كېرەك. ھېكايىنىڭ تۈزۈ-

لۇشى ھەرگىزمۇ يەڭگىل، ئاددىي مەسىلە ئەمەس ياكى گويا كاۋا پىلىكىنى باراڭغا ئېلىپ قويسىلا بولىدىغاندەك ئاسان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئاشۇنداق دەپ قارىلىدىكەن، ناھايىتى زور بىلىمسىزلىك بولىدۇ. ماتېرىيال ئېلىش، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، پېرسوناژ يارىتىش سورۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تارتىپ ئەسەرنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتۇرۇشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇشەققەتلىك مېھنەت سىڭدۈرۈشكە، مۇستەقىل بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بەدىئىي قۇرۇلمىنى قول ئۇچىدىلا، خالىغانچە تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ گۈزەللىك ۋە بىر خىل ئىجادىيەت بولغىنى ئۈچۈن ھەر بىر ئاپتورنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغان ئىستېتىكا مەسىلىسىدۇر.



# IV

## ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە

### فاڭ چىڭ

ئەدەبىياتتىكى تۈپ مەسىلە — ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىش — ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان سىناق تېشى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرىدە: «ئاڭ شەكلىدىكى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى»، «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇخىل پېرسوناژلارنى يارىتىش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك» دېگەنىدى. ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى تۈپ تەلىپى توغ-

را بولۇشتىن ئىبارەت، پەقەت تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈر-
گەندىلا ئاندىن تۇرمۇشقا ئەكس تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئەسەر-
نىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆل-
چەم ئۇنىڭ ھەقىقىي بولغان - بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت. ھەقى-
قىي بولغان بولسا توغرا بولغان؛ ساختا بولغان بولسا، خاتا
بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئەدەبىيات ھەقىقىي بولۇشى شەرت.
ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىيلىكى باشقا نەرسە بولماستىن، تۇرمۇش
ھەقىقىتىنىڭ سەنئەتتىكى قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا گونچا-
روۋ: «مەن پەقەت ئۆچۈق كۆرگەن ۋە بىلگەن نەرسىلەرنىلا
يازىمەن» دېگەن. چىخوۋمۇ: مەن پەقەت خاتىرە ۋە ئەسلىمى-
لەرگە تايىنىپلا يېزىقچىلىق قىلىمەن، دېگەن. بۇ تۇرمۇشقا سا-
دىق بولۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېمەكتۇر.
ھەقىقىي سەنئەتنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ۋوينىچ ياز-
غۇچى بولۇشنى ئويلاپ باققان ئەمەس، لېكىن ئۆزى-
نىڭ ۋە كەسپداشلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىنقىلابىي سەرگۈزەشتىلىرى
ئۇنى «كۆكيۇن» نى يېزىشقا قىستىغان. گوركىينىڭ ماركسىزم-
نىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئىپا-
دىلەنگەن، كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن پرولېتارىيات
جەڭچىسى مەدھىيىلەنگەن «ئانا» رومانىنىڭ ماتېرىيالى نىژنى-
نوۋگورد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1902 - يىلدىكى «1 - ماي»
نامايىش ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بولۇپ، ئۇ ئىشچى
سامويىلوۋ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى سامويىلوۋانىڭ پروتوتىپىدىن ئېلىن-
غان، ياڭ مۇنىڭ «ياشلىق ناخشىسى» دا «18 - سېنتەبىر» دىن
«29 - يانۋار» غىچە بولغان بۇ تارىخىي باسقۇچتىكى دەۋر
قىياپىتى يانداش تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق ھەقىقىي ھالدا
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ، دەل ئاپتور ئۆزىنىڭ باشتىن كەچۈر-
گەن جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ سەنئەتتىكى قايتا ئىپادىلىنىشى، ياز-



غۇچىنىڭ «ئىنقىلابىي ھاياتقا بېغىشلىغان قېنى»①؛ دۇپېڭچېڭ-
نىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى»مۇ ئاپتور شەخسەن ئۆزى قاتناشقان
ئاشۇ ئۇلۇغ كۈرەشنىڭ تارىخىي «خاتىرىسى» دۇر②؛ تۇرمۇش
ھەقىقىتى — ئەدەبىيات ھەقىقىتىنىڭ ئاساسىي ۋە خام ئەشياسى-
دۇر، ھەرقانچە ئۇستا، ماھىر قولمۇ پەقەت ئالتۇن ۋە قاش-
تېشى ماتېرىيالى بولغاندىلا كۆركەم قاشتېشى ۋە ساپ ئال-
تۇننى تاۋلىيالايدۇ. ئاتالمىش «چاققان ئايال گۈرۈچسىزمۇ ئاش
ئېتەلەيدۇ» دېگەن گەپ يازغۇچىنىڭ سەنئەت
ماھىرلىقىنىڭ يۈكسەكلىكىگە قارىتا ئاشۇرۇپ ئېيتقان گېپى،
خالاس. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا تۇرمۇش ھەقىقىتىدى-
كى «ئاشلىق» نىڭ بولغانلىقىدىندۇر، ئۇنداق بولمىسا يېزىلغىنى
ساختا بولىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىيلىكى تۇرمۇش ھەقىقىتىدىن كەلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەقىقىتىنىڭ
تېيىز، بىر تەرەپلىمە ھالدا قايتا ئىپادىلىنىشى بولماستىن،
بەلكى تۇرمۇش ماھىيىتىنىڭ ھەقىقىتىگە نىسبەتەن سەنئەتتىكى
تاۋلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتۇر. تۇرمۇش «ھەقىقىتى» كۆپىنچە
پارچە - پۇرات بولىدۇ. بىز ئۇنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.
ھەقىقەت ئىچىدە ھامان ئالتۇنمۇ، داشقالمۇ بولىدۇ، بىز ئۇنىڭ
جەۋھىرىنى ئېلىۋېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىمىز، تەپسىلىي تال-
لىشىمىز ۋە تاۋلىشىمىز لازىم③؛ تاللاش ۋە تاۋلاشتىن ئۆتكەن

① ياڭمۇ «گۈزەل ياشلىق»، «يېڭى ئەدەبىياتقا دائىر تارىخىي ماتې-
رىياللار» 1978 - يىل.

② دۇپېڭچېڭ «يەنئەن مۇداپىئەسىنىڭ يېزىلىشى ۋە باشقىلار»، «خەلق
گېزىتى» نىڭ 1979 - يىل 19 - مارت سانىدىن.

③ لاۋشې «ئازراق تەجرىبە»، «بېيجىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»
نىڭ 1962 - يىل 1 - سانىدىن.

ھەقىقەت تۇرمۇش ھەقىقىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ ھەقىقىي، تېخىمۇ ماھىيەتلىك ۋە تېخىمۇ ساپ بولىدۇ. تېخىمۇ غايىلىك ۋە تېخىمۇ تىپىك بولىدۇ. شۇڭا گېگىل ئۇنى: «زور بىر توپ ئايرىم تاسادىپىي نەرسىلەر ئارىسىدىن تاللىۋېلىنغان رېئاللىق» ① دېگەن. لۇشۇنمۇ ئۇنى: «كۆنجۈتتىن تارتىلغان كۆنجۈت مېيى» ② دېگەنىدى. ئەلۋەتتە تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي بولغان ھەممە ھادىسىلەرنى ئىجادىيەت ماتېرىيالى قىلىپ ئەدەبىي ئەسەرگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. يازغۇچىلار «پاكىتلاردىن ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ» ③، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ھەقىقىتى ئارقىلىق ماھىيەتلىك ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىشى لازىم.

تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك ھەقىقەتلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرمىغاچقا، ئۇنى ئاسان تونۇغىلى بولمايدۇ، بۇ يەردە بىز بىر ھېكايىنى بايان قىلىپ باقايلى، بۇنىڭ مەسىلىنى ئوبدان چۈشىنىشىمىزگە پايدىسى بولۇپ قالار. نېكراسوۋنىڭ «دېكابىرىستىنىڭ ئايالى» تەسۋىرلەنگەن «رۇس ئاياللىرى» دېگەن داستانىدا پورگىنىسكايانىڭ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان دېكابىرىست ئېرىنى يوقلىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈشكەن چاغدىكى كۆرۈنۈشى مۇنداق يېزىلغان: «ئۇ ئېرىنى كۆرۈش بىلەنلا يۈكۈنۈشكە باشلىدى ـ دە، تېخى ئېرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەي تۇرۇپلا، ئاۋۋال تۆمۈر كىشەننى ئېلىپ لېۋىگە مەھكەم ياقتى...» ئېيتىشلارغا قارىغاندا دوستويېۋسكىي بۇنداق يېزىش ھەقىقىي ئەمەس، ئۇ كىشەننى سۆيمەستىن ئاۋۋال مۇقەررەر ھالدا ئېرىنى سۆيۈشى كېرەك ئىدى،

① «ئېستېتىكىلىق بىلىم»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 196 ـ بەت.
② «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 221 ـ بەت.
③ گوركىي: «ياش ئاپتورلارغا»، 119 ـ بەت.



دەپ ھېسابلىغان. بۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئوخشاش بولمىغان بىر چۈشەنچە مەسىلىسى پەيدا بولىدۇ. پورگىنىسكايا نېمە ئۈچۈن كىشەننى سۆيىدۇ؟ بۇنداق يېزىش زادى ھەقىقىيمۇ ـ يوق؟ ئۇ نەۋرىلىرىگە بىر تۆمۈر بىلەيزۈكنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ بىلەيزۈك «بوۋرۇن بوۋىلىرىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان تۆمۈر كىشەندىن سوقۇلغان...». بىز جاۋابىغا ئېرىشتۇق، ئۇنىڭ كىشەننى سۆيۈشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىسى بار، ئۇ «خورلۇق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ سىمۋولىنى مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشتىكى باتۇرانە روھنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى»، دوستويېۋسكىينىڭ قارىشى يۈزەكى، ئادەتتىكىچە قاراش بولۇپ، نېكراسوۋنىڭ ئاشۇنداق يېزىشى دەل يۈزەكى ھەقىقەت ئارقىلىق ماھىيەتلىك ھەقىقەتنى كۆرسىتىش ئىدى.

ئەلۋەتتە، دوستويېۋسكىينىڭ ئېيتقىنىمۇ تۇرمۇشتا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ھادىسە، لېكىن «دېكابىرىستىنىڭ ئايالى» ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ ماھىيەتلىك ھەقىقەت ئەمەس. بىر يازغۇچى پەقەت دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ئارقىلىق ئۆزگىرىپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چېۋەرلىك بىلەن تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ خىل ماھىيەتلىك ئىچكى تۇرمۇش ھەقىقىتىگە دائىر بىلىملەرگە ئېرىشەلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ تونۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن مۇھىم. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يې شې: يازغۇچى «ئىقتىدار، جۈرئەت، تونۇش ۋە كۈچ» تىن ئىبارەت تۆت شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان. بۇ تۆتى ئىچىدە تونۇش باشلامچى بولۇپ «تونۇش ئوچۇق بولغاندىلا جۈرئەت چوڭ بولىدۇ»، «تونۇش ئاساس قىلىنغاندىلا قابىلىيەت ئىشلىنىدۇ»، تونۇپ يەتكەندىلا پىكىر ئاندىن راۋان

بولىدۇ. ماھىرلىق ئەركىن ئىشلىتىلگەندىلا تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۈنۈملۈك ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يىغىنچاقلاش، تاۋلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق تاسادىپىي، يۈزەكى ۋە غەيرىي ماھىيەتلىك ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، تۇرمۇش ھەقىقىتى ۋە دەۋر ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. بۇ — نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەر ئىسپاتلىغان بىر ھەقىقەت.

مەسىلەن: لېۋ. تولستوينىڭ «تىرىلىش» دېگەن ئەسىرىدە ئاپتور دەسلەپتە ئەسەرنى جىنايەتچى ئايال ھەققىدىكى ھېكايىنى ئەسلى ماتېرىيال قىلىپ يازغاندا تامامەن تۇرمۇشنىڭ يۈزەكى نەرسىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ ھېكايە ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق كۆرەلمىگەن. كېيىن ئاپتور تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدىلا، ئاندىن ئايال قەھرىماننىڭ تراگېدىيىلىك تۈگۈنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى تونۇغان، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھېكايىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ تراگېدىيىلىك خاتىمىسىگىچە ھەممىسىنى تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگەرتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ غايەت زور پىپەن كۈچى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ماھىيىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات تۇرمۇش ماھىيىتىنى كۆرسەتكەن چاغدا، تۇرمۇش ماھىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي يۈزەكى قىياپىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. ماھىيەتنى ئابستراكت، يالىڭاچ ھالدا سۆزلىمەسلىك كېرەك.



جاۋ شۇلىنىڭ «سەنلىۋەن» دېگەن ئەسىرىدە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكى، دېھقانلار بۇ يولدا ماڭغاندىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدىغانلىقى يېزىلغان. ئۇ، ئۇنى ئاددىي، قېتىپ قالغان ھالدا ئىپادىلىمەستىن، بەلكى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر كۈرىشى ۋە كونكرېت تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە قانداق ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يېزىدا كوللېكتىپلىشىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭغانلار ۋاڭ جىنشىڭ ۋە جاڭ يۈڭچاڭ قاتارلىق ئىلغارلاردۇر. لېكىن باشقا بىر قىسىم دېھقانلارمۇ بار. «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىكى بىر خىل مەركەزدىن قاچقۇچى كۈچ، بۇ خىل مەركەزدىن قېچىش كۈچى كوپېراتسىيە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئاممىغا، بىر قىسىم ئەزالارغا، بىر قىسىم ياشلارغا، ھەتتا بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىغا ھەمىشە تەسىر قىلىدۇ. كوپېراتسىيە خىزمىتىنى باشقۇرۇش جەريانىدا، پارتىيە مەركەزدىن قاچقۇچى بۇ خىل كۈچلەر بىلەن دائىم كۆرەش قىلماي تۇرالمىدى. مەن بۇ خىل مەركەزدىن قاچقۇچى كۈچلەرنى پىپەن قىلىش ئۈچۈن يەنە مادوشۇۋ ئەر-خوتۇن، يۈەن تيەنچىڭ ئەر - خوتۇن، پەن دىڭگاۋ ۋە مايوۋى قاتارلىق كىشىلەرنى يازدىم»①. ئاپتور دەل ئۆتكۈنچى دەۋردىكى دېھقانلارنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ، بۇ ئاتالمىش ئوتتۇرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، كونكرېت ھەرىكىتى ۋە كونا بىلەن يېڭى كۈچلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق، ئاخىر كوپېراتىپقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىرىدىغان-

① جاۋ شۇلى — «‹سەنلىۋەن› نى يېزىشىمنىڭ ئالدى - كەينىدە»، «ۋېنيىخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1959 - يىل 19 - سانىدىن.

لارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەش ئارقىلىلا، ئاندىن يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، كوللېكتىپلىشىش يولىنىڭ بىرنەچچە يۈز مىليون دېھقاننىڭ مېڭىشىغا تېگىشلىك پارلاق يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ خىل تۇرمۇش ماھىيىتى ۋە دەۋر ھەقىقىتى مۇرەككەپ شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە كونكرېت تۇرمۇش مەنزىرىسىدە تەبىئىي ھالدا ئىپادىلەندى، شۇڭا ئۇ ھەقىقىي، جانلىق ۋە تەسىرلىك بولدى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات شۈبھىسىز ھالدا پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىنى تىرىشىپ يارىتىشى ۋە قىزغىن مەدھىيىلىشى، ئۈلگە تىكلەپ، خەلقنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىنى تىرىشىپ مەدھىيىلىدى. كۆپلىگەن پاكىتلار ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ نەتىجىلەرنى «ئاقلىق نەزەرىيىسى» يوققا چىقىرالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچىلىرىمىز يېڭى ئۇزۇن سەپەردىكى قەھرىمانلارنى تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەش ئارقىلىق بۇ ئۇلۇغ قەھرىمان دەۋرىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. مەسىلە، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىرىنى يارىتىشمۇ ياكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا ئوخشاش سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، تۇرمۇشتا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ساختا «ئىلاھ» لارنى ئويدۇرۇپ چىقىشمۇ دېگەندىن ئىبارەت. ئەمەلىي تۇرمۇش روشەن ئىسپاتلىدىكى، باشلىنىشتىلا «مۇكەممەل» بولغان قەھرىمانلار زادى بولغان ئەمەس. ئۇ ئاۋۋال ئاددىي ئادەم بولۇپ، تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىپ قەھرىمان بولغان. ھەتتا، قەھرىمان بولۇپ ئۆسۈپ



يېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئىنتايىن «مۇكەممەل بولۇشى» ناتايىن. چۈنكى «ئالتۇن ساپ بولمايدۇ، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ». قەھرىمانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدۇر. ئۆسۈپ يېتىلىشى بولمىغان قەھرىمان مەۋجۇت ئەمەس. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە قەھرىمانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تەسۋىرلەنسە، قەھرىمانلار ئوبرازىغا قىلچە نۇقسان يەتمەيدۇ. «چاپايېۋ»، «دۇڭ سۈنرۈي» ۋە «شەرق» قاتارلىق ئەسەرلەردە باش قەھرىماننىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى كونكرېت تەسۋىرلەنگەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلاردا بەزى كەمچىلىك، ھەتتا خاتالىقلار بولسىمۇ ئۇلاردىن ئۆگەنمەي قالمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كىتابخانلار دەل ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى يېڭىپ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش جەريانىدىن پارتىيىنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ھېس قىلىپ، ئىنقىلابىي تەربىيە ۋە تۇرمۇشنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئىگە بولىدۇ. «دېرىزە» دېگەن يۇنەن رېئال تۇرمۇشىدىكى ئىلغار شەخستۇر. ئەنە شۇنداق بىر شەخسمۇ ئەگرى - توقاي يوللار ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا ئۇقۇشمىسىزلىق تۈپەيلىدىن ئىدىيىۋى زىددىيەت پەيدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پارتىيىنىڭ تەربىيىسى، تۇرمۇشنىڭ تاۋلىشى ۋە سىنىقى ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، بۇ — دەۋر ھەقىقىتى، تۇرمۇش ھەقىقىتى. يولداش جۇئېنلەي ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئىلغارلارنى يازغاندا، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى يېزىش كېرەك»①.

① «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچىنچى گەۋدىلەندۈرۈش» نى ئۈزۈل - كېسىل پەيدا قىلايلى». «خەلق گېزىتى» نىڭ 1977 - يىل 17 - ئىيۇل سانىغا قارالسۇن.

ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ماتېرىيالىستىك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ۋە يازغۇچىلاردىن رېئالىزملىق پرىنسىپ بويىچە ھەقىقەتنى يېزىشنى پائال تەكىتلىمىگەن ۋە ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمىگەنلەر يوق، دۆلىتىمىزدە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا، ماتېرىيالىستىك مۇتەپەككۇر ۋاڭ چۇڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساختا ئەدەبىيات ئىستىلىغا قارىتىپ، «ساختىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ساددىلىق بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چىنلىقنى تەكىتلەپ، ساختا تەشەببۇسلارغا قارشى تۇرغانىدى. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە شەكىلۋازلىق ئىستىلى قايتا پەيدا بولغان، نەتىجىدە ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ، چىنلىقنى يوقاتقان، بۇ خىل ئومۇمىي زىيانكەشلىككە قارىتىپ، لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇشېي ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر «ۋېنشىن دياۋلۇڭ» دېگەن يىرىك ئەسەر يېزىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى قاپلىۋالغان چۈشكۈن، غەلىتە ئەدەبىيات ئىستىلىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگەن، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىن ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي «تەبىئەت» تە، ئۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، دەپ ھېسابلىغان.

XVIII ئەسىردە پەيدا بولغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى — ئەدەبىيات تارىخىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك چوققا، ئۇنىڭدا كەڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە قەبىھ جىنايەتلىرى ھەقىقىي تۈردە تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق جەم-



ئىيەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا يىمىرىلىشكە قاراپ ماڭىدىغان تارىخىي تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. لۇشۈن «جۇڭگو ھېكايىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا مۇنداق دېگەن: «بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە چىنلىق مەۋجۇت بولغانلىقى، ئاڭلىغان - كۆرگەن تارىخىي نەرسىلەرنىڭ يېزىلىشىمۇ چىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يېپيېڭى نەرسىگە ئايلاندى»، چىنلىق بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىسى ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنى فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىشى بۇ ئەسەرگە بېرىلگەن ئادىل باھا ئىدى.

غەرب ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بۇ خىل مۇنەۋۋەر ئەنئەنىگە ئىگە ئەسەرلەر بار. قەدىمكى گرېتسىيىدىكى ئارىستوتېلنى چىنلىقنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئاساس سالغۇچى دېيىش مۇمكىن. ئۇ «شېئىرنامە» دېگەن ئاتاقلىق ئەسىرىدە «تەقلىد قىلىش» نى تىلغا ئالغاندا، ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن «تەقلىد قىلىش»تۇر، شۇڭا «بولۇپ بولغان ياكى ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە رىۋايەتتىكى كىشىلەر ئىشىنىدىغان ئىشلار [illegible] يېزىش كېرەك. ئۇ بولغان ئىشلار بولۇشى لازىم» دەپ ھېسابلىغانىدى. ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە رېئالىزملىق سەنئەتنىڭ پىرى شېكسپىر ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ سەنئەت تەشەببۇسىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ھەقىقىي تۈردە قايتا بايان قىلىپ بەردى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «ھاملېت» نى ئالايلى، ئۇنىڭ ماتېرىيالى گەرچە دانىيە پادىشاھىنىڭ ئوغلىنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشى ھەققىدىكى ھېكايە بولسىمۇ، يېزىلغىنى ئەنگلىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بولۇپ، شەخسپىلەرگە قەدىمكى زامان كىيىم - كېچەكلىرى كىيدۈرۈلۈپ

رېئاللىق كۆرسىتىلگەن تراگېدىيىدۇر، رېئال تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، دەۋر قىياپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ خىل ئەسەرگە ماركس يۇقىرى باھا بېرىپ «شېكسپىرلەشتۈرۈش» دەپ ئاتىغانىدى.

XIX ئەسىردىكى ئەڭ زور تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچى بالزاك فرانسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخىنى «كىتابنامە» قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن يېزىقچىلىق قىلدى. «كىتابنامە» قىلىش — تۇرمۇشنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «ئىنسان كومېدىيىسى» يۈكسەك ھەقىقىيلىك بىلەن يېزىلغان ئەسەردۇر. ئۇ 1816 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇز يىل ئارىلىقىدىكى فرانسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كەڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قىسسىسىنى ياراتتى. ئېنگېلس ئۇنى «رېئالىزمنىڭ پىرى» دەپ ئاتىدى. لېۋ. تولستوي ئۆزىنىڭ ھەمىشە ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىدىغانلىقىنى، يازغۇچىلارغا «شەيئىنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە شەيئىلەرگە قاراش»① ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ۋەكىللىك ئەسىرى «تىرىلىش» تە سەزگۈر رېئالىزملىق ئىدىيە بىلەن روسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئارقىلىق، ئاندىن چار پادىشاھ تۈزۈمى ئاستىدىكى روسىيە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسۋىرلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە «روسىيە تۇرمۇشىنىڭ تەڭداشسىز سۈرىتى»② نى ياراتتى. ستېندالنىڭ «قىزىل ۋە قارا» دېگەن ئەسىرى

① «تولستوي خاتىرىلىرىدىن پارچىلار»، «خەلق ئەدەبىياتى» 1957 - يىل 1 - سانىدىن.

② لېنىن: «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت توغرىسىدا»، 1 - توم 282 - بەت.



بىلەن لېرمونتوۋنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئەسىرىنىڭ قىممىتىمۇ شۇ يەردىكى، ئۇلار شەخس ۋە جەمئىيەت ھەل قىلالمايدىغان زىددىيەتلەرنى كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزنى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بىرەر يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھامان ئۇنىڭ دەۋرنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆپ بولمىغان بىرنەچچە يازغۇچى ئەسەرلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ئەھۋالى مىسالغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن رېئالىزملىق ھەقىقەتنى يېزىشتىن ئىبارەت مۇنەۋۋەر ئەنئەنىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكىلەر بۇرۇنقى دەۋرنىڭ قىياپىتى ۋە دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزگە ياخشى ئەنئەنىلەرنى قالدۇردى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنغان بۇ خىل رېئالىزملىق نەزەرىيە روسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتلىرىدىن بولغان ئۈچ چوڭ ئاتاقلىق تەنقىدچى بېلىنسكىي، دوبرولىيوبوۋ ۋە چېرنىشېۋسكىي دەۋرىگە كەلگەندە يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «سەنئەتنىڭ بىرىنچى مەقسىتى رېئاللىقنى قايتا ئىپادىلەش» دەپ قاراپ، ئەدەبىيات تۇرمۇشقا سادىق ھەم چىن بولۇشى كېرەك، دېگەنلەرنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ ئالدىنقى كىشىلەرنىڭكىدىن بىر قەدەر توغرىراق بولدى. بېلىنسكىي بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ، تىپىكلەشتۈرۈشنى ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى ئورنىغا كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ماھىيەتكە بېرىپ تاقالدى. ئۇ ئەدەبىي چىنلىق ھەققىدە: «رېئاللىقتىن كۆچۈرۈۋېلىنغان نەرسە بولماستىن، بەلكى شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇرى يېتەكلىگەن ئومۇمىي ئەھمىيەتلىك (يەككە، قىسمەن، تاسادىپىي ئەھمىيەتلىك) نۇرلار تەرىپىدىن يورۇتۇلغان، ئۈنچە - مەرۋايىت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پاكىتلاردۇر. شۇڭا بۇ پاكىتلارنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش رېئاللىقنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈۋالغانغا قارىغاندا، تېخىمۇ تېپىك بولىدۇ»① دېدى. دوبرولىيوبوۋ ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى تۇرمۇش ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، دەپ تېخىمۇ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەلۋەتتە ئۇنتۇمايمىزكى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ماتېرىيالىستىك ئەدىبلەر، نەزەرىيىچىلەر ۋە يازغۇچىلار تەشەببۇس قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن ئەدەبىي چىنلىق ئالاھىدە سىنىپىيلىق ۋە دەۋر مەزمۇنىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان تارىخىي چەكلىمىلىكى بار ئىدى. ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنى ھەققىي ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ماركسىزم ئەدەبىيات نەزەرىيىسى سىستېمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئىشقا ئاشتى.

ماركسىزمنىڭ ياراتقۇچىلىرى ماركس ۋە ئېنگېلس جەمئىيەتنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بويىچە تونۇپ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي

① «بېلىنسكى ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 111 - بەت.



ھالدا چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىپ، بۇ ئاساستا ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە سىستېمىسىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزمچىلار ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق نەزەرىيىچىلەر ۋە يازغۇچىلارغا قارىغاندا ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى تەكىتلىدى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەققىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ماركس، ئېنگېلس ھامان قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەردى. ماركس XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە رېئالىزم يازغۇچىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دەپ ماختىدى: «ھازىرقى زاماندىكى ئەنگلىيىنىڭ بىر گۇرۇھ كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلىرىنىڭ ئوچۇق - راۋان ۋە كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەسۋىرلىرى دۇنياغا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەنلىرى سىياسەتچىلەر، سىياسىي ئوبزورچىلار ۋە تەرغىباتچىلارنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىگەن خىزمىتىدىنمۇ كۆپ بولدى...» ①. ئېنگېلس شېكسپىرنىڭ «ۋىنىپىتسىيىدىكى سەتەڭلەر» دېگەن ئەسىرىدىكى مول چىنلىقنى ماختاپ: يالغۇز ئۇنىڭ بىرىنچى پەردىسىدىكى تۇرمۇش ۋەقەلىكى پۈتۈن گېرمانىيە ئەدەبىياتىنىڭكىدىنمۇ كۆپ، يالغۇز گىلابەي ئېتىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ھېلىقى لېيەنسىمۇنىڭ قىممىتىمۇ گېرمانىيىنىڭ بارلىق دراممىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىدىن ئارتۇق، دېگەنىدى. بالزاكنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تۇرمۇشنىڭ يۈكسەك چىنلىقىغا قارىتا ئېنگېلس مۇنداق دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى: «ئىنسان كومېدىيىسى» بىزگە فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ پارىژدىكى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ مەشھۇر

① ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، 2 - توم 468 - بەت.

رېئال تارىخنى يەتكۈزۈپ بەردى... مېنىڭ بۇ يەردىكى ھەتتا ئىقتىسادىتىكى ئۇششاق دېتاللاردىن (مەسىلەن، ئىنقىلاب بولغاندىن كېيىن يۆتكەلگەن ۋە يۆتكەلمىگەن مەھسۇلاتلارنى يېڭىباشتىن تەقسىم قىلىشتىن) ئۆگىنىۋالغان نەرسىلىرىم ئەينى ۋاقىتتىكى كەسپىي تارىخشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ستاتىستىكىشۇناسلاردىن ئۆگىنىۋالغان ھەممە نەرسىدىنمۇ كۆپ بولدى①، ئىنقىلابىي ئۇستازلار تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنى قىزغىن ماختاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقىقىي بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ قاتتىق تەنقىد قىلغان. مەسىلەن، «ھەقىقىي سوتسىيالىست» شائىر دەپ ئاتالغان پىلكىلات بىر شېئىرىدا: بىر توپ ئاچ قالغان ئادەم ئارقا سەپ ھەربىي لازىمەت ئامبىرىغا ئۇچقاندەك كىرىپ، ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ مىلتىقلارنى ئېلىپ چىقتى، كېيىن «چاقچاق قىلغاندەك» پايتەخت شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى، نەتىجىدە قوغدىنىۋاتقانلار گۇمران بولۇپ، خانلىق تاج يەرگە چۈشۈپ، ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ ئىنتايىن ساختىلىق ئىدى. ئېنگېلس ئۇنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلىپ: «ھەرقانداق جايدىكى ئىنقىلابنىڭ ئورۇنلىنىشى پىلكىلاتنىڭ مېڭىسىدىكىدەك ئۇنداق خۇشاللىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن بولغىنى يوق» ② دېگەنىدى. چوڭقۇر ۋە جانلىق بولغان بۇ باھادىن بىز ئىنقىلابىي ئۇستازلارنىڭ ئەدەبىي چىنلىققا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى تەرىپلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ماركس، ئېنگېلس ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىيلىكىنى قانداق ئىپادە قىلىشقا قارىتامۇ ئوچۇق پىكىرلەرنى بەرگەن. ئەدەبىيات -

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم 462 - بەت.

② ماركس، ئېنگېلس «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا»، 3- توم 177 - بەت.



سەنئەت مەسىلىسىگە دائىر داڭلىق بەش پارچە خېتىدە بۇ پىكىرلەر ئەڭ تولۇق شەرھلەنگەن. چۈشىنىشىمىزچە، ئۇنىڭدىن ئاز بولغاندىمۇ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز لازىم.

ئەڭ ئاۋۋال يازغۇچىلار ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، «رېئال مۇناسىۋەت»لەرنى ھەقىقىي تۈردە تەسۋىرلىشى كېرەك. ئېنگېلس 1858 - يىلى م. كائۇتسكىغا يازغان خېتىدە «خاھىش» مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغىنىدا «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي تەسۋىرلەش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «رېئال مۇناسىۋەت» دېگىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەر كۆرۈشىنىڭ بىرلىكىدۇر. بۇنىڭدا ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارىياتقا قارىتقان ئېكسپلاتاتسىيىسى بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئېزىش بىلەن قارشىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «تۇرمۇش ماھىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى سىنىپىي قارشىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلىشى كېرەك، پەقەت بۇ خىل مۇناسىۋەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش ھەقىقىتى ۋە تارىخ قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىلا، ئاندىن بۇ مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئەنئەنىۋى خام خىياللارنى بۇزۇپ تاشلىغىلى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى تەۋرىتىپ ھازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى توغرىسىدىكى گۇماننى مۇقەررەر ھالدا يوقاتقىلى»①، ئېزىلگۈچى

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم 454 - بەت.

خەلقلەرنى ئۇيغىنىشقا قوزغاپ، ئىشچىلار سىنىپى ئازادلىق كۆرىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ئېنگېلسنىڭ بۇ تەلىپى تەنقىدىي رېئالىزم ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. لېكىن «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي تەسۋىرلەش» كە ھەرقانداق دەۋردىكى ئەدەبىيات موھتاج. ئىنقىلابىي رېئالىزم «رېئال مۇناسىۋەت»لەرنى ھەقىقىي تۈردە تەسۋىرلەشكە تېخىمۇ موھتاج. پەقەت دەۋر ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن «رېئال مۇناسىۋەت»لەرنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا يازغۇچىلار تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دەۋردىكى زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ھەقىقىتىنى ئېچىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك شەخسلەر» نى يارىتىش لازىم. ئېنگېلس 1888 - يىلى م. خاركىنىسقا يازغان خېتىدە ناتۇرالىزمنى تەنقىد قىلىپ، رېئالىزمنى تەكىتلەپ ۋە تىپ بىلەن رېئالىزمنى بىرلەشتۈرۈپ، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەن. ئېنگېلس: «رېئالىزمنىڭ مەقسىتى ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقىي بولۇشىدىن تاشقىرى، يەنە تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك شەخسلەرنى قايتا ئىپادىلەش دېمەكتۇر» ① دەپ ھېسابلىغان. بۇ — رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى ئۈچ جەھەتتىنى، يەنى ۋەقە تەسۋىرى، تىپىك شەخس ۋە تىپىك مۇھىتنىڭ ھەقىقىي بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەنلىك. پەقەت ۋەقەلا ھەقىقىي بولسا، ئۇ ناتۇرالىزم بولىدۇ. مۇھىمى تىپىك مۇھىتنىڭ ھەقىقىي بولۇشى، تىپىك مۇھىت ھەقىقىي بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم 463 بەت.



شەخسلەرنى تىپىكلەشتۈرگىلى، ھەقىقىي قىلغىلى بولىدۇ. تىپىك مۇھىت بولمىسا، تىپىك شەخسلەرمۇ بولمايدۇ. تىپىك شەخس بولمىسا، رېئالىزملىق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ - دە، رېئاللىقنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئېنگېلس ئېيتقان تىپىك مۇھىت — شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چۆرىدەيدىغان ھەمدە ئىلگىرى سۈرىدىغان «مۇھىت» بولۇپ، دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم — ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى ھامان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. خاركىنىسنىڭ «شەھەر قىزى» دېگەن ئەسىرىدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەش ھاياتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى دېيەرلىك چىن بولمىغان، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، ئاپتور ئەسىرىدە تىپىك دەۋر مۇھىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا سەل قاراپ، شەخسلەر بىلەن تىپىك مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنى ئىنتايىن پاسسىپ ۋە قىلچە تەشەببۇسكارلىقى يوق قىلىپ يېزىپ قويغان، ئەللىك نەچچە يىلدىن ئاۋۋال مۇشۇنداق يېزىش ھەقىقىي بولغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئىشچىلار سىنىپى ماركس، ئېنگېلسنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بىرنەچچە ئون يىل كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، سىنىپىي ئاڭ سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەچكە، يەنە ئاشۇنداق يېزىش ھەقىقىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇنىڭدىكى تۈگۈن شۇ يەردىكى، ئاپتور شەخسلەر ھەرىكەت قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى يېرىم ئەسىر كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئەسەردە تىپىك شەخسلەرنى يارىتىش مۇمكىن بولماي قېلىپ، تۇرمۇش ماھىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولمىغان، شۇڭا يازغۇچىلار شەخسلەرنى يەككە ھالدا تەسۋىرلىمەستىن، تىپىكلەشتۈرۈشتەك

سەنئەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق شەخسلەرنى تېپىك مۇھىتقا قويۇپ يارىتىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇ رېئال ۋە چىن بولغان بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سىياسىينىڭ سەنئەت ھەققىدىكى مايىللىقىنى تەسۋىرلەشتە سىياسىي بىلەن چىنلىقنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بەرگەن چاغدا، پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، ھامان ئاۋۋال ئەسەرنىڭ سىياسىي خاھىشىغا دىققەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىي ئەسەردىكى سىياسىي خاھىش ئەدەبىي تەسۋىردىكى چىنلىق بىلەن مەھكەم بىرلىشىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ، ئۇنى يەككە ھالدا ھەقىقىيلىكىنىڭ سىرتىغا قويۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ سەنئەت بولماي قالىدۇ ياكى ناچار سەنئەت بولۇپ قالىدۇ. م. كائۇتسكى ئۆزىنىڭ «كونا ۋە يېڭى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغان، شۇڭا ئېنگېلس ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە ئۇنىڭدىكى «خاھىش» نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ شەخس خاسلىقىنى «پاسسىپ ھالدا پرىنسىپ بىلەن بىرلەشتۈرۈش» ئارقىلىق خاھىش ئالاھىدىلىكىنى «كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى» دەك كەمچىلىكىنىمۇ تەنقىد قىلغان. بۇ مەسىلە نېمە ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ؟ ئېنگېلس بۇنى بىۋاسىتە ئۆز جايىدىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىز بۇ كىتابقا ئۆزىڭىزنىڭ مەيدانىنى ئاشكارا كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ دەپ قاراپ، پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ئۆز ئېتىقادىڭىزنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.»① ئەدەبىي ئەسەر سىياسىي - نەزەرىيىۋى ماقالە ئەمەس. ئاپتور ئەسەردە يەتمەكچى بولغان سىياسىي ئېتىقادىنى

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم 462 — 463 - بەتلەر.



ئۆزى چۈشەندۈرمەستىن، بەلكى ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىش لازىم. شۇڭا ئېنگېلس مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: «خاھىش ئالاھىدە كۆرسىتىلمەستىن، بەلكى تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىشى كېرەك»①. ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن، ئېنگېلس خاركىنېسقا يازغان خېتىدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاپتورنىڭ قاراشلىرى قانچە يوشۇرۇن بولسا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇنچە ياخشى» ھەمدە بالزاكنىڭ «ئاپتورنىڭ قاراشلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ»، «قىلچە يوشۇرماستىن»، «ماختاش»، «ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەشەددىي دۈشمىنى» دېگىنىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، رېئالىزم ئەدەبىياتىدىكى سىياسىي خاھىشنىڭ چىنلىق ئىچىدىلا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر يازغۇچى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشنى سۇبيېكتىپ خىتابىنىڭ ئورنىغا دەسسەتسە، ئۇ ھالدا سىياسىينى كۈچلۈك ئىپادە قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقىنىمۇ بۇزۇپ قويىدۇ، چىنلىق بۇزۇپ تاشلانسا، سىياسىيۋىلىكمۇ بۇزۇپ تاشلانغان بولىدۇ. شۇڭا سىياسىيۋىلىكنى چىنلىق ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە بولىدۇكى. ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت.

ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدە چىڭ تۇرۇش — ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ يادروسى، شۇنداقلا ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ يادروسى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى. چىنلىقتا

① «روسىيە كلاسسىك يازغۇچىلىرى توغرىسىدا»، 1 - توم 520 — 521 - بەتلەر.

قارشى چىققان بارلىق سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسى ماركسىزمنىڭ
قانۇنىيەت ۋە ئەنئەنىلەرگە قارشى چىققانلىق.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش — زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ بىرلىكى. ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈرىشى — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ جېنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بۇ — تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيىتى، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ھەقىقىتىدۇر. لوناچارسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت — تەرەققىيات دېمەكتۇر، ھەقىقەت — توقۇنۇش دېمەكتۇر، ھەقىقەت — كۈرەش دېمەكتۇر، ھەقىقەت — ئەتە دېمەكتۇر.» ئىنقىلابىي يازغۇچىلار ئەمەلىي تۇرمۇشتىن چىقىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەندە ئىنقىلابىي، ئىلغار ۋە گۈزەل شەيئىلەرگە مەدھىيىلەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشى، ئەكسىيەتچى، قالاق ۋە سەت نەرسىلەرگە تەنقىدىي پوزىتسىيە قوللىنىپ، كونا نەرسىلەرنى چەتكە قېقىشى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى، يېڭى ھاياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈزەل شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن «ئەتە» گە يول ئېچىشى تەبىئىي. بۇ، گوركىي ئېيتقان ئەدەبىياتنىڭ كىندىك ئانا ۋە گوركارلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي رولىدۇر.

شۇڭا ئىستىقبالنى مەدھىيىلەش، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش— ئىلغار ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگەن ئىلغار يازغۇچىلار، ئومۇمەن، ھەم ئىستىقبالنى مەدھىيىلىگەن، ھەم قاراڭغۇلۇقنى قامچىلىغان. ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى يازغۇچىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئىستىقبال بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى



خىل كۈچنىڭ ئېلىشىشىنى روشەن مۇھەببەت - نەپرەت پوزىتسىيىسى بىلەن يېزىپ، ئىستىقبال تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ يوقىلىشىنىڭ مۇقەررەر مەنتىقىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىدا. قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىك قانۇنىيىتى بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، شەيئىلەر زىددىيىتىدىكى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بىر - بىرىگە بېقىنغان بولىدۇ. بىزنىڭ خالىسلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن ئەمگەك قىلغانلارنى ماختىشىمىز باشقىلارغا زىيان سېلىپ ئۆز مەنپەئىتىنى دەيدىغان، پاسسىپلىق بىلەن ئىشنى ئاقسىتىدىغانلارنى پىپەن قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۇنيادا توخۇ يۈرەكلەر بولمايدىكەن، قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىشىمىز ھاجەتسىز. شۇڭا ئىستىقبالنى مەدھىيىلەش قاراڭغۇلۇقنى تەنقىد قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى تەنقىد قىلىشمۇ ئىستىقبالنى مەدھىيىلەشكە ھامىلدار بولغان بولىدۇ، بەزىدە يازغۇچىلار مەلۇم مەقسەت بىلەن ياكى مەدھىيىلەيدۇ، ياكى پاش قىلىدۇ، گوگولنىڭ ئاتاقلىق كومېدىيىسى «رېۋىزور» دا تەسۋىرلەنگىنى تامامەن ئىنكار قىلىنغان ئوبراز بولۇپ، ئاپتور «روسىيىدىكى بارلىق يامان نەرسىلەرنى ... ھەم ئادالىقتا چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنغان جايلار ۋە سورۇنلاردا پەيدا بولغان بارلىق ھەققانىي بولمىغان ھادىسىلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ يىغىپ، بىر قېتىملىقاتتىق مەسخىرە كۈلكىسى ئاستىغا ئېلىپ ھۇزۇرلىنىدۇ»①. گوگول روسىيە كىرېپوستنويلۇق تۈزۈمىدىكى ئىنتايىن يىرگىنىشلىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قاتتىق پاش قىلىپ ۋە مەسخىرە قىلىپ، ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەققانىي بولغان كۆركەم شەيئىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىزدىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 21 - توم 123 - بەت.

ئەكسىچە، ۋۇ خاۋلىي ئۆزىنىڭ «مەيچىنىڭ سوغىسى» دېگەن
ھېكايىسىدە بىر جۈپ نامرات، لېكىن بىر - بىرىگە سادىق،
ئاق كۆڭۈل ياش ئەر - خوتۇننىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن قارشى
تەرەپكە قۇربان بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ،
ئاپتور بۇ ئەسىرىدە يېزىق جەھەتتىن ھېچقانداق نەرسىنى پاش
قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەر - خوتۇننىڭ
ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى چوڭقۇر ھېسداشلىق
بىلەن تەسۋىرلەش جەريانى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى
پىپەن قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل
ھادىسە مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ ھامان دىئالېكتىك
بىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، مەدھىيىلەشنى پاش
قىلىشنىڭ ئورنىغا، پاش قىلىشنى مەدھىيىلەشنىڭ ئورنىغا دەسسى-
تىشكە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىشنى
چۈشەندۈرىدىغان دىئالېكتىكلىق ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن
ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىشتىن تاشقىرى يەنە قايسىسىنى
ئاساس قىلىش مەسىلىسىمۇ بار. زادى قايسىسىنى ئاساس قىلىش
يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە باغلىق، يازغۇچى-
نىڭ سىنىپىي مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشىغا باغلىق. ئۇ ياشاۋات-
قان دەۋردىكى زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ خاراكتېرى ھەم ۋەز-
يىتىگە باغلىق. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەكسىيەتچى سىنىپلار
ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان، ئەكسىيەتچى كۈچلەر
يەنىلا ئىنتايىن كۈچلۈك تۇرغان چاغدا، ئىلغار يازغۇچىلار
كۆپرەك پاش قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. پرولېتارىيات ھاكىمى-
يەت ئىگىلىگەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كەلگەندە، مەدھىيى-
لەش بىلەن پاش قىلىشمۇ تۇرمۇش ھەقىقىتى ئاساسىغا قۇرۇ-
لىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېپ-



يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇپ، ئۆتكەن ھەرقانداق ئىجتى-
مائىي تۈزۈملەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە.
«جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ». سوتسىيالىستىك
دۆلىتىمىزدە خەلق ئورتاق تۇرمۇش پرىنسىپىدا، ئورتاق
ئىجتىمائىي غايىگە، ئورتاق ئەخلاقىي قاراشقا ۋە ئورتاق
كۆرەش نىشانىغا ئىگە. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ۋە
تارىختىكى چوڭ دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىستىقبال
ئۇنىڭ يېتەكچى تەرىپى بولىدۇ، لېكىن «مەيلى ئۆتمۈش
ياكى كەلگۈسى بولمىسۇن، ھەر بىر دەۋردە گايىدا ئىلگىرىلەپ،
گايىدا چېكىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم، قىسمەن ھەرىكەتلەر بولىدۇ.
ئومۇمىي ھەرىكەت ۋە ھەرىكەتنىڭ ئادەتتىكى سۈرئىتىدىن
ئايرىلىپ قالىدىغان تۈرلۈك خاھىشلار بولىدۇ، بىز بۇ دەۋردىكى
بەزى تارىخىي ھەرىكەتلەر تەرەققىياتىنىڭ قانچىلىك تېز،
قانچىلىك ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز
قالىمىز.»① شۇڭا مەدھىيىلەش ۋە پاش قىلىشتا شارائىت ۋە
ئۆزگىرىشكە قاراش كېرەك. گوركىي 1930 - يىلى زەربىدارلار
دۇيى ئەزالىرى يازغۇچىلىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە، ياش
يازغۇچىلاردىن پرولېتارىيات «يارىتىۋاتقان، ئەزەلدىن بولۇپ باق-
مىغان كۆركەم نەرسىلەر» نى مەدھىيىلەشكە، «نىشان قىلىنىپ ئالدى-
مىزغا قويۇلغان ۋە بىز پۈتۈن دۇنيا ئالدىغا قويغان ھەقىقەتلەر»
نى تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى②. ھازىر بىز
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن
يېڭى ئۇزۇن سەپەرنى باشلاپ، «ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان كۆركەم
نەرسىلەر» نى ياراتماقچىمىز، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز بۇ خىل يا-

① گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 229 - بەت.
② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى
766 - بەت.

رىتىش جەريانىدا قۇدرەتلىك گۈللەنگەن مەنزىرىگە قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، بۇ بۈگۈنكى ئاساسىي ھەقىقىتىمىز. يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەندە «كۆركەم نەرسىلەر» ىمىزنى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلىشى، شانلىق ئىشلىرىمىز ۋە قەھرىمان خەلقىمىزنى كۈيلىشى تەبىئىي. بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاساسىي تەرىپى بولۇشى لازىم.

لېكىن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشقا يەنىلا مۇھتاج، چۈنكى تۇرمۇشتا ساختا، يىرگىنىشلىك نەرسىلەر يەنىلا بار. «ھەرقانداق ۋاقىتتا ياخشى بىلەن يامان، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك ۋە گۈزەللىك بىلەن سەتلىكتەك قارىمۇقارشىلىق ھامان بولۇپ تۇرىدۇ.»①

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنە خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرمۇ بار، خىزمەتلىرىمىزدە يەنىلا كەمچىلىك ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. دۆلىتىمىزدە «بۇرژۇئازىيە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دۆلەت ئورگانلىرىدا بەزى بيۇروكراتلىق ئىستىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ بەزى ھالقىلىرىدا يېتىشسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى» ② ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر ... تۇرمۇشنىڭ بىر ئەينىكى بولغان ئەدەبىيات، ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلىشى، تۇرمۇشقا چۆكۈپ ئۇنى يۈرەكلىك پاش قىلىشى ۋە تەنقىد قىلىشى لازىم، ئەلۋەتتە. بۇنداق پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش — پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى مەيدانىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپى-

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم ئۇيغۇرچە نەشرى 680 - بەت.

② جاۋ شۇلى: «نۆۋەتتىكى ئىجادىيەتتىكى بىرقانچە مەسىلە» — «ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، 248 - بەت.



تالىزمنىڭ تۈپ پەرقى، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەم خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەستىن، بەلكى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئاساس قىلىشى كېرەك.

دەل مۇشۇ تۈپ مەقسەتنى ئاساس قىلغان، پارتىيە ۋە خەلققە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارايدىغان بەزى يازغۇچىلار سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەزەلدىن خاتالىقنى ياپماي، زىددىيەتلەرنى يوشۇرماي، بەلكى زىددىيەتلەرنى باتۇرلۇق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن پاش قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جاۋ شۇلى ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىنى «مەسىلە ھېكايىلىرى» دەپ ئاتىغانىدى. نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاتايدۇ؟ ئاپتور دەيدۇكى، «چۈنكى يازغان ھېكايىلىرىمنىڭ ھەممىسى يېزىدا خىزمەتكە چۈشكەنىدە خىزمەت جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنماسلىقى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دەخلى يەتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويدۇم» ①. بۇ — ئىنقىلابىي يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك ئىنقىلابىي مەسئۇلىيەتچانلىق.

ئەدەبىيات چىن بولۇشى كېرەك. بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، لېكىن چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر قىممىتى ئەمەس، ئەسەردىكى بارلىق نەرسىمۇ ئەمەس، ئەمما چىنلىق يوقىتىلسا، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىمۇ يوقالغان بولىدۇ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ يوقالغان بولىدۇ.

(«ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق توپلام ۋە «يېڭى مەنبە» ناملىق مەجمۇئەدىن: ئەخەت تۇردى تەرجىمىسى).

## چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى

# تەسەۋۋۇر توغرىسىدا

### گيوتې (گېرمانىيە)

بۇ يەردە (كانتنىڭ پەلسەپىسىدە) تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە ئىدراك بىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرگە ئېرىشىشىمىزدىكى ئاساسلىق ئىقتىدار سۈپىتىدە مىسالغا ئېلىنغانۇ، تەسەۋۋۇر چۈشۈرۈپ قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر نۇقسان كېلىپ چىققان. تەسەۋۋۇر بىزنىڭ روھىي ماھىيىتىمىزدىكى تۆتىنچى مۇھىم ئىقتىدار. ئۇ تۇيغۇنى ئەستە قالغۇدەك شەكىلدە تولۇقلايدۇ، ئۇ چۈشەنچىنى تەجرىبە شەكلىدە دۇنيا قاراش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئۇ ئىدراكى نۇقتىئىنەزەر ئۈچۈن ئوبراز ياكى ئىختىرا قىلىپ، (bildet oderfindet Gestalten zuden vern onftideen) پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، مۇبادا ئۇ بولمايدىكەن، ئىنسانلار سۆكۈتتە، جانسىز ھالەتتە تۇرغان بولاتتى. تەسەۋۋۇر ئۆزىنىڭ ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىقتىدارىغا مۇشۇنداق خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىللە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھەمشىرىلىرى تەرىپىدىن ھەقىقەت ۋە چىنلىق ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلىدۇ، تۇيغۇ ئۇنىڭغا



ئويما رەسىمدەك روشەن بەلگىلىك ئوبراز بەخش ئېتىدۇ؛ چۈشەنچە ئۇنىڭ ئىجادىي كۈچىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، ئىدراك ئۇنى پۈتۈنلەي كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ئۇنىڭغا ئاساس تىكلەيدۇكى، ئۇنى ئويۇنغا ئايلاندۇرمايدۇ. تەسەۋۋۇر تۇيغۇدىن ھالقىپ كېتىدۇ ۋە يەنە تۇيغۇ تەرىپىدىن تارتىپ كېلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، تەسەۋۋۇر قاناتلانسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىدراك بولغاچقا ئۇ بۇ ئەڭ ئالىي رەھبەرنى ئۆزىگە مەھكەم يېپىشتۇرۇپ تۇرىدۇ ... ھەممىگە سىڭىپ كىرىدىغان، ھەممىنى زىننەتلەيدىغان تەسەۋۋۇر ئۆزلۈكسىز تۈردە تۇيغۇغا ئوزۇق بولۇپ، قوبۇل قىلىنىپ تۇرىۋېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولىۋېرىدۇ؛ ئۇ ئىدراك بىلەن بىرلىشىۋېرىدىغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك بولىۋېرىدۇ. چېكىگە يەتكەندە ھەقىقىي شېئىر بارلىققا كېلىدۇ، يەنى ھەقىقىي پەلسەپە بارلىققا كېلىدۇ.

— «گىرافىنە مارىيە باۋرۇفناغا يېزىلغان مەكتۇپ» تىن (1817).

تەسەۋۋۇر كۈچى پەقەت سەنئەتنىڭ، خۇسۇسەن شېئىرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بولۇپ، پەرق ئېتىش كۈچى بولماسلىق دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشتۇر.

شېئىر تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل سىرلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئوبراز ئارقىلىق (durchs Bild) ھەل قىلماقچى بولىدۇ؛ پەلسەپە ئىدراكتىكى خىلمۇخىل سىرلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى يېزىق ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

— «ئەقلىيە سۆزلەر توپلىمى» دىن.

(«چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 2 - قىسمىدىن ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى)

# شېئىر ۋە ھەقىقەت (تاللانما)

## گېيوتې (گېرمانىيە)

ئىككىنچى قىسىم يەتتىنچى توم (1765 — 1768)①

بۈگۈنگە قەدەر ھېچكىم شېئىرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى بايقىمىدى، ئۇ تولىمۇ مەنىۋى دۇنياغا تەۋە بولۇپ كەتكەچكە، بەكمۇ تۇتۇق بىلىنىدۇ. رەسىمدىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى كۆرگىلى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەزالار ئارقىلىق پەيدىنپەي ئىزدەنگىلى، ھەتتا ئۇنى پرىنسىپقا بىرقەدەر ماسلاشتۇرغان ھالدا بايقىغىلى بولىدۇ. ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار نەپىس سەنئەت ئۈستىدە ئاللىقاچان نەزەرىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن-

① بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتىكى تەقرىزچىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن. گېيوتې گېرمانىيىلىك گوتتىشېدنىڭ (Gotteched) «شېئىردىكى تەنقىدىي سەنئەت» دېگەن ئەسىرىنى ۋە شۋېتسارىيىلىك پېرلدىنگار (Perldin·gar) نىڭ «شېئىردىكى تەنقىدىي سەنئەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 - كىتابىنى تىلغا ئالغان. ئۇ، گوتتىشېدنىڭ كىتابىدا بىرقانچە ئارتۇقچىلىق بار، يەنى ھەرخىل شېئىر تۈرلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان، شائىرنىڭ تالانتلىق، تەربىيە كۆرگەن، ھەۋەسمەن بولۇشى تەشەببۇس قىلىنغان؛ خوراتىئوسنىڭ (Horatius) «شېئىر سەنئىتى» دېگەن ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەھاكازالار ... دەپ ھېسابلىغان. بۇ يەردە پېرلدىنگارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنىمۇ قويىدۇ.



دى. كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن بىرخىل سېلىشتۇرما ئارقىلىق شېئىرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدىكەن، دەپ قاراشتى. نەپىس سەنئەتتە كۆرۈش بىلەن ئوبراز يارىتىلىدۇ، شېئىردا بولسا تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئوبراز يارىتىلىدۇ، ھەرخىل شېئىرىي ئوبرازلار دىققەتكە ئاۋۋال سازاۋەر بولىدۇ، كىشىلەر ئاۋۋال ئوخشىتىپ، ئاندىن تەسۋىرلەيدۇ، تەسىرلىنىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە ئامىللار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئوبراز ھەققىدە توختىلايلى. ئوبرازنى تەبىئەتتىن تاشقىرى قەيەردىن ئالىمىز؟ ناھايىتى روشەنكى، رەسسام تەبىئەتكە تەقلىد قىلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، شائىرمۇ نېمە ئۈچۈن تەبىئەتكە تەقلىد قىلسا بولمايدىكەن؟ ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەقلىد قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇلار مۇھىم بولمىغان، نۇرغۇن نامۇۋاپىق نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۇنى تاللىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، بۇنداق تاللاشنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ بىز مۇھىملىرىنى تاللىشىمىز لازىم، ئۇنداقتا قايسىلىرى مۇھىم؟

شۋېتسارىيە يازغۇچىلىرى① بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ئويلاندى. ئۇلار غەلىتە، ئەمما ئەپچىل، ھەتتا قىزىقارلىق ئوي - پىكىرلەردە بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭى بولغانلىقى نەرسىلەر ئەڭ مۇھىم بولىدۇ، دەپ قارىدى؛ ئۇلار ئويلاش نەتىجىسىدە، ئومۇمەن ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ باشقا ھەممىنىۋا نەرسىدىن يېڭىراق بولىدىغانلىقىنى سېزىشتى. قارىغاندا ئۇلار شېئىرنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلىدۇ. شۇڭىنىسى، ئۇلار يەنە ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ تىسقىسىز، ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئويلاپ يەتكەن. بۇن-

① پېرلدىنگار ۋە كىملىكىدىكى.

داق كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل مۇناسىۋەتنى ئۇلار يەنە
ئەخلاق خاراكتېرلىك بولۇشى، شۈبھىسىز ھالدا ئىنە
سانلارغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. شۇڭا شېئىر
ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقلاردىن تاشقىرى يەنە
پايدىلىق بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا شېئىرنى ئاخىرقى
مەقسەتكە يەتتى دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ. ئۇلار ھەرخىل
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەلەپلەر-
نى ئۆلچەم قىلىپ ئۆلچەشتى. ئۇمۇمەن تەبىئىيلىككە تەقلىد قىلىنغان-
نى، يەنى ئاجايىپلىقنى، ئەدەب - ئەخلاق مۇددىئاسىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغانلىرىنى ۋە رول ئوينايدىغانلىرىنى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئالىي
خىلىدىكىسى دەپ قاراشتى. ئۇزاق مۇددەت ئويلىنىپ كۆرۈشتىن
كېيىن ئۇلار ئاخىر بىرىنچى لەۋھەنى «ئىزۇپ مەسەللىرى»
گە ئىككىلەنمەيلا ئىنئام قىلىشتى.

3 - قىسىم 11 - توم (1770 — 1771)

... بىز بۇ ئىككى كىشىنىڭ ① سەنئەتكە قانداق تەسىر-
لەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز لازىم ... ئۇلار تەبىئىيلىك-
نى كۆزىتىشنى ۋە بىزنى سەنئەتتىن ئايرىلىپ تەبىئەتنىڭ
ئارقىسىدىن مېڭىشقا دەۋەت قىلىشتى.

ھەربىر تۈردىكى سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى خىيا-
لىي تۈيغۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئالىي، ھەقىقىي بولغان
سۈنئىي قىياپەتنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما
بۇخىل خىيالىي تۈيغۇ تۇرۇنۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن،
ھەتتا ئاخىرىدا بىز ئادەتتە كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان رېئاللىق
قىياپىتىنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇخىل تۇرۇنۇشمۇ خاتا بولغان بولىدۇ.

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا
ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 2 - قىسمىدىن ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى)

① دىدىرو (Diderot) ۋە روسسو (Roussean) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



# بالزاك پېرسوناژلارغا قانداق ئىسىم قويانتتى ①

## گورلان (فرانسىيە)

1840 - يىل 6 - ئاينىڭ بىر كۈنى بالزاكنىڭ «يارد»
تىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە ئۇ
مېنى شۇ كۈننىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە شاگ-
شىرسىي كوچىسىدىكى يولدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشۇمنى، ئۆز
ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشىمنى ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم
بىر ئىشقا مېنىڭ ياردەملىشىشىم زۆرۈر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ
ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىش، يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان
قىيىنچىلىقلارنى قىزغىنلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ
مېنىڭ ئىشلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان تەقەززاتىنىڭ قايسى
تۈرگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تەخمىن قىلىشقا
باشلىدىم.

ھەرخىل قىياسلارنى قىلىپ باققان بولساممۇ، لېكىن
كۆڭلۈمدىكىدەك پەرەزگە ئېرىشەلمىدىم. ئاخىر ئەتىنى كۈتۈش-
كە باشلىدىم. پەسىلگە قاراپ ئېيتقاندا، ئۇ كۈندىكى ھاۋارا-

① بۇ ماقالە گورلان (1803 — 1866) نىڭ «خۇپىيانە بالزاك»
(1865) دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. ئاپتور بالزاكنىڭ ياخشى دوستى بول-
غاچقا، بۇ ئەسلىمىسى ناھايىتى سەممىي، قىزىقارلىق يېزىلغان. ھازىرغا قەدەر
بېسىلىپ تارقىتىلىۋاتىدۇ.

يىنى ياخشى دېيىشكە بولمايتتى، ھاۋا ئوچۇق پەسىللەردىمۇ پارىژدا بوران چىقىپ ياكى يامغۇر يېغىپ قالاتتى. مەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە شاگشىرسى كوچىسىغا باردىم، سىم-سىم يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان كۆز شامىلى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى چۈشۈرەتتى؛ يەر ھۆل ۋە يۇمشاق، ھاۋا خۇددى 2-، 3- ئايلارغا ئوخشاش سوغۇق ئىدى؛ پىيادىلەر يولىدا ئادەم يوق؛ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن «مارلى ئېتى» دىن ئەلچىلەر قەھۋەخانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈپ بالزاكنى كۈتتۈم، لېكىن بەك ئۇزاق ساقلاپ كەتمىدىم. تۆيلىلۇ سارىيىنىڭ سائىتى ئۈچكە داڭ ئۇرۇپ ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە بالزاك خۇددى چوڭ بىر پىلىغا ئوخشاش ئېغىر ۋە جىددىي قەدەم تاشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئاغزى بېسىلماي سۆزلىگەن پېتى ماڭا ئۆزىنىڭ بايىلا گىلادەيىن خانىمنىڭكىدىن① كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە بەك قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. دەرۋەقە، ئۇ تېڭلاپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ. خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك تىترەيتتى.

— ھەقىقەتەن، ئەجەبلىنەرلىك ئىش-تە، — دېدى ئۇ، — گىلادەيىن خانىمدەك مەشھۇر، كەڭ پىكىرلىك، ئىستېداتلىق بىر ئايالمۇ كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان شۇنداق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋانىڭ ناچارلىقىنى دېمەمسىز. ئۇ ياكى ئىلاھ بولمىسا، ئولتۇرغان ئۆيى بەئەينى بۇتخانا! دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ رىماتىزم ياكى قانداقتۇر ياللۇغلىنىشتىن ساقلىنىپ قالالايدىغان ئالاھىدە قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھ ئەمەس-

① گىلادەيىن خانىم — «بالزاك ئەپەندىنىڭ ھاسىسى» ناملىق بىر ھېكايە يازغان.



تە. ئۇ ئۆي خۇددى بىر چوڭ بۇتخانا، ئېگىز ئىشىكلىك پېشايۋان، ئىئون شەكىللىك يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر، يەرگە يېيىستىلغان گۈللۈك خىشلار، مەرمەر تاشلاردىن قىرپۇرۇلغان ۋە سىرلانغان يالتىراق تاملار قاشتېشىدەك لەمپە ۋە باشقا تۈرلۈك يۇنانچە زىننەت بۇيۇملىرى... ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس دېگەندەك قىلىپ مەشكە ئوتمۇ ياقماپتۇ! ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل دۇنيا ئورمانلىقىنى① كېسىپ قالىسىمۇ بۇ بىنانى ئىسسىتقىلى بولمىغۇدەك. مەن شۇنىڭغا كېپىللىك قىلالايمەنكى، ئۇ بەئەينى شۋېتسارىيىنىڭ مۇزلۇق كۆللىرىدە دوستلىرىنى مېھمان قىلماقچى بولغان ئوخشايدۇ! گىلادەيىن خانىم مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، «بالزاك ئەپەندىم، سىز كەتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «شۇنداق، خانىم، مەن چوڭ كوچىغا چىقىپ ئازراق ئىسسىنىپ كېلەي دەيمەن» دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، مېنىڭ سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشىم بار، بىز تېزرەك مېڭىپ بىر ئاز ئىسسىنايلى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن بايا «پارىژ ژۇرنىلى»② نىڭ تۇنجى سانىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر ھېكايە يېزىپ قويدۇم. بۇ ھېكايىدىن ئۆزۈم خېلى رازى، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىزگە ئوقۇپ بەرمەكچىمەن. مەن سىزگە ئاۋۋال ھېكايىدىكى ئاساسىي قەھرىماننىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتسام، ھەجمى ناھايىتى قىسقا بولغان بۇ ئادەت داستانىدىكى بىردىنبىر قەھرىماننى سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك: بۇ بىزنىڭ مۇشۇ ئىجتىمائىي دەۋرىمىزنىڭ ئازابلىق ئادىتى، مۇشۇ ئون يىللىق سىياسىي پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي دەۋر...

ئاندىن بالزاك ئۆزى ياراتقان بۇ پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش

① يۇناندا.
② بۇ — بالزاك تەسىس قىلغان ژۇرنال.

تەپسىلاتلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ، بىر تالانت ئىگىسىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكتە ئۆتكەن ھاياتى بولۇپ، قارا نىيەتلەر ۋە ئىچى يامانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان. بۇ كىشى ھەر قېتىم بىر قارا نىيەت بىلەن بىر سارايدا بىللە بولۇپ قالىدىكەن، ھەمىشە ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئاچلىق ۋە نامراتلىقتىن خالى بولالمايدىكەن...

— مەن ئەمدى سىزنىڭ ماڭا قايسى جەھەتتىن ياردەم بېرەلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئېيتاي، — دېدى بالزاك، — بۇنداق پېرسوناژغا — ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق بىر پېرسوناژغا ئۇنىڭ قەدرىگە ماس كېلىدىغان بىر ئىسىم تاپسام بولىدۇ. بۇ ئىسىم مۇشۇ كىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، بۇ كىشىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇشى، بۇ ئىسىم خۇددى بىر زەمبىرەك يىراقتىنلا ئۆزىنى «مەن — زەمبىرەك» دەپ تونۇشتۇرالىغىنىدەك تونۇشتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ بۇ ئىسىم پەقەت شۇنىڭغىلا خاس، ئۇنى باشقا ھەرقانداق كىشى قوللىنالمايدىغان بولۇشى زۆرۈر. سىزگە شۇنى ئېيتايكى، بۇ ئىسىمنى مەن تېخى تاپالمىدىم. مەن تەسەۋۋۇر قىلغان تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ باققان بولسامۇ، لېكىن تا بۈگۈنگىچە يەنىلا ئۇتۇقلۇق بولمىدى. ئەخمەقلەرچە قويۇلغان ئىسىملار ھەققەتەن كۆپ! مەن بۇ پېرسوناژغا ئەخمەقانە ئىسىمدىن بىرنى قويۇشتىن ھەرگىزمۇ قورقمايمەن، بۇ جەھەتتە ئويلىنىش ھاجەتسىز. مېنىڭ قورقىدىغىنىم (بۇ بىر ئەخمەقانە ئىسىمدىنمۇ بەتتەررەك قورقۇنچلۇق) خۇددى چىش يىلتىزى چىشقا، چاچ يىلتىزى چاچقا، تىرناق گۆشكە توغرا كەلمىگەندەك ئىسىمنىڭ بۇ كىشىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكىدىن ئىبارەت. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم، بىراق مەن شۇنىڭغا قوشۇلمايمەنكى...

— نېمە، سىز قوشۇلمايسىز!



— شۇنداق.

— نېمە، سىز بەزى ئىسىملارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا كىشىگە تاج، قىلىچ، قالقان، گۈللەرنى ئەسلىتىدىغانلىقىغا قوشۇلمامسىز؟...

— شۇنداق.

— بەزى ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ بىر ئۇلۇغ شائىر، بىر تالانتلىق يۇمۇرچى، بىر چوڭقۇر بىلىملىك پەيلاسوپ، بىر داڭلىق رەسسامنى يوشۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا ھەمدە كىشىگە تونۇتىدىغانلىقىغا قوشۇلمامسىز؟

— شۇنداق، قوشۇلمايمەن! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم دەل سىزنىڭ دېگىنىڭىزنىڭ ئەكسىچە. مەسىلەن، راسىن①

— توغرا، راسىن! مەن دەل مۇشۇ ئىسىمنى ئېيتاي دەۋاتاتتىم. بۇ ئىسىم ھېسسىياتلىق، قىزغىن ۋە مۇلايىم بىر شائىرنى ئىپادىلەمدۇ؟

— بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن، بۇ ئىسىم مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا پەقەت بىر بوتانىك ياكى دورىگەرنىلا كەلتۈرىدۇ، ھېسسىياتلىق ۋە كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بىر شائىرنى قىلچە خىيالىمغا كەلتۈرمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا كورنىيېلچۇ؟ كورنىيېل②!

— كورنىيېل ماڭا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر خىل كىچىك قۇشنى ئەسلىتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇۋالۇ③چۇ؟ بۇۋالۇ دېگەن ئىسىم قانداق؟

① ژان راسىن — XVII ئەسىردىكى ئۇلۇغ فرانسىيە تراگېدىيىچىسى. «راسىن» نىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆسۈملۈكنىڭ «يىلتىزى» دېگەن بولىدۇ.

② كورنىيېل — فرانسىيىنىڭ XVII ئەسىردىكى ئۇلۇغ تراگېدىيىچىسى. «كورنىيېل» ئەسلى بىر خىل كىچىك قۇشنىڭ ئىسمى.

③ بۇۋالۇ — XVII ئەسىردىكى فرانسىيە شائىرى.

— بۇۋالۇ كىشىگە تاۋۇش جەھەتتە جايىدا ئىشلىتىلمىگەن بىر قوش مەنىلىك سۆزنى ئەسلىتىدۇ.

— يەنە ئۇلۇغ باسكا① چۇ؟

— بۇ، مالەيدىكى② ئۈچ مىڭ ئىشىك باقارنىڭ ئىسمى. سىزنىڭ بۇ ئىسىملارنى پارلاق، ھەيۋەتلىك، ئالىيجاناب دەپ ھېس قىلىشىڭىزدىكى سەۋەب (ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز) شۇكى، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بۇ ئىسىملارنى قوللانغانلىقىدىن، خالاس.

— بۇنىڭغا مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى بالزاك ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ۋە ئادەتلەنگەن تەرسالىقى بىلەن، — ئادەم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئىسمى قويۇلغان بولىدۇ. بۇ — بىر سىرلىق ئىش، بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەقلىي خۇلاسىمىزدىكى ئەرزىمەيدىغان قائىدە ئىشلىمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسىم - فامىلە بىلەن ئادەمنىڭ بۇنداق ئاجايىپ مۇناسىۋىتىگە ئىشىنىدىغانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسى خۇددى بىر ئىلاھىي تۇمار ياكى بىر ئالۋاستى تۇمار ئېسىپ قويغانغا ئوخشىشىدۇ. بۇ تۇمار، بەلكىم ئۇنى بۇ دۇنيادا توغرا يولغا باشلىشى ياكى نابۇت قىلىشى مۇمكىن. بەزى جىددىي پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلدى، تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى بىلەن مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشى بىردەك ياكى ئوي - پىكىرلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئىشەنمەسلىككە ئىلاج يوق.

— مەن ئۇنداق ئەمەس. بىراق مېنىڭ گۇمانىمدىن غەم قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولار. سىز بايا ماڭا، بىز بىرلىكتە مېنىڭ

① باسكا — XVII ئەسىردىكى فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە يازغۇچىسى.

② ئىلگىرى پارىژ ئاقسۆڭەكلىرى ئولتۇرۇشلۇق رايون.



قەھرىمانىمغا ھەم مەنىلىك، ھەم مۇشۇ كىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر ئىسىم - فامىلە تاپايلى دېگەنىدىڭىز...

— ئۇنىڭ ھەممە يەرگە باب كېلىدىغان ئىسىم - فامىلە بولسۇن! ئۇنىڭ قىياپىتى، تالانتى، ئاۋازى، ئۆتمۈشى، كەلگۈسى، قىزىقىدىغىنى، قىزغىنلىقى، بەختسىزلىكى ۋە شان - شەرىپى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدىغان ئىسىم - فامىلە بولسۇن. سىزدە مۇشۇنداق ئىسىم - فامىلە بارمۇ؟

— يوق.

— مەن ئالتە ئاي ئويلانغان بولسامۇ نەتىجىسى بولمىدى. مەن «پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ يىللىق مەجمۇئەسى» دىكى بارلىق ئىسىم - فامىلىلەردىنمۇ كۆپرەك ئىسىم - فامىلىلەرنى ئويلاندىم، ئاخىر بۇ مېنىڭ قولۇمدىن تامامەن كەلمەيدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم.

— بولىدۇ! بىز بىرلىكتە بىر ئىسىم ياساپ چىقايلى.

— مۇمكىن ئەمەس! مەن سىناپ باقتىم، سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئەمەلىيەتتە، مەن مىڭ قېتىمچە سىنىغاندىمەن، بېشىممۇ يېرىلغۇدەك بولدى. مەن بۇ ئىسىم - فامىلىنى ياساپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، خۇددى گرانىت تاش، رۇدا، كۆمۈر ۋە مەرمەر تاشنى ياساپ چىققىلى بولمىغاندەك ئىسىم - فامىلىنى ياساپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىت، ئۆزگىرىش ياكى مەن ئېيتالمىغان قانداقتۇر بىر نەرسە تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۇ تەبىئىي ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. بىر ئىسىمنى زورمۇزور ياسىغىلى بولمايدۇ. ئۇ خۇددى تىلنىڭ زورمۇزور ياساپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىغا ئوخشىشىدۇ. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭا، تىلنى كىم ياساپ چىققان؟

— ئۇنداق بولسا، باشقا ئىلاجىمىز يوق. پەقەت ئۇنى بايقىساق بولمىغۇدەك - تە؟

— شۇنداق.

— ئەگەر ئۇ مەۋجۇت بولسا...

— ئۇ مەۋجۇت، — دېدى بالزاك بۇ پىكىرنى تەنتەنىلىك هالدا مۇقىملاشتۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى نەگە بېرىپ بايقايمىز؟

— دەل شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ياردەمگە چاقىرغانىدىم.

مەن ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

— سىز مېنىڭ ئۇسۇلۇم بويىچە ئىشلەشنى خالامسىز؟ ئادەتتە سىزدەك قىيىن شارائىتتا قالغاندا، گەرچە ئادەم ئىسمىدىن ئىبارەت بۇ دىنغا سىزدەك سەممىي ئېتىقاد قىلمىسامۇ قوللىنىدىغان ئۆز ئۇسۇلۇم بار.

— قانداق ئۇسۇل قوللىنىسىز؟

— مەن ۋىۋىسكىلارنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقىمەن.

— ۋىۋىسكىلارنى كۆرىمەن؟

— ھەئە. چۈنكى ۋىۋىسكىلاردا ئەڭ تەنتەنىلىك ۋە كۈلكىلىك ئىسىملارنى كۆرۈشكە بولىدۇ، بۇ ئىسىملاردا ئەڭ غەلىتە، ئەڭ زىددىيەتلىك ئىشلار ئىپادىلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ھامان سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە شۇنداق بولىدۇ؛ بەزى ئىسىم - فامىلىلەردىن رەزىللىك چىقىپ تۇرىدۇ، بەزى ئىسىم - فامىلىلەردىن خالىسلىق ۋە ئەخلاقنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى كومېدىيە يازغۇچىلىرىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، تىياتىردىكى ھەجۋىي پېرسوناژلارغا لايىق بولىدۇ، بەزىلىرى بۇلاڭچى - قاراقچىلارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىسىم - فامىلىلەر ئادەتتە شام سودىگەرلىرى ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر سودىگەرلىرىنىڭ فامىلىسىدىن ئىبارەت.

— بىراق، — دېدى بالزاك ماڭا قاراپ، — بىزگە كېرەكلىك ئىسىمنى تېپىش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ مىڭ پارچە ۋىۋىسكىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ...



— شۇنىڭدىنمۇ تېپىلماي قېلىشى مۇمكىن. بېرىپ سىناپ باقامدۇق؟

— سىناپ باقايلى.

بالزاك شۇنداق قىلىشقا قوشۇلدى، مەن بۇ ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە تېخى ئامالسىز ئىدىم.

— بېرىپ سىناپ باقايلى، — دېدى بالزاك تەكرارلاپ، — قەيەردىن باشلايمىز؟

— بىزنىڭ مۇشۇ تۇرغان يېرىمىزدىن باشلايلى، مۇشۇ يەردىن، — دېدىم مەن.

بۇ چاغدا بىز لۇفۇ سارىيىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، سان ئونۇلەي شۇڭجى يولىغا كەلگەنىدۇق، مەن ئېيتمىسامۇ بۇ يول ئەسلى ھازىرقىدەك بۇنداق كەڭ ۋە كۆڭۈللۈكدەك ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا ھازىرقىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولۇپ، خۇددى مىسىر مۇمىيالىرىنىڭ تېشىغا ئورالغان ئاق رەخت تالالىرىدەك يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېسىلغان ۋىۋىسكىلار بىلەن تولغانىدى.

— مۇشۇ يەردىن باشلايلى، — دېدى بالزاك يەنە.

دەسلەپكى بىرنەچچە قەدەمدە بىرەر ئۈنۈم بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئىسىم - فامىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى دېگۈدەك بىر نەرسىنى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ئىسىم - فامىلىلەر ئىدى، بالزاكنىڭ قەھرىمانى تەلەپ قىلىدىغان قىياپەت تېخىمۇ يوق ئىدى. بىرىمىز بىر تەرەپكە، بىرىمىز يەنە بىر تەرەپكە قاراپ ماڭاتتۇق، ئوڭغا - سولغا قاراپ يۈرۈپ، خەقنىڭ پۇتىغا دەسسىۋەتكەنلىكىمىزدىن يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار ئىككىمىزنى قارىغۇمىكىن دەپمۇ قالاتتى. شۇڭجى يولىدىن چىقىپ يەنە نۇرغۇن كوچىلارغا كىرگەن بولساقمۇ، لېكىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى! سان ئونۇلەي كوچىسىدىن

پادىشاھ سارىيىغىچە باردۇق، پادىشاھ باغچىسىنىڭ ئەتراپىنى بويلاپ ھەممە يوللارنى كېزىپ بولدۇق. ۋېيىننا يولى، سودا بازىرى مەيدانى، يېڭى ۋېيىننا يولى، مونمات قاتارلىق كوچىلارنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ چىقتۇق.

مونمات كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە مەن ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، ۋىۋىسكىلارنى بۇنداق ئوقۇپ مېڭىش كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كۆرسەتكەن نۇرغۇن ۋىۋىسكىلاردىكى «خېلى ياخشىكەنغۇ» دېگەن ئىسىملارغا ئۇ قوشۇلمىدى، ئەھۋالنىڭ بۇنداقلىقىغا قاراپ سەل زېرىكىش ھېس قىلدىم-دە، يەنە ئىلگىرىلەپ مېڭىشنى رەت قىلدىم، ئاچچىقىممۇ كەلدى.

— ئەزەلدىن شۇنداق بولغان، بەلكى ھەرقانداق يەردىمۇ شۇنداق، كرىستوف كولۇمبۇمۇ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، — دېدى بالزاك ماڭا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخى بايقالمىغان يەنە بىر ۋىۋىسكىغا ئازاب بىلەن تىكىلگەنىدى، — كېتىۋېرىڭ! مەن ئۆزۈم يالغۇز ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا چىقىمەن، سىز كېتىۋېرىڭ!

— ئەتراپىڭىزدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى، لېكىن سىز ئۇلارنىڭ ھېچقايسى يېرىدىن قىرغاققا چىقمايۋاتىسىز، توغرا ئىش قىلمايۋاتىسىز. مانا بۇ گېرمانىيە كونا كىيىم-كېچەك دۇكانلىرى، بەتىنكە تىكىدىغان موزدۇزخانىلار، ئۇلاردىكى ئىسىم-فامىلىلەرنىڭ شۇنچە كۆركەملىكىگە قارىمامسىز، ئۇنىڭدىن باشقا بىز كۆرگەن مىڭدىن ئارتۇق ئىسىم-فامىلىلەرمۇ ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئىكەنغۇ؟ سىز بولسىڭىز توختىماي رەت قىلىسىز، ئۇنىمايسىز، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. بۇ يەردە كرىستوف كولۇمبۇ بېرىپ كەشپ قىلغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى مەڭگۈ يوق.



— كەيپىياتىڭىز يامانلىقى غەزەپلەنگەنگە ئوخشاش، مەن بۇنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان، — دېدى بالزاك جاۋاب بېرىپ، — بولدۇ. سىز ماڭا يۆلىنىۋېلىڭ، سان ئوستاش چېركاۋىغىچە بارايلى.

— پەقەت سان ئوستاش چېركاۋىغىچىلا بارىمىز-ھە!

— ھەئە.

بىز يەنە كۆزىتىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

مالىي يولى، كىلەيرى يولى، كادلان يولى، مونمات گودىكى ئەتراپى، ئاخىر ۋېكتوۋور مەيدانىنىڭ ئەتراپىغىچە باردۇق. مەن بايا بالزاكنى سان ئوستاش چېركاۋىغىچىلا بارىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇ ئۇنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغىنى ئىكەن، مەقسىتى مېنى بۇ يولدا باشتىن-ئاخىرغىچە ماڭدۇرۇش ئىكەن.

مەن بالزاكقا بۇ ئىسىم-فامىلىلەر كۆرگەزمىسىدە ئەگەر تېزرەك تاللىمىسا كېتىدىغانلىقىمنى جاكالىدىم.

— بۇلوۋوي يولىلا قالدى، — دېدى بالزاك يېلىنغان ھالدا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، — بۇلوۋوي يولىنى تۈگىتىشكە ماقۇل بولۇڭ، تۈگىگەندىن كېيىن «يارد» قا بېرىپ كەچلىك تاماق يەيمىز.

ھەممىگە مەلۇم، بۇلوۋوي يولىنىڭ باشقا نۇرغۇن كوچىلاردەك ئۈچ نامى بار، چەت ئەللىكلەر پارىژ كوچىلىرىنى ئاسانلا بىلەلمەي قالىدۇ. بۇ يول ئىلگىرى بۇلوۋوي يولى دېيىلەتتى، كېيىن كۆكسئەيلۇن يولى، ئاخىرىدا يەنە يۇسسئەيىن يولى دېيىلىدىغانمۇ بولدى. مۇشۇ يولنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بالزاك (بۇنى مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن) ئانچە كۆزگە تاشلانمايدىغان بىر كىچىك ئىشىككە تىكىلىپ قاراپ قالدى. بۇ مايماق-سايماق، تار ئىشىك ھۆل ۋە قاراڭغۇ يولغا قارايتتى. بالزاكنىڭ چىرايى بىردىن ئۆزگىرىپ، قوللىرى تىترەپ، بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:

— بارئىكەن... بار! بار!... ئوقۇپ بېقىڭ! ئوقۇپ بېقىڭ! ئوقۇڭا!... — ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

— ماكا!— دەپ ئوقۇدۇم مەن.

— ماكا!!! ياخشى! سىزچە قانداق؟ ماكا نېمىدېگەن جاراڭلىق ئىسىم؟! ماكا!

— بۇ ئىسىمدىن بىرنەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم...

— بولدى قىلىڭ!... ماكا!

— بىراق...

— تىنچ تۇرۇڭ دېدىمغۇ! بۇ ئىسىم - فامىلىلەر پادىشاھى! باشقا ئىسىم تېپىش ھاجەتسىز، ماكا!

— تىلەيمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ - دە!

— بىز مۇشۇ شەرەپلىك ئىسىمنى قوللىنىشنى قارار قىلايلى، ماكا! ھېكايەمنىڭ باش قەھرىمانى ماكا بولىدۇ. ماكا دېگەن بۇ ئىسىم بىر پەيلاسوپنى، بىر يازغۇچىنى، بىر ئۇلۇغ سىياسىئونىنى، يەنە باشقىلار چۈشەنمەيدىغان بىر شائىرنى نامايان قىلىدۇ. ھەممە نېمە بار، ماكا!

— شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن.

— سىز گۇمانلىنىۋېرىڭ!

— مەن نېمىشقا گۇمانلانماي؟ سىزنىڭ چۈشەنچىڭىز بويىچە «ماكا» دېگەن بۇ ئىسىمدە سىز ئېيتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى بار دەپ بىلسەك، ھازىر مۇشۇ ئىسىملىك كىشىمۇ كارامەت كىشى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ۋىۋىسكىدا بۇ ئىسىم ئاستىغا ئۇنىڭ كەسپى ئېنىق يېزىلمىغان.

— ئۇنىڭ كەسپى چوقۇم مەلۇم سەنئەتكە، مەلۇم ئاجايىپ سەنئەتكە مەنسۇپ، خاتىرجەم بولىۋېرىڭ!

مەن باش چايقىدىم.



بالزاك مېنىڭ گۇمانىمغا دىققەت قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ماكا، مەن ئۇنى «Z. ماكا»① دەپ ئاتايمەن، ئۇنىڭ فامىلىسىگە بىر كىچىك بايرىقى، بىر پەي قىستۇرۇلغان شىلەپە، بىر يۇلتۇزنى قوشىمەن، ماكا چوقۇم بىر ئۇلۇغ سەنئەتكار، ئويما بەتچىك، مېتال ئويمىچى، خۇددى باڭۋۇنۇدو - چېلىنىپ② گە ئوخشاش زەرگەر.

— سىز قۇرۇق خىيالغا بېرىلىدىكەنسىز.

— مۇشۇنداق بىر ئىسىم تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر مەڭگۈ قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەيدۇ.

— بۇ — ھازىرلا بىلىشكە بولىدىغان ئىش. مەن دەرۋازىۋەندىن Z. ماكا ئەپەندىنىڭ كەسپى نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ باقاي.

— بولىدۇ، بېرىڭ.

مەن بالزاكنى ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ دەرۋازىۋەننى ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنى تاپالمىدىم. ئاخىر مەن، زورمۇزور دەرۋازىۋەن دېيىشكە بولىدىغان بىر كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ماكانىڭ كەسپىنى سورىدىم ۋە يىراقتىنلا بالزاكقا قاراپ ۋارقىراپ:

— سەيپۇڭ ئىكەن!— دېدىم.

— سەيپۇڭ؟!

بالزاك بېشىنى ئەگدى ۋە يەنە دەرھال مەغرۇرانە بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشى كېرەك،—

---

① بۇ «Z» ھەرپى «زەي فېيلەن» نىڭ قىسقارتىلمىسى.

② باڭۋۇنۇدو - چېلىنىپ (1500 — 1571) — فلورېنسىيىلىك مەشھۇر نەققاش ۋە زەرگەر.

دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرگىنىچە ۋارقىراپ تۇرۇپ، — كېرەك يوق! مەن ئۇنى ئۆلمەس قىلىشىم لازىم. بۇ — مېنىڭ ۋەزىپەم!

بۇ ئۆلمەس سەيپۇڭ ھازىرمۇ ھايات. ئۇ ھازىرمۇ سەيپۇڭ، فرانسىيە بانكىسى يېنىدا ئولتۇرۇشلۇق، ئىسمى يەنىلا ماكا. ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ تەييار كىيىملەر دۇكىنى ئۈستىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىسىدىن بۇ ئىسمىنى كۆرەلەيدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى «يارد» تا بالزاك بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېدىم، ئىككى - ئۈچ مىڭ پارچە ۋىۋىسكىغا قارىغان كىشىنىڭ ئىشتىھاسى قانداق بولسا، مېنىڭمۇ شۇنداق بولدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى بالزاك ئۆزىنىڭ «پارىژ ژۇرنىلى» ئۈچۈن يازغان پوۋېستىغا «Z. ماكا» دەپ نام قويدى، بۇ ئىسىم - فامىلىگە دائىر خاتىرە بىر تارىخ بولۇپ قالدى.

بالزاك ئۆز پوۋېستىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن بىرنەچچە ئابزاسنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى - دە، مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىسىمنىڭ بىر سەيپۇڭغا قويۇلغانلىقىغا بەك ئەپسۇسلىنىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ ھەرگىز سەيپۇڭلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىم ئەمەس، لېكىن سەيپۇڭ دېگەن بۇ سۆز ماڭا بەزى قەرزدارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى، قايتۇرۇۋېتىلگەن بىرنەچچە پارچە قەرەللىك چەكنى ئەسلىتىدۇ. مەن سىزگە بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىدىغان ۋاقتىمدا كۆڭلۈمنىڭ نەچچە قېتىم بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەنىدىم.

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ھەققىدە» ناملىق كىتابتىن: ئىبراھىم ئىمىن تەرجىمىسى).



# بالزاك ھەققىدە ئەسلىمىلەر

## گوتىيې (فرانسىيە)

ئالېكساندىر دۇماس: «شېكسپىر خۇدادىن قالسىلا ئەڭ كۆپ ئىجاد قىلغان كىشى» دېگەن ئەمەسمىدى؟ بالزاكنى شۇنداق ئاتىساقمۇ تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛ بىر كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ جانلىق پېرسوناژلارنى يارىتالىشى ھەقىقەتەن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان.

بالزاك 1836 - يىلىدىن باشلاپ «ئىنسان كومېدىيىسى» نىڭ پىلانىنى تۈزگەن، ئۆز تالانتىغا نىسبەتەن تولۇق تونۇشقا ئىگە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدە مەركىزىي ئىدىيىنى ماھىرلىق بىلەن بىرىكتۈرگەن ھەمدە ئۇلارنى پەلسەپىۋى قائىدىلەر بويىچە تىزلەرگە ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرغان. گەرچە بەزى ساپ خىيالىي پوۋېستلارنى چېتىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ياخشى بىرلەشتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت بەزىبىر كىچىك تەپسىلاتلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، چەكسىز كەڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇ خۇددى ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان بەزى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەيۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش ئىچىگە چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشىشىدۇ.

بىز شۇنى ئېيتقان ئىدۇقكى، بالزاك تىرىشىپ ئەمگەك قىلاتتى، خۇددىي بىر قەيسەر تۆمۈرچىدەك، ئۆلچەمگە توشمايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئون - يىگىرمە قېتىملاپ يېڭىباشتىن مەشكە سالاتتى. ئۇ بەلكىم بېرنا بارىستەك① دۇكاندىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، تەجرىبىنى ئوتتۇرىدا ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ياغاچ جاھازلىرى، پۇل، ھەتتا بادىرلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچىدۇر. ئۇ ھەتتا ئەڭ موھتاجلىق كۈنلەردىمۇ ئۆز ئەسىرىنى قول ئۈچىدا ئىشلەپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىغان، ئەدەبىياتقا بۇنداق كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسى ماختاشقا لايىق نۇرغۇن ئۈلگىلەرنى قالدۇردى. ئۇ قايتا - قايتىلاپ ئۆزگەرتەتتى، ئۆزگەرتكىنى ئوخشاش بىر تېما ئاستىدىكى باشقا بىر كىتاب بىلەن باراۋەر بولاتتى، ئۆزگەرتكەنلىرىنىڭ قايتا نابوردا تىزىش چىقىمىنى كىتابخانا خوجايىنى يەنىلا بالزاكنىڭ ھېسابىغا يېزىپ، نەشىر ھەققى ئىچىدىن تۇتۇپ قالاتتى، نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئەمگىكىنىڭ جاپالىقلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى ئاز بولغان قەلەم ھەققى تېخىمۇ كېمىيەتتى. ئۇ كۈتكەن پۇل، كۆپىنچە ئۆي قەرزىنى تۆلەشكە يەتمەيتتى، ئۇ ئۆزى ئېيتقان بۇ «ئاقما ھېسابات»قا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ جىددىي خىزمەت قىلاتتى. بالزاك دىن تارقاتقۇچىلار كېيىدىغان تونى كىيىپ ئۈستەل قېشىدا ئولتۇرغان ۋاقت دەل تۈن يېرىملىشىپ، كىشىلەر ئۇيقۇغا چۆمگەن ۋاقت بولۇپ، يەتتە تال شامدىن قىلىنغان يېشىل قالپاقلىق چىراغ ئاق قەغەز ئۈستىنىلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ قەلەمنى قولغا ئالاتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئېسىلزادىلەر بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

① بېرنا بارىس — فرانسىيىنىڭ XVI ئەسىردىكى مەشھۇر فارفورچىسى.



كۈرەشتىنمۇ قورقۇنچلۇقراق كۈرەش — شەكىل مەزمۇن كۈرىشى — باشلىنىپ كېتەتتى.

بالزاك ھەر كۈنى كەچتە «جەڭ» قىلاتتى، سەھەرگە بارغاندا ھالىدىن كەتسىمۇ، لېكىن غەلىبە قىلالماي قالمايتتى، كېچىدە مەشتىكى ئوت ئۆچۈپ قېلىپ، ئۆي ئىچى سوۋۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىدىن بىرخىل ئىسسىقلىق چىقىپ تۇراتتى، بەدىنىدىن خۇددىي قىشتا يىراقتىن چېپىپ كەلگەن ئاتنىڭ بەدىنىدىن چىققان ھوردەك ئاددىي كۆز بىلەنمۇ كۆرگىلى بولىدىغان يەڭگىل ھور ئۆرلەيتتى. بەزىدە بىرلا جۈملە ئۈچۈن پۈتۈن بىر كېچىلىك ۋاقتى كېتەتتى؛ ئۇ يېزىپ بولۇپ يەنە ئۆزگەرتەتتى، قۇراشتۇرۇش، ئويلىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، سۆز تاللاش، ئۆچۈرۈۋېتىش ئارقىلىق بىر جۈملىنى يۈز نەچچە خىل شەكىلدە يېزىپ باقاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مۇۋاپىق بولغان بىرەر مۇكەممەل شەكىل، ھامان توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان نۇرغۇن شەكىللەردىن كېيىن، ئاندىن بايقىلاتتى. بالزاك ئەسەرلىرى ئىچىدە بىرنەچچە بېتى ئەسلى كۆپىيىسىگە ئوخشىشىدىغىنى ناھايىتى ئاز بولاتتى.

بالزاك باش قاتۇرۇپ ئەستايىدىل يازاتتى. ئۇ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىرادىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىمانلارچە جاسارەتكە ئىگە بولغانلىقى، دىن تارقاتقۇچىلاردەك تالا - تۈزگە ئانچە چىقماي ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە قىلالىدى. ھەر قېتىم بىر مۇھىم ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەندە بىر كۈنلۈك (يىگىرمە تۆت سائەت) ۋاقت ئىچىدە ئون ئالتىدىن ئون سەككىز سائەتكىچە ئىشلەپ، ئۇدا ئۈچ ئايغىچە توختىمايتتى، ئۇ پەقەت ئالتە سائەتلا ۋاقت چىقىرىپ، خۇددى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي ئۇخلاش تەلىپىنى قاندۇرغىنىدەك يېتىپلا ئۇخلايتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ،

تاماقنى ئالدىراپ يەپ ھەزىم قىلىشى ناچارلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۈرىكى ساللىنغان بولۇپ قالغان. بۇنداق كۈنلەردە ئۇ بىر قېتىممۇ سىرتتا كۆرۈنمەيتتى، سىرداش دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە پەيدا بولاتتى - دە، بىر نادىر ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاقاقلىغان كۈلكىسى بىلەن ئىنتايىن سەممىي ھالدا، ئۆزى ئۈچۈن ئالقىش ئېيتاتتى. ئۇ ئۆزىدە باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ھېچقانداق ئېھتىياج ھېس قىلمايتتى. باشقىلارنىڭ ئۆز ئەسىرىنى قانداق باھالىشى ۋە نېمە دېيىشى بىلەن قىلچىمۇ چاتىقى يوق ئىدى. ئۇ تەبىئىي ھالدا دۇنياغا تونۇلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچقانداق ۋاستە قوللانمىدى، ئەزەلدىن مۇخبىرلارنىمۇ ئۆزىگە تارتمىدى، چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ، ئەسىرىنى ئېلان قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىپ قەلەم ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇچقاندەك قايتىپ كېلەتتى - دە، قەرزلىرىنى تۆلەيتتى. قەرز ئىگىلىرى كۆپىنچە گېزىتخانا قورۇسىدا ساقلاپ تۇرغان بولاتتى، مىسال ئالساق، ئۇنىڭغا نورىدى يېزىسىدا ئۆي سېلىپ بەرگەن تامچى مانا شۇنداق قىلغان.

بەزىدە ئۇ سەھەردىلا ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە بىزنى ئىزدەپ كېلەتتى. ساپ ھاۋادا ئازراق بېشى قايغان، خۇددى تۆمۈر ئېرىتىش مەيدانىدىن قېچىپ چىققان تۆمۈرچى ئىلاھىدەك، ئىنتايىن ھارغان ھالدا، ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا سافاغا چۆكەتتى. پۈتۈن بىر كېچە خىزمەت ئىشلىگەچكە قورسىقى ئاچقان بولاتتى، ئۇ ساردىن بېلىقىنى سوقۇپ ئۇششاقلىغاندىن كېيىن سېرىق ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ياساپ، بولكىغا سۈركەيتتى، بۇنداق مەلھەم ئۇنىڭغا دۇر شەھىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان پاقلان گۆشىنى ئەسلىتىدىكەن، ئۇ بۇنداق مەلھەمنى



يېيىشكە بەك ئامراق ئىدى، يەپ بولۇپلا بىزگە بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىنى ئويغىتىپ قويۇشنى تاپىلاپ ئۇخلاپ قالاتتى. بىز ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي ئەكسىچە، ئۇنىڭ شۇنچە تەستە ئېرىشكەن تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئايايتتۇق - تە، ئۆيدە ئازراق ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇشىغىمۇ يول قويمايتتۇق. بىر كەمدە ئۇ ئويغىنىپلا گۈگۈم چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرەتتى - دە، بىزنى ئەبلەخلەر، يانچۇقچىلار، قاتىللار، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتەتتى. چۈنكى، بىز ئۇنى ئون مىڭ فرانكلىق زىيانغا ئۇچراتقانىدۇق، ئەگەر ئۇ بالدۇرراق ئويغانغان بولسا، بىر ھېكايە مەزمۇنىنى ئويلىنىپ قويغان، بۇ ھېكايە ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساننى (نەشىر ھەققى تېخى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. بىز بالا تېرىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان بولاتتۇق. بىز ئۇنىڭ بانكىر، كىتابخانا خوجايىنى، گراف خانىم بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىغا دەخلى قىلغان، ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇشىغا كاشىلا قىلغان بولاتتۇق. بىر قېتىملىق ئۇيقۇ ئۇنى نەچچە مىليون فرانك زىيانغا ئۇچراتقان بولاتتى. ئەمما بالزاكنىڭ ئوتتۇرۇۋەتسە ھەسسىلەپ پۇل تېكىشتەك بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان ھېسابلاش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاز كۈنلەردىن كېيىن چەكسىز كۆپىيىشكە باشلاپ، زور پۇلغا ئايلىنىدىغانلىقى دائىم بولۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇيقۇغا قانغان بالزاكنىڭ مەڭزى قىزىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆز - ئۆزىمىزدىن تەسەللى تاپاتتۇق.

بالزاك ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر مۇكەممەل بولغان بىر تەزكىرە يېزىش نىيىتى ھېچكىمدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسا، مۇقەررەر ھالدا بوش ۋاقتى كۆپ بولۇشى لازىم، بەزىدە ئۇنى تاپقىلى بولمايت-

تى، ئۇ كۆپىنچە سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەيتتى، هەتتا ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپمۇ كېتەتتى، ئۇنىڭ هاياتى، خۇددى ئۆز هەدىسىگە يازغان خېتىدە ئىنتايىن تەسىرلىك تەلەپپۇزدا ئېيتقىنىدەك تامامەن خىزمەتنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا بولاتتى. ئەگەر بىر كىشى ئۇنىڭغا ئۇزۇن خەت يازسا، ئۇ جىددىي خىزمەت جەريانىدا بىر - ئىككى ئېغىز جاۋاب يېزىشنىمۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قاراپ بۇنداق قىلىشقا كەمدىن كەم رازى بولاتتى. ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ قۇلى ئىدى.

... بالزاك بىرەر ئەسىرى پۈتكەندىن كېيىن خۇددى تۈنۈگۈن ئايرىلغاندەكلا يەنە ئالدىڭدا پەيدا بولاتتى. ئۇ ئۈزلۈكسىز ئۈزۈپ قويغان سۆھبەتنىڭ ۋاقتى بەزىدە ئالتە ئايدىنمۇ ئېشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ساياھىتى بەزى يەرلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنى «سىرتقى ئۆلكە تۇرمۇشى» نىڭ كۆرۈنۈشى قىلاتتى، ئۇ دۇلەينا ياكى شالەنتۇدىكى ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئەگەر پارىژدا بولسا، قەرز ئىگىلىرى ئۇنى بۇنداق خاتىرجەم ياشىغىلى قويمايتتى. ئۇ بىر چوڭ ئەسىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بەزىدە بىر قەدەر ئۇزاق مەزگىللىك ساياھەتكە چىقىپ، گېرمانىيىگە، ئىتالىيىنىڭ شىمالىغا ياكى شۋېتسارىيىگە باراتتى، لېكىن كۆڭلى يەنىلا ۋاقتى توشقان قەرزلەرنى تۆلەش ۋە ئىمزالانغان توختامنى ئىجرا قىلىشتا بولاتتى. مۇشۇنداق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ دەم ئالمايلا قالماستىن، بەلكى هارغىنلىق هېس قىلاتتى. ئۇ كۆك ئاسمان، ئېگىز تاغ، مەنزىرە، قۇرۇلۇش، ئۆي ۋە ئۆي ئىچىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەرنى غايەت زور سىغىمچان كۆزىگە يىغىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز ئەينى بىلەن مەڭگۈ ساقلايدىغان خاتىرىسىگە



ئاپشۇراتتى. بۇ جەهەتتە بالزاك مەنزىرە شائىرلىرىدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ ئادەملەرنىمۇ، مەنزىرىلەرنىمۇ كۆزىتىشنى بىلەتتى. بىرلا نەزەر سېلىش بىلەن ئۇ ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، هەرىكەت ئالاهىدىلىكى، قىزغىن ئارزۇسى ۋە مىجەزىنى تەتقىق قىلاتتى. مەنزىرە، كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنىمۇ تەتقىق قىلاتتى. بىرەر تەپسىلات خۇددى ئازراق سۆڭەك پارچىسى كوۋىيېر① غا كۇپايە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ بىرەر قېتىم كۆرۈۋالغان كىشىنى مۆلچەرلىشى ۋە ئەسەردە ئۆز جايىغا قويۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. بەزىلەر بالزاكنى كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، دەپ ماختايدۇ. بۇ هەقىقەتەن راست، ئەمما كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هەرگىز «ئىنسان كومېدىيىسى» نىڭ ئاپتورى دوراشقا ماهىر بولغاچقا سىزغىنى شۇنچە هەقىقىي دەپ قارىماسلىق لازىم. ئۇنىڭ ماهارىتى هېنرى مونىيېر② غا تامامەن ئوخشىمايدۇ، هېنرى ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرۈپ، قەلەم بىلەن سىزىپ ياكى تېز يېزىپ، هېچبىر هەرىكىتىنى چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، قىلچە ئەهمىيىتى بولمىغان سۆزلىرىنىمۇ خاتىرىلەپ، بىر پارچە هەقىقىي تەسۋىرگە ئىگە بولماقچى بولىدۇ. بالزاك بولسا، كۆپ قىسىم ۋاقىتتا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ كومېدىيىسىدە تۈرلۈك شەكىلدە رول ئالغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىپ كېتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن خاس كۆز بولىدىغانلا بولسا، بىر كىشى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يىغىنچاقلاپ چىقالايدۇ. ئادەم — هەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كىچىك ئالەم.

① كوۋىيېر (1769 — 1832) فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق بىئولوگىيە ئالىمى.

② هېنرى مونىيېر (1805 — 1877) فرانسىيە يازغۇچىسى ۋە رەسسامى.

بالزاك ئۆز ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن تىپىك پېرسوناژلارنى بىۋاستە ئۆزى كۆزەتكەن، دائىم شۇنداق بولمىسىمۇ، كۆپىنچە شۇنداق ئىدى. شۇڭا، بۇ پېرسوناژلار ئىنتايىن مۇكەممەل بولاتتى. ھەر دېسە بىر كىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ھېچكىمنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بەزى مەقسەتلىرىنى ئۇقالماي قالىسىز، بەزى تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيسىز، بەزى ھەرىكەتلىرىنى چۈشەنمەيسىز. ئەڭ سادىقلىق بىلەن سىزىلغان بىر پارچە رەسىمدىمۇ بەلگىلىك ئىجادىيلىك بولىدۇ. ئەمما بالزاكنىڭ ئىجاد قىلغانلىرى ئۇنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ. ئۇ چۈشەندۈرگۈچىلەر، بىئولوگلار ۋە ئوپېراتسىيەشۇناسلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە، خۇددى بىر تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىگۈچى كىشى دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، تەجرىبىسىدە زۆرۈر بولغان ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى بەرگىنىدەك، بۇنداق ئىقتىدار مەخسۇس بالزاك ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى.

بۇ يەردە بالزاك چۈشەنگەن «چىنلىق» نى روشەنلەشتۈرۈپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر. بىز رېئالىزم دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ نۇقتىدا بىردەك قاراشقا كەلگىنىمىز تۈزۈك. سەنئەتنىڭ چىنلىقى ھەرگىز تەبىئەتنىڭ چىنلىقىغا تەڭ ئەمەس؛ بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ھەرقانداق شەيئى ئىچىدە مۇقەررەر رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى قانۇنىيەتلەر (ھەرقانچە كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ) بولىدۇ، رەسىم سىزىشتىكى ئېنىق كۆرۈش ئۇسۇلى، يېزىقچىلىقتىكى تىلمۇ شۇنداق. بالزاك ئۆزىنىڭ مەلۇم كىشىلەر ياكى شەيئىلەردىن قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلماقچى بولغانلىقىغا قاراپ، تەكىتلەش، مۇبالى-



غىلەشتۈرۈش، ئاشۇرۇش ياكى ئازايتىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇنداق روشەنلەشتۈرەتتى ياكى تۇتۇقلاشتۇراتتى، بەزىدە يىراقلاشتۇرسا، بەزىدە يېقىنلاشتۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇ «چىن» لىقىغا ئېتىبار بېرەتتى، لېكىن «سەنئەت» نى دەپ بەزىلىرىنى قاپارتسا، بەزىلىرىنى قۇربان قىلاتتى. ئۇ پارلاق ئوبرازنى دەپ قاراڭغۇ ئارقا كۆرۈنۈشكە ماي بېرەتتى. بەزى پېرسوناژلارنىڭ پېشانىسى ياكى بۇرنىغا ئۆز لايىقىدا ئازراق يورۇقلۇق نۇر بېرەتتى، بەزىدە ئۈن - تىنسىز ھالدا كىتابخانلار ئالدىغا مىكروسكوپ قوياتتى - دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسۋىرى ئاجايىپ ئۈنۈم بېرەتتى، كىچىك تەپسىلاتلاردىن باشقىلىرىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئېنىق، ناھايىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەپسىلىي بولاتتى. بۇلجۇڭ گۆشى، تېرىسى، تەر تۆشۈكچىسى، سېرىق تۈك، مەڭ ۋە تومۇر - نېرۋا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غايەت زۆرۈر ۋە مۇھىم بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئاددىي كۆز بىلەن قارىغاندا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنگەن ئادەم يۈزى غەلىتە باش سۈرىتىگە ئايلىنىپ، خۇددى پارىژ يېڭى كۆۋرۈكى ئۈستىگە ئويۇلغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆڭۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ باش سۈرىتىدەك قىزىقارلىق بولاتتى. پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ تەپسىلىي تەسۋىرلىنىپ، ھەر قايسى پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتىگە ئويغۇن كېلەتتى، ئەگەر گراف يۇلوزىنى پاھىشۋازنىڭ شاگىرتى دېسەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پاھىشۋازنىڭ نامايەندىسى بولىدۇ، ئۇ — ئادەم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىنايەتچى، ئۇ — يەككە - خاس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئومۇملاشتۇرۇلغان، خاراكتېرىدىكى خىلمۇخىللىق مەركەزلىك ھالدا شۇ بىر كىشى ئۈستىدە ئىپادىلىنەتتى ... ئۇ بىر تەرەپتىن تەقلىد قىلسا، بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇر قىلاتتى، خۇددى ئالىملارنىڭ ئەستايىدىللىقىدەك ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ھالىتى تەسۋىرلىنەتتى ...

بالزاك ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى ئۈستىدە ئالدىراش بولاتتى، سەھنە ئەسىرى ئۈستىدە ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئادەتتىكى پىكىردىكىلەر بۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئۇنى بۇ ئىشقا ئانچە ماھىر ئەمەس، دەپ قارايدۇ. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىرنەچچە ئەسەرلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى توغرا ئەمەس، دەيمىز. ئۇ شۇنچە كۆپ تىپىك پېرسوناژلارنى، شۇنچە كۆپ پېرسوناژ خاراكتېرىنى، شۇنچە كۆپ قەھرىمانلارنى ياراتتى. ئۇنىڭدەك كىشى ئەسلىدە سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بالزاك باشقىچە يول تۇتقانىدى، ئۇ، نام چىقىرىشنى قوغلىشىدىغان يازغۇچى ئەمەس ئىدى، سەھنە ئەسىرىنى كىتاب بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ھازىر تېخى ھايات بولۇپ، ئون نەچچىلەپ سەھنە ئەسىرى يازالىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ مۇۋاپىق شەكىلنى تېپىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتى؛ تارىخىي دراما تىياتىرى ئويناپ چىققان «ئۆگەي ئانا» نى نادىر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بالزاك ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر ئەقىللىق كىشى «مەرگادېي» نى ئازراق قىسقارتىپ، گېمناج تىياتىرخانىسىدا كەينى - كەيندىن ئويناپ چىقتى.

لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشتىكى مەقسىتىنى ھەقىقىي ئىشتىياقتىن بولغان دېگەندىن كۆرە، كۆپ پۇلغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى بىراقلا ھەل قىلىش ئۈچۈن دەپ مۇقىملاشتۇرغىنىمىز تۈزۈك. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، سەھنە ئەسىرىنىڭ كىرىمى كىتاب كىرىمىدىن كۆپ بولىدۇ، ئۇ كەينى - كەيندىن ئوينىلىدۇ، تېزلا كۆپ پۇل يىغقىلى بولىدۇ. رېپېتىتسىيە قىلىشتا ماسلىشىش خىزمىتى ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، لېكىن مىڭە



ئازراق سەرپ بولىدۇ. بىر كىتابنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم بىرنەچچە سەھنە ئەسىرىگە لايىق ماتېرىيال بولۇشى لازىم، ئەمما بىر سەھنە ئەسىرى بىلەن ئېرىشىدىغان ھەققىمىز ئۈستەلدە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن بىر ھەپتە جاپالىق خىزمەت ئىشلىگىنىمىزدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بىر ئاممىباب تىراگېدىيىدىن ئاپتورغا كېلىدىغان كىرىم «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» ئۈچۈن ۋىكتور گيوگوغا كەلگەن كىرىمدىن بولىدۇ، «نامرات تۇغقان» ئۈچۈن بالزاكقا كېلىدىغان كىرىمدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بالزاك بىرەر ھېكايە ئۈستىدە پىلان تۈزگەن، يازغان ياكى تۈزەتكەن ۋاقىتلاردا بىرەر تىنىش بەلگىسى ئۈستىدىمۇ ئەستايىدىل ئويلىناتتى، ئوڭايلىقچە قويۇۋەتمەيتتى، ئەمما سەھنە ئەسىرىنى بولسا، گويا سۈرئەت قوغلاشقانىدەك قەلەم تەۋرىتىپلا پۈتتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ پۈتكەن بىرەر سەھنە ئەسىرىنى باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش توققۇز ياكى ئون قېتىم تۈزىتىپ ئولتۇرمايتتى. سەھنە ئەسىرىنىڭ ۋەقەلىكىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىنلا دوستلىرىغا دىكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى - دە، دوستلىرىنى قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ بىرلىكتە يېزىپ پۈتتۈرۈشكە تەكلىپ قىلاتتى. بىزنى ۋە باشقا بەزى كىشىلەرنى پات - پات يېرىم كېچىدە ياكى تېخى تاڭ يورۇماستا چاقىرغىلى كېلەتتى. بىز ئۆز ئىشىمىزنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق، چۈنكى بىر مىنۇت كېچىكسەك بىر مىليون فرانك زىيان بولاتتى.

بىر كۈنى بىز بالزاكنىڭ ئەۋەتكەن بىر جىددىي خېتى بىلەن رىسلىئان يولىدىكى 104 - نومۇرلۇق ئۆيىگە باردۇق. بۇ، سەيپۇك پۇيىسۇكنىڭ ئائىلىسى بولۇپ، بالزاك ئۇ يەردە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. بالزاك ئۈستىگە دىن تارقاتقۇچىلار

كىيىدىغان تونىنى يېپىنىپ، كۆكۈش گىلەم ئۈستىدە تىت - تىت بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇرغان ئۆيى ناھايىتى ئازادە بولۇپ، تامغا كۆكۈش، پارقىراق سىپتا رەخت تارتىلغانىدى، بالزاك قارىماققا ناھايىتى پەرۋاسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيىنى سەرەمجانلاشقا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ماھىر ئىدى. ئەمگەك قىلىدىغان كېچىلىكى ئۈچۈن ھامان ئازادە مۇھىت تەييارلايتتى؛ ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ياتىقىدا سەنئەتكارلارنىڭكىدەك قالايمىقانچىلىقلار زادى يوق ئىدى.

ئۇ بىزنى كۆرۈپلا:

— ياخشى، گوتىيې (يەنى تېئوفىل گوتىيې) مۇ كەپتۇ! ھەي ئېزىلەڭگۈ - ھورۇنلار. تېز بولۇڭلار، سائەت بىردىن ئىلگىرى كېلىشىڭلار كېرەك ئىدى، ئەتە مەن يالېر ① غا بىر سەھنە ئەسىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىمەن، بەش پەردىلىك، — دېدى.

— سىز بىزدىن پىكىر ئالماقچىدۇرسىز؟ — دەپ سورىدۇق بىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان دېكلاماتسىيىسىنى ئاڭلاشقا ھازىرلىنىپ.

ئۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قاراپلا كۆڭلىمىزدىكىنى پەملىدى - دە، بىمالال دېدى:

— سەھنە ئەسىرى تېخى يېزىلمىدى.

— تازا غەلىتە ئىشقۇ بۇ؟ — دېدىم مەن، — ئۇنداق بولسا ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئوقۇڭ.

— بولمايدۇ، بىز دەرھال بىر مەيدان قويۇپ ئازراق پۇل تاپساق بولىدۇ، نۇرغۇن قەرزلەرنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالدى.

— ئەتىلا لازىم بولسا قانداق بولىدۇ، كۆچۈرۈپ يېزىشقىمۇ ۋاقىت بولمىسا.

① يالېر — بىر تىياتىرخانىنىڭ خوجايىنى.



— مېنىڭ قانداق تەقسىم قىلغىنىمغا قاراڭلار: سىز بىر پەردە ئالىسىز، ئولرىيوك بىر پەردە ئالىدۇ، 3 - پەردىنى رولان رانغا، 4 - پەردىنى تې پىيلەيگە تاپشۇرىمىز، مەن ئۆزۈم 5 - پەردىنى تەييارلايمەن، ئەتە چۈشتە سىناق قىلىمەن، بۇنى پۈتۈشۈپ بولغان. بىر پەردە تۆت - بەش يۈز قۇردىن ئاشمايدۇ؛ بىر كۈندۈز ۋە ئاخشامدا بەش يۈز نەچچە قۇر دىئالوگنى يازغىلى بولىدۇ.

— سىز مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئېيتىڭ، تىياتىردىكى پېرسوناژلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ، شۇنداق بولغاندا قەلەم تەۋرىتىشىم ئاسان بولىدۇ، — دېدىم مەن ھەيران قالغان ھالدا.

— ۋاي - ۋۇي، — دېدى ئۇ ھارغىن ھالدا ۋە كىشىنى قىينايدىغان بىر خىل ئېرەڭسىزلىك بىلەن، — مەن مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەرسەم، سىز مەڭگۈ يازالمايسىز!

بىزنىڭ قارىشىمىزچە شۇ چاغدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ھەرگىز بىھۇدە بولمىسىمۇ، لېكىن بالزاك ئۇنى نوقۇل قۇرۇق گەپ دەپ قارىدى.

بىز مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭغا قىسقىچە چۈشەندۈردۇق، شۇ چۈشەندۈرۈش بويىچە چالا - بۇلا بىر پەردىدىن يېزىپ چىقتۇق، ئاخىرقى بېكىتىش ۋاقتىدا ھەر بىر پەردىدىن پەقەت بىرنەچچە قۇرلا ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە رولان رانلا بىرقەدەر ئەستايىدىل يېزىپتۇ، شۇڭا بالزاك بۇ سەھنە ئەسىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

بۇ سەھنە ئەسىرى «فۇتىرىن» ئىدى، كۆپچىلىككە مەلۇم، فېلتېرىك لۇمەيت مېكسىكا گېنېرالىنىڭ رولىنى ئالغاندا، سۇلالە دەۋرىدىكى ھەم ئېگىز، ھەم يوغان چاچ تۇگۈچ ئىشلىتىلىدىغان غەلىتە مودا ئويلاپ چىقىرىلغاچقا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ئويۇنغا قاتتىق ئارىلاشتى، شۇنىڭ بىلەن «فۇتىرىن» بىر قېتىم

ئۈينىلىپلا توختىتىپ قويۇلدى. بىچارە بالزاك خۇددى چېقىلغان سۈت كومزىكىگە قاراپ قالغان قىزچاق بىلەيت①كە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىككە چۆمدى. ئۇ ئەسلىدە سەھنە ئەسىرى ئارقىلىق كېلىدىغان كىرىم بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بۇنىڭ تامامەن يوققا چىقىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئەمما بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۆلىمىنى ئالىيجاناب پوزىتسىيە بىلەن رەت قىلىشىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمىدى.

قەرزلەر قايتۇرۇلۇپ، خىيالدىكى بىرلىشىش ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى، بەختلىك ئائىلە خۇددى تور پاختا ۋە يۇڭ تىۋىتتەك ئىللىق ئىدى. بالزاكقا ھەسەت قىلىدىغانلار ئۇنىڭ پات ئارىدا ۋاپات بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ، «نامرات تۇغقانلار»، «بانىس تاغا»دا ئاپتورنىڭ تالانتى تولۇق نامايان بولۇپ، بىردەك ياخشى باھاغا ئېرىشتى، ھەقىقەتەن، ياخشى بولدى، ئۇ ئەمدى ئۆلسىمۇ ئارمانسىز كېتىدۇ، دەپ ماختاشقا باشلىدى.

بالزاكنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ بۇ كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغاچقا ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىگە قاراپ زور ئىشەنچتە ئىدۇق، ئۇنىڭ ئۆمرى چوقۇم بىزنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ قارايتتۇق.

بىز ئىتالىيىگە بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولۇپ، مېڭىشتىن ئىلگىرى بۇ مەشھۇر دوستىمىزنىڭكىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماقچى بولدۇق، لېكىن بىز ئۇ يەردە ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈپ، تاموژنا ئارقىلىق چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن ئاسار -

① قىزچاق بىلەيت — لافونتېننىڭ شېئىرىي مەسەلى، «كالا سۈتى ساتقۇچى قىزچاق ۋە كالا سۈتى كومزىكى» دىكى ئايال باش قەھرىمان.



ئەتىقىلەرنى ئالغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم بولدۇق. مەن ماشىنىغا چىققاي دەپ تۇرۇشۇمغا بالزاكنىڭ خانىمى نېمە ئۈچۈن ئېرى بىلەن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قىسقا خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتنىڭ ئاستىغا بالزاك مۇنداق دەپ يازغان:

«مەن كىتاب كۆرەلمەيدىغان، ئەسەر يازالمايدىغان بولدۇم.
بالزاك».

بىز بۇ بىر قۇر قايغۇلۇق خەتنى، بەلكىم، «ئىنسان كومېدىيىسى» ئاپتورىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇر خېتىنى مۇقەددەس مىراس قاتارىدا ساقلىماقتىمىز. بىز دەسلەپ بۇ خەت بۇ مۇتەپەككۇر خىزمەتچىنىڭ «ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ساداسى» ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن، بالزاكنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدۇق.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز سانمار مەيدانىدىكى فىگىلىئات قەھۋەخانىسىدا سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەچ، ۋېنىستا سېتىۋالغىلى بولىدىغان «مونازىرە گېزىتى» ناملىق فرانسىيە گېزىتىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، بالزاكنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدۇق. كىشىنى قورقۇتىدىغان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئورۇندۇقتىن يىقىلغىلى تاس قالدۇق ۋە قاتتىق ئېچىندۇق، بىز خىرىستىئانلاردەك ئۇنداق ئىتائەتمەنلەردىن بولمىغاچقا، ئىنتايىن غەزەپلەندۇق ۋە ئادالەتسىزلىك ھېس قىلدۇق. چۈنكى، تەڭرى ئالدىدا بارلىق كىشىلەر ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئىدى. يېقىندا سان - سارفول ئارىلىدىكى ساراڭلار دوختۇرخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياشانغان دەلدۈشلەر، سەكسەن نەچچە ياشلىق نېرۋىسى ئاجىزلاشقان كىشىلەر بولۇپ، ھايۋانىي خاراكتېرىنى كونترول قىلالمايتتى، بىز نۇرلۇق بىر مېڭىنىڭ

نېمە ئۈچۈن خۇددى شام چىرىغىدەك لىپلا قىلىپ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى، لېكىن ئاشۇ قاراڭغۇ مېڭىلەرنىڭ، پەقەت بەزى غۇۋا خىيالىي نۇرلارلا يورۇتۇپ تۇرغان مېڭىلەرنىڭ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ھايات ياشاۋاتقانلىقىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمىدۇق.

بۇ قايغۇلۇق كۆڭگە ھازىر سەككىز يىل بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ داڭقى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنلا چىقىشقا باشلىدى.

بالزاكنىڭ ئۇلۇغلۇقى كۆندىن - كۆنگە بىلىنىشكە باشلىدى.

ئىلگىرى، ئۇ زاماندىش يازغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا كۆپچىلىك ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرەلمىگەن، بەزىدە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، مەسىلىگە يەككە قارىغانىدى. ھازىر كىشىلەر ئۇ قۇرغان بىنادىن يىراقلاشقانسېرى، خۇددى ئەتراپتىكى ئۆيلەر توسۇۋالغان شەھەر ئىچىدىكى چېركاۋنىڭ يىراقتىن قارىغاندا تەكشى كەتكەن ئۆگزىلەردىن بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك دەرىجىدە غايەت زور كۆرۈنگىنىدەك، بۇ بىنا شۇنچە ئېگىز كۆرۈنمەكتە. بۇ قۇرۇلۇش تامامەن پۈتۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كۆلىمىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى كىشىنى قانداقمۇ تاڭ قالدۇرمىسۇن، بەلكى بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ ھەيران بولغان ھالدا، قايسى گىگانت كىشى بۇ چوڭ تاشلارنى ئۆزى يۆتكەپ، پۈتكۈل قالايمىقان جەمئىيەت قاچىلانغان بۇ بابىل مۇنارىسىنى ① شۇنچە ئېگىز سالغاندۇ، دەپ سوراپ قالار.

بالزاك ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرمۇ ئۇنى

---

① بابىل مۇنارى — «ئىنجىل» رىۋايەت قىلىنغان نوھ ئوغۇللىرىنىڭ تەڭرىگە ئاتاپ سالغان چوڭ مۇنارى.



ھاقارەتلەۋاتقانلار بار. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى نامىغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئەخلاقسىز دېيىشمەكتە. بۇ — بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققانلىق. بۇ، ئۆزى ياخشى ئەسەر يازالمىغانلىقتىن باشقىلارغا ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان چاكىنىلار ياكى ئەخمەقلەرنىڭ ئەڭ نومۇسسىز قارغىشىدىن ئىبارەت.

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن: ئىبراھىم ئىمىن تەرجىمىسى).

## «گۈزەل دوست» نىڭ تەنقىدچىلىرىگە جاۋاب

— «كىئىر برانس» تەھرىر بۆلۈمىگە خەت ①

### مۇپاسسان (فرانسىيە)

سۆيۈملۈك باش مۇھەررىر جانابلىرى:

«كىئىر برانس» بىلەن خىلى ۋاقىتلارغىچە كۆرۈشەلمەسلىكىمگە سەۋەب بولغان ئۇزاق ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رىمدا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم. «گۈزەل دوست» ناملىق رومانىم ھەققىدە يېزىلغان ئوبزورلار مېنى ھەيران قالدۇردى، كۆڭلۈمگىمۇ تەگدى.

رىم، 1885 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

① بۇ خەت 1885 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېسىلغان. خەتكە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: بىز گېزىتىمىزگە ماقالە يازغۇچى مۇپاسساننىڭ ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇنى تۆۋەندە ئېلان قىلدۇق.



كاتانىيىدىكى چېغىمدا مىلىڭ رۇئاننىڭ ماقالىسىنى ① ئوقۇپ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللىغانىدىم. ئەمدى رومانىمنى پارچىلاپ ئېلان قىلغان گېزىتتە مەلۇم ئىزاھات بېرىشنى زۆرۈر تېپىۋاتىمەن.

راست گەپنى ئېيتسام، بۇ رومانىنى يېزىش غەرىزىم ئۈستىدە سۆزلەشنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم. بۇنىڭدىكى ئىجادىيەت غەرىزىم ئوپئوچۇق بولسىمۇ، بۇنى پەقەت چىقىلىشقا بولمايدىغان بەزى كەسپداشلىرىملا بىلەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، بۇرۇن شائىرلارنى جىلىخور دەپ ئاتايدىغان ئاخبارات مۇخبىرلىرى مېنى زىمانىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى تەسۋىرلىمەكچى، دەپ ئويلايدۇ ھەم مەن «فرانسىيە ھاياتى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى نامىدا تەسۋىرلىگەن ئۈچ - تۆت ئادەمنى بارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ جىمىكى مۇھەررىرلىرى دېگەن يەكۈنگە جۈرئىيدۇ. بىراق، مې-

① مىلىڭ رۇئاننىڭ ماقالىسىنىڭ تولۇق تېكىستى:

«يېقىندىن بۇيان «گۈزەل دوست» دېگەن رومان كەڭ تارقالدى. بۇ رومان ھەققىدە دادىل توختىلىش كېرەك. مۇپاسسان ھېچقاچان بۇنىڭدىنمۇ تېز ۋە ئومۇمىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ باققان ئەمەس ... مۇپاسسان ئەسلىدە سەنئەتچى ئىدى، ئۇنىڭ رومانى بەدىئىي ئەسەر ... خۇشامەتنى خالىمايدىغان بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ قالايمىقان نەرسە ئىكەنلىكىنى چوقۇم ھېس قىلىدۇ: ئەمدى بىز ئۇنىڭ جىلىڭ ياكى جالىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقايلى!

مەن بۇ يەردە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن مۇشۇنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئاخبارات ساھەسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ... ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. بالزاك ئۇنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسۋىرى تېخىمۇ ئۇلۇغ ... بىز پاتقاقلار ئوكيانىدا خۇشال - خۇرام ئۈزمەكتىمىز ... قانداق جەمئىيەت؟ خۇدا! قانداق شارائىت؟ قانداق دائىرە؟ ...

مۇپاسسان ئەپەندىمگە ناھايىتى ئاپىرىن، لېكىن «گۈزەل دوست» نىڭكى ۋەقەلىك ئارزۇغا خىلاپ. بەزىلەر مېنى قالاق دېسىمۇ مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق تېما تاللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

نىڭچە ئۇلار سەللا ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرسە بۇنداق خاتا يەكۈن چىقارمىغان بولاتتى.

مەن پەقەت بىر تەۋەككۈلچىنىڭ ھايات يولىنىلا تەسۋىرلىمەكچىدىم، مېنىڭچە بىز بۇنداق تەۋەككۈلچىلەر بىلەن پارىژدا ھەر كۈنى دېگۈدەك دوقۇرۇشۇپ تۇرىمىز، ئۇلار ھازىرقى تۈرلۈك كەسىپلەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇخبىرمۇ - ئەمەسمۇ؟ مۇخبىر ئەمەس؛ مەن ئۇنى يازغان ۋاقىت دەل ئۇنىڭ ئات بەيگىسى مەيدانىغا چەۋەندازلىققا بارماقچى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۇنى بۇ ئىشقا ئۇنىڭ تەبىئىتى زورلىغانمۇ ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ۋىجدانىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، باي بولۇش كويىغىلا چۈشكەن، پۈتۈنلەي ئېتىقادسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن چۈشەندۈرگەنىدىم. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى لۈكچەكلىك ئۇرۇقىنىڭ چۈشكەنلا يەردە يىلتىز تارتىپ كۆكلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدىم. بۇ زېمىن گېزىتنىڭ ئۆزى ئىدى. بەزىلەر، نېمە ئۈچۈن بۇنى تاللىيسەن؟ دېيىشىدۇ.

نېمىشقىدى؟ مېنىڭچە بۇنداق شارائىت ھەممىدىن قولايلىق، بۇ ھال مەن يازغان پېرسوناژنىڭ ھايات يولىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئادەتتە ئېيتىپ كېلىۋاتقاندەك گېزىت ھەممىگە چېتىلىدۇ، باشقا كەسىپلەردە مەخسۇس بىلىم بولۇش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئىشىكنى ھىم ئېتىۋەتسەك، كىرىپ - چىقىپ كېتىدىغان ئىشىك ئازىيىدۇ. گېزىت گويا ھەممە جايغا بارغىلى بولىدىغان، زېمىنى كەڭ جۇمھۇرىيەت دەڭگا، ئۇنىڭدا تاپىمەن دېگەننى تاپقىلى، قىلىمەن دېگەننى قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە ساپ دىل، راۋۇرۇس ئادەم بولۇشمۇ ناھايىتى ئاسان، ئالدامچى بولۇۋېلىشمۇ بەك ئاسان. شۇنىڭ



ئۈچۈن مېنىڭ باش قەھرىمانىم ئاخبارات ساھەسىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى قوللىنىشقا تېگىشلىك ئالاھىدە ۋاستىدىن ناھايىتى ئەپچىللا پايدىلىنىپ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئۇ خوتۇن كىشىگە يۆلىنىپ يۇقىرىغا چىقىۋالغان ئېتىقادسىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولسۇن ئاخبارات مۇخبىرى - دە. ئۇ گېزىتخانىنىڭ ھەربىر تارمىقىدىن ئۇزچىل پايدىلىنىدۇ، پەلەمپەيلەردە توختاپ قالماستىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيدۇ. ئۆز ھاياتىنى مۇخبىرلىقتىن باشلاپ ئاندىن ھەممىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمەن گېزىتخانىدا خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش كىشىلەر بىرەر جايغا ماكانلىشىدۇ، بەزىلەر كۆپ چاغلاردا ئۆمۈر بويى مۇخبىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇلاردىن نام چىقارغانلىرى خېلى بار، بىرمۇنچىلىرى ياۋاش مۆمىن ئادەملەر، ئۇلار خۇددى بىرەر مىنىستىرلىكنىڭ خادىمىغا ئوخشاش ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىنى ئاۋايلاپ قىلىدۇ. تورۇئا «شەھىرىمىزنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى» بېتىنىڭ مۇدىر مۇھەررىرى بولىدۇ، بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل كەسىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى كاتتىلارمۇ بار ئىدى. «شەھىرىمىزنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى» كۆپ چاغلاردا گېزىتنى بېيىتىۋېتەتتى، پارىژدىكى كىشىلەرنىڭ جىمىسى بۇ بەتنىڭ مۇھەررىرلىرىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ يازغىنىغا خۇددى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ يازغىنىغا زوقلانغاندەك زوقلىناتتى. گۈزەل دوست بۇ يەردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سىياسىي ماقالىلەر بېتىگە ئۆتىدۇ. مەن شۇنداق ئۈمىدتىمەنكى، كىشىلەر مېنىڭ ۋىس ئەپەندىم بىلەن لىمونا ئەپەندىمنى خۇپپىيانە چېكىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمنى، بەلكىم ئەيىبلىمەس؟ كىشىلەر مېنىڭ مەلۇم كىشىنى خۇپپىيانە چېكىپ ئۆتكەنلىكىمدىن قانداقمۇ گۇمانلانسۇن؟

سىياسىي مۇھەررىرلەر باشقىلارغا ئوخشاش بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرمۇش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئۇلار مەسىلىگە جىد-

دېيى قارايدۇ، كەسپىنى ۋە خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئارتۇقچىلىقى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن يېزىقچىلىقتا تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللانسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قارىشىغا باب كېلىدىغان بىر خىللا مۇقامدا ماقالىلەر يازىدۇ. مۇبادا كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، گېزىتنىڭ قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنچە ئېنىقكى، مەن يازغان تەۋەككۈلچى جەڭگىۋار سىياسىيغا، پارلامېنتتا تۈرلۈك تۇرمۇش ھەم ۋەقەلەر يولىغا قەدەم تاشلايدۇ. ئەگەر ئەمەلىيەت ئارقىلىق يېزىقچىلىقتا مەلۇم ئۆتكۈرلۈككە ئېرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا يازغۇچى بولالمايدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي مۇخبىرمۇ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىستىقبالى خىتۇنلارنىڭ قولىدا. گۈزەل دوست دېگەن بۇ نام بۇنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرمامدۇ؟

دېمەك، ئۇ چەۋەندازلىقتا بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا تاسادىپ مۇخبىر بولۇپ قالىدۇ. گېزىت - ژۇرنالدىن بەئەينى ئوغرى شوتىدىن پايدىلانغاندەك پايدىلىنىدۇ. لېكىن ساپ كىشىلەر بۇنداق شوتىدىن پايدىلانمامدۇ، دەپ خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى رومانىم توغرىسىدىكى يەنە بىر ئەيىبلەش ئۈستىدە توختىلاي، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، مەن «فرانسىيە ھاياتى» دەپ ئۆزۈم ئويلاپ چىقارغان ئاشۇ گېزىت ئارقىلىق پۈتكۈل پارىژدىكى ئاخباراتچىلارنى ئەيىبلىمەكچىمىشمەن!

ناۋادا مەن بىرەر چوڭ گېزىتنى تاللىۋالغان ياكى چىقىۋاتقان بىرەر گېزىتنى پائالىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغان بولسام ئۇ ھالدا مەندىن رەنجىيدىغان كىشىلەرنىڭ رەنجىشى تامامەن توغرا بولغان بولاتتى، شۇڭا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەن خۇددى سىياسىي ئالداmچىلارنىڭ ۋە يەرمەنكىدە ئولتۇرۇپ تەييارغا ھەييار بولىدىغان باندىتلارنىڭ ئاگېنتلىقىغا ئوخشاش كىچىك



بىر گۇمانلىق گېزىتنى تاللىۋالدىم. ئەپسۇسكى، بۇنداق گېزىت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت. مەن بۇنداق گېزىتنىڭ خاراكتېرىنى ھەرقانداق چاغدا شەرھلەپ بېرەلەيمەن، ئەمەلىيەتتە يازغىنىم پەقەتلا ئىككى مۇخبىر — نوبىل ۋاللون بىلەن جىك لىۋال. ئۇلار مەزكۇر گېزىتكە پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپلا بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ سودا فىرمىلىرىنىڭ يوشۇرۇن شۇملۇقلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق.

بۇ شەھۋەتپەرەسنى يېزىش ئارزۇيۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شارائىتقا سېلىپ، تېخىمۇ كۆپتۈردۈم...

مېنى پارىژدىكى بارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم گېزىتخانا بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىۋەتتى، دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ؟...

بەزىلەر مېنى «فرانسىيە ھاياتى» گېزىتىنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق «ئىتتىپاق گېزىتى» بىلەن «مۇنازىرە گېزىتى»نى تەسۋىرلىمەكچى دېيىشىدۇ!... بۇ نەقەدەر كۈلكىلىك گەپ! بۇ گەپ مېنى بۇ كەسىپداشلىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاسانلا غەزەپكە كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىغان دەرىجىگە ئاپىرىپ قويدى. مەن ھەقىقەتەنمۇ بىرەر كىشىنىڭ ھەم «ئالەم گېزىتى»گە، ھەم ھەر كۈنى كەچقۇرۇن قاراڭغۇ دەرەخزارلىق كوچىلاردا ۋارقىراپ سېتىلىدىغان پەسكەش گېزىتلەرگە ئوخشاش كىچىك گېزىتلەرنى يېزىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، بۇنداق پەسكەش كىچىك گېزىتلەر خۇددى پۇل مۇئامىلە بۇلاڭچىلىرىنىڭ ئۇۋىسى، قاقتى - سوقتىسى ۋە يالغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياسايدىغان زاۋۇتلارنىڭ مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش مەۋجۇت، بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

مېنىڭ تاللىغىنىم ئەنە شۇنداق گېزىتلەرنىڭ بىرى.

مەن بۇ گېزىتلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىرەر كىشىگە ئېيتىپ كۆرگەنمۇيا؟ ياق، بىراق بۇ كىتابخانلارغا ئايان. مېنىڭ بەزى مۇخبىر دوستلىرىم بۇ زاۋۇتلارنىڭ قاقتى - سوقتىلىق نەيرەڭلىرى ئۈستىدە غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ماڭا كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەنىدى.

ئۇنداق بولسا نېمىنى ئەيىبلەش كېرەك؟ رەزىللىكنى ئەيىبلىسەڭ غەلىبە قىلالامسەن؟ بۇنداق ئەھۋاللار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانمىدى؟ چوڭ بانكىرلار ئىچىدىن بۇنداق ئادەملەرنى تاپقىلى بولمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قىلمىشلىرى تورۇئانىڭكىگە ئوخشاشلا پەسكەش ئەمەسمىدى؟

بەزىلەر مەن يازغان ھېلىقى ئادەمنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ قالغانمۇيا؟ مۇمكىن ئەمەس! مېنى بىرەر ئادەمنى كۆزدە تۇتقان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ؟ ياق، چۈنكى مەن ھېچقانداق ئادەمگە قاراتقان ئەمەسمەن.

خۇددى كىشىلەر خۇپىيانە ئىجتىمائىي گۇرۇھنى تەسۋىرلىگەندەك، مەنمۇ خۇپىيانە ئاخبارات ساھەسىنىلا تەسۋىرلىگەنمەن. ۋەھالەنكى، بۇمۇ چەكلىنەمدۇ؟

ئەگەر مېنى ھەممە ئىشنى بەكمۇ زۇلمەتلىك دەپ قارىغان، دىققىتىنىڭ مەركىزى بەزى غەلىتە ئادەملەرگىلا قارىتىلغان، دەپ ئەيىبلىسە، ئۇ ھالدا تولۇق ئاساس بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، مەن يازغان رومانىنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىدىن ساپ دىل، ئەخلاقلىق ئادەملەرنى كۆپلەپ تېپىش ناھايىتى تەس. «نەرسىلەر ئۆز خىلى بىلەن» دېگەن گەپنى مەن ئويلاپ چىقارمىغان.

ئاخىرىدا شۇنى ئاساسىي سۈپىتىدە ئېيتايكى، نارازى بولغۇچى



كىشىلەر مۇشۇ گېزىت ئۆز نامى بىلەن ئاتىغان ئۆلمەس رومان «كىئېربرانس» نى قايتا ئوقۇپ چىقىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا لىسسال بىزگە تەسۋىرلەپ بەرگەن (گەرچە ئۇ ئۆز ئەسىرىدە جەمئىيەتنىڭ جىمىكى تەبىقىلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ) توغرا كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىكىدىن بىر نۇسخا يېزىپ بېرىڭلار.

سۆيۈملۈك باش مۇھەررىر جانابلىرى، مېنىڭ بۇ ئۆزۈمنى ئاقلىغان ماقالەمگە ئېتىبار بىلەن ئورۇن بېرەرسىز.

(«ئېجادىيەت تەجرىبىلىرى توغرىسىدا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابتىن: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى).

## «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» غا سۆز بېشى

### لېرمونتوۋ (روسىيە)

ھەر بىر كىتابنىڭ سۆز بېشى كىتابنىڭ بېشىغا قويۇلىدۇ، ئەمما ئۇ، كىتاب يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن يېزىلغان بولىدۇ، ئۇ يا ئەسەردىكى مەقسەتنى ئىزاھلاشقا، يا تەنقىدكە رەددىيە ۋە جاۋاب بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئادەتتە كىتابخانلار ئەسەرنىڭ ئەخلاقىي مەقسىتىگە ۋە كىتاب، ژۇرناللاردىكى ھۇجۇملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمىگەچكە سۆز بېشىنى ئوقۇپمۇ كەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، بولۇپمۇ بىزنىڭ روسىيىدە شۇنداق. بىزنىڭ جامائەتچىلىكىمىز شۇ قەدەر گۆدەك ۋە ساددىكى، كىتابنىڭ بېشىمىدىن ساۋاق ئالالمايدۇ، ئۇلار بەدىئىي زوقلاندۇرۇشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، تەنە قىلغاننى ئاڭقىرالمايدۇ، ئۇلار زادى تۈزۈك تەربىيە ئالمىغان. ئۇلار ئالىيجاناب تەبىقىدە ۋە ئالىيجاناب كىتابتا ئاشكارا ھاقارەتلەرنىڭ زادىلا ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈر، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان ئەمما جانغا زامىن بولىدىغان بىر خىل قورال كەشپ قىلغانلىقىنى ۋە بۇ قورالنىڭ خۇشامەتچىلىك بىلەن پەردازلىنىپ تۇرۇپ قارشى تۇرغۇسىز دەرىجىدە زەربە بېرىدىغانلىقىنى تېخى چۈشەن-



مەيدۇ. بىزنىڭ جامائەتچىلىكىمىز گويا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىككى دىپلوماتىنىڭ سۆھبىتىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئۇلار شەخسىي يېقىنچىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنى ئالداۋاتىدۇ، دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالىدىغان سەھرالىقلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇ كىتاب تېخى يېقىندىلا بەزى كىتابخانلارنىڭ، ھەتتا بەزى ژۇرناللارنىڭ يۈزە تەبىر بېرىشىدەك بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولغانىدى. بەزىلەر، ئەخلاقسىز بىر كىشىنى بىزگە زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى دەپ ماختاپ كۆرسىتىپتۇ، دەپ قاتتىق ئەجەبلىنىپ كېتىشتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز تونۇشلىرىنىڭ پورترېتىنى سۈرەتلەپ بېرىپتۇ، دەپ ناھايىتى چېچەنلىك قىلىشتى... بۇ نېمىدېگەن مۇتەئەسسىپلەرچە ۋە بىچارىلەرچە باھا ـ ھە! لېكىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇنداق تېتىقسىزلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، روسىيە ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدەك ھالەتكە كەلگەندەك قىلىدۇ! بىزدە تازا فانتازىيىلىك چۆچەكلەرمۇ شەخسلەرنى ھاقارەتلەشكە قارىتىلغان دېگەن ئەيىبلەشلەردىن خالىي بولالمايدۇ!

ھۆرمەتلىك جانابلار، زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى ھەقىقەتەنمۇ بىر پورترېت ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ بىرلا كىشىنىڭ پورترېتى بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ پۈتكۈل زامانداشلىرىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تازا تولۇق تەسۋىرلەشتىن ھاسىل بولغان رەسىمدۇر. سىلەر ماڭا يەنە: بىر ئادەم ئۇنچىۋالا ئوسال بولۇپ كەتمەيدىغاندۇ، دەيسىلەر. ئەمما مەن سىلەرگە دەيمەنكى، ئەگەر سىلەر پاجىئەلەرنىڭ ۋە مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىكى ياۋۇزلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭلار، پېچورىننىڭ رېئاللىقىغا نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيسىلەر؟ ئەگەر سىلەر بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق ۋە بىمەنە ئويدۇرمىلاردىن مەززە قىلغان بولساڭلار، ئۇ پېرسوناژلار گەرچە

قىياسەن ئويدۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا نائىل بولالمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىنلىقى سىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىڭلاردىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىدىن شۇنداقمۇيا؟...

بۇنىڭ ئەخلاقتا ھېچقانداق پايدىسى يوق، دەمسىلەر تېخى؟ كەچۈرگەيسىزلەر، كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن غىق تويۇشتىن بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۇلارغا ئەمدى شىپا بولىدىغان ئاچچىق دورىلار، قۇلاققا قاتتىق تېگىدىغان ھەقىقەتلەر كېرەك. ۋەھالەنكى، سىلەر ئەمدى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى بىر زامانلاردا ئىنسانلارنى جىنايەتتىن خالاس قىلماقچى بولۇشتەك تەلۋىلەرچە خىيال - ھەۋەسلەردە بولغانمىكەن، دېگەن خىياللارغا كېلىپ قالماڭلار. ئۇنى بۇنداق نادانلىقلاردىن خۇدا ساقلىغاي! ئاپتور ئۆزى چۈشىنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ۋە سىلەرنىڭمۇ بەختىڭلارغا قارشى ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر كىشىنى تەسۋىرلەش ئىستىكىدە بولدى. كېسەلگە دىئاگنوز قويۇلغاندۇ، بەلكىم، ئەمدى ئۇنى قانداق داۋالاشنى خۇدا بىلىدۇ!

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن: ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى).



# ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا

## گوگول (روسىيە)

... مەن ئۇلاردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، روسىيىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدىم. مەن ھەنىۋا تەبىقىگە مەنسۇپ، تەجرىبىسى مول، ئەمەلىيەتنى تەكىتلەيدىغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەن خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تونۇشۇشقا باشلىدىم، ئۇلار روسىيە مەملىكىتىدە يۈز بەرگەن بارلىق قۇۋۇلۇق - شۇملۇقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ئىدى. مەن ھەممە تەبىقە كىشىلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماقچى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى بىلمەكچى بولدۇم ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى بار، بەلگىلىك ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىر كىشىگە قىزىقىش نەزەرى بىلەن قارايدىغان بولدۇم.

مەن ئەڭ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ جىمىكى خىزمەت ۋەزىپىسى، جىمىكى تەبىقە، جىمىكى خىزمەت ئورنى، جىمىكى مەرتىۋە-ئەمەللەرنى ئايرىۋالدىم. مەن خىلمۇخىل ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەردىن تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىدىغانلارنى تاللاش يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر ئىش، دەپ

ھېس قىلاتتىم. ئەگەر كاللامدا ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان
ئادەمنىڭ پۈتكۈل مەسئۇلىيىتى ۋە پۈتكۈل ۋەزىپىسى توغرىسىدا
پىكىر بۇرۇن چۈشەنچە تۇرغۇزۇلمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنى تېگىش-
لىك تۈردە توغرا تەسۋىرلەپ چىققىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك
ئۇنى تىرىك كىشىلەرگە ساۋاق ۋە ئىبرەت بېرەلەيدىغان قىلغى-
لى بولمايدۇ. شۇڭا مەن بىرەر نەرسە دەپ بېرەلەيدىغان ئاشۇ
كىشىلەر بىلەن ئىلاجىنىڭ بارىچە خەت ئالاقىسى قىلىپ كەلدىم،
باشقىلارنىڭ بولسا، ئىخچام تەسۋىر بىلەن سىزىلغان رەسىم
توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىنى ۋە ئۇلار تاسادىپىي ئۇچرىشىپ
قالغان ئالىيكىملەرنىڭ خاراكتېرىنى ئادەتتىكىچە تەسۋىرلەپ
بېرىشىنى ئۆتۈنۈش بىلەن كۇپايىلەندىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى
بىزگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر. بۇ مېنىڭ كاللامدا ھېچقانداق
خاراكتېر ۋە ھېچقانداق پېرسوناژنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان ئەمەس.
پېرسوناژ مېنىڭ كاللامدا تولۇپ يېتىپتۇ، بۇ پېرسوناژلارنى
مەن ئىلگىرى بىلگەندىكىدىنمۇ جىق، مول بولغان نەرسىلەردىن
ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما بىلىشى ئارقىلىق چەككىلەپ ئالغان،
ھالبۇكى، بايىقى خەۋەرلەر مەن ئۈچۈن خۇددى ئۆزى ئىجاد
قىلغان چوڭ رەسىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتقاندەك رەسسامغا تۈنجى
شەكلىنى چىقىرىش زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈر. ئۇ ھەرقانداق بىر
نۇقتىدا رېئاللىققا مۇخالىپ كەلمەسلىك، ئۆزى تاللىغان
ۋاقىت ۋە دەۋرگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ ئاددىي تەس-
ۋىرى شەكلىنى ئۆزىنىڭ رەسىمگە كۆچۈرۈپ كەلمەيدۇ، بەلكى
ئۇنى ئەتراپىدىكى تاملارغا ئېسىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر
قەدەممۇ ئايرىلمايدۇ. ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۇنىڭغا قارىمۇ
قارشى ھالەتتە بولىدۇ.

مەن ئەزەلدىن ھەرقانداق نەرسىنى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ
ئىجاد قىلغان ئەمەس، مېنىڭ مۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىم



يوق. مەن ئەمەلىيەتتىن، ماڭا تونۇش ماتېرىياللاردىن ئالغان
نەرسىلەر بىلەنلا ياخشى يازالايمەن. بىرەر كىشىنىڭ سىرتقى
ئىپادىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى كۆز ئالدىمدا پۈتۈنلەي
زاھىر بولغان چاغدىلا مەن بۇ كىشىنى بىلىپ يېتەلەيمەن. مەن
ئەزەلدىن قاپاقتا قاراپ قاپاق سىزىدىغان، ئۇنى ئۆلۈك كۆچۈ-
رۈپ كېلىدىغان ئۇسۇلدا بىرەر نەرسىنى تەسۋىرلەپ باقمىدىم.
مەن رەسىم سىزىپ باققان، ئەمما ئۇنى تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسى-
دە ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر تەپەككۇر نەتىجىسىدە ئىجاد قىلغان.
مەن شەيئىلەر ئۈستىدە قانچە چوڭقۇر كاللا قاتۇرسام ئەسەرلىرىم
شۇنچىكى ئەينەن چىقىدۇ، باشقا ھەرقانداق يازغۇچى بىلەن
سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىم تولىمۇ
ئۇرغۇن بولدى. چۈنكى مەن تەپسىلاتلارغا سەل قارىسام، بۇ
تەپسىلاتلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانمىسام، قەلىمىمدە يارالغان
ساختىلىق باشقا كىشىلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك
بولۇپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىنى مەن ھەرقانداق كىشىگە ھەرقانداق
قىلىپمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈم ئۈمىد
قىلغان ھېلىقىدەك خەت - چەكلەرنى ئەزەلدىن تاپشۇرۇۋال-
غىنىم يوق. مېنىڭ نېمىشقا شۇنداق جىمىكى پارچە - پۇرات،
جىڭدا توختىمايدىغان ئىشلارنى بىلمەكچى بولۇشۇمدىن، ئەمە-
لىيەتتە مېنىڭ ئاشۇ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ ۋە ئىلاجىنىڭ بارى-
چە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىم ۋە يېزىقچىلىق
قىلىۋاتقانلىقىمدىن كۆپچىلىك غەلىتىلىك ھېس قىلىشىدۇ. ئەمما
مېنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىم ھازىرغىچە ماڭا ھەرقانداق بىر مەشھۇر
خاراكتېرنى ھەدىيە قىلالمىدى، شۇنداقلا ھېچقانچە نەرسىنى
ئىجاد قىلىپ بېرەلمىدى، مېنىڭ نەزىرىمدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
قايسى يېرىگە چۈشمىدى دېيىسىلەر... ئىجادىيەت كۈچى كەم
بولمىغان بارلىق يازغۇچىدا بىر خىل ئىقتىدار بولىدۇ. مەن

ئۇنى تەسەۋۋۇر دەپ ئاتىمايمەن — ئۇنداق ئىقتىدار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بولمىغان شەيئىلەرنى ماھىرلىق بىلەن، گويا جېنى باردىكدەك، تونۇگۈنلا بولۇپ ئۆتكەندىكدەك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سۈرەتلىمەكچى بولغان شەيئىلەر بىزدىن يىراقلاشقان ۋاقىتتىلا، بۇ خىل ئىقتىدار مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا رول ئوينايدۇ. بۇ يازغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزدىن تولىمۇ يىراق تۇرغان دەۋرگە، ئۆتكەنكى دەۋرلەرگە خىيالەن كېتىپ قېلىشقا خۇشتارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆتكەنكى دەۋر بىزنى ئەتراپىمىزدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئايرىۋېتىدۇ، روھىمىزنى يېزىقچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاشۇنداق خاتىرجەم، پىنھان چېگرىغا ئېلىپ كېتىدۇ، مېنىمۇ ئۆتكەنكى دەۋرنىڭ خۇمارى تۇتماي قالمايدۇ. مەن تەسۋىرلىگەن نەرسىلەر دەۋرنىڭ، شۇنداقلا ھازىرقى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى. ئېھتىمال، بۇ مېنىڭ كاللام ھەمىشە مۇھىم مەسىلىلەرگە ۋە ھېس قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان مەنپەئەتلەرگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئامراق بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ۋۇجۇدۇمدا ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئويلاش ئىنتىلىكى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە.

— («مېنىڭ پۇشايمىنىم» (1847)

(«چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن: ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى.)



# گوگول قانداق يازاتتى

## ۋېرسايېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

گوگول ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى قانداق يازغانىدى؟

بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىز گوگولنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدىن بىلگىنىمىز بويىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا گوگول ھەر كۈنى ئەتىگەندە، بەزىدە كۈن بويى توختىماي خىزمەت قىلىدىكەن.

1837 — 1838 - يىللىرىنىڭ ئارىلىقىدا گوگول بىلەن رىمدا بىللە تۇرغان ئى. ف. زولوتايېۋ مۇنداق دەيدۇ: «گوگول يېزىشقا كىرىشىش ئالدىدا ئاۋۋال جىمجىت خىيال سۈرۈپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. مۇنداق چاغدا ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم سىزدىن تىنچ تۇرۇشىڭىزنى، ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنەتتى. گوگول بىز بىللە تۇرۇۋاتقان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىچىدىكى «ئۇۋا» دەپ ئاتىۋالغان ناھايىتى تار بىر ئېغىز ئۆيدە نەچچە كۈنلەپ سىرتقىمۇ چىقماي خىزمىتىنى داۋاملاشتۇراتتى.»

مانا مۇشۇنداق ئۆزمەي خىزمەت قىلىش گوگولنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمى ئالدىنقى يېرىم قىسمىغا قارىغاندا بىزگە بەكرەك تونۇشلۇق ئىدى. گوگول مانا مۇشۇنداق يازاتتى. ئەلۋەتتە ئەنە شۇنداق ئالاھىدە، زېھنىنىڭ مەركەزلىشىشى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن كۈنلەرنى ئىلھام كەلگەن پەيتى دېيىشكە بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ گوگول، قىمىر قىلماستىن ئولتۇرسا ئىلھام ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ، دېگەننى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇ، كۈننى كۈنگە ئۇلاپ، توختىماستىن، ئىزچىل خىزمەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم دەپلا بىلەتتى. «يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشى، — دېگەنىدى ئۇ، ف. ۋ. چىژوفقا، — خۇددى رەسسام مويبىسىنى توختىتىپ قويسا بولمىغانغا ئوخشاش، قەلىمىنى توختىتىپ قويسا بولمايدۇ. نېمىنى يېزىشنى خالىسا شۇنى يېزىپ تۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى، قەلەمنى ئىدىيىگە بويسۇندۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك». ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتاقلىق ئەدىب ۋ. ئا. چولوكوۋقىمۇ مۇنداق قەتئىي پىكرىنى ئېيتقان: «يېزىقچىلىق ئىشىدا سىز ئۆزىڭىزگە كۈندە يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئىككى سائەت ئولتۇرۇشنى چوقۇم قائىدىگە ئايلاندۇرۇۋېلىڭ.» چولوكوۋ: «ئەگەر ھېچ نەرسە يازالمىغاندىچۇ، ئۇ چاغدا نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ قارشى پىكىر قويغاندا، گوگول مۇنداق دېگەن: «ھېچقىسى يوق، سىز قەلىمىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ، مەن بۈگۈن ھېچ نەرسە يازالمايۋاتىمەن، مەن بۈگۈن بىرەر نەرسىمۇ يازالمايۋاتىمەن ... دەپ قايتا - قايتا يېزىۋېرىسىڭىز، ئاخىر چوقۇم يازالايسىز».

گوگولنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ئۆزگىچە ئىدى، «ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىش» دېيىشكە تامامەن بولاتتى. ئۇ 1839 - يىلى شىلىشلۇۋقا مۇنداق دەپ يازغان: «قاتتىق زېرىككەندە،



ھېچكىم بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمىغان ۋاقتىمدا، خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولمىغان ۋاقتىمدا، چەكلىمىسى يوق ۋاقىت بىلەن سانسىز بوش ۋاقىت مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندا، مېنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىم قالمايدۇ. مەن پۇشكىنغا ھەيرانمەن، ئۇ يېزىقچىلىققا تۇتۇش قىلغان ۋاقىتتا يېزىغا بېرىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۆيگە مۆكۈنىۋالىدۇ. مەنچۇ؟ دەل ئەكسىچە. مەن يېزىدا بولۇپ قالسام، ھېچنېمە يازالمايمەن. نەشىر قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى پېتىربورگدا يازغانمەن. بولۇپمۇ خىزمىتىم ناھايىتىمۇ ئالدىراش، پايپېتەك بولۇپ، ھېچقانداق بوش ۋاقىت چىقىرالمىغاندا، بىرەر كۈننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ، ئىلھامىم ئۇرغۇغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئەتىسى سەھەردە بەكمۇ تېتىكلىشىپ، يېنىكلىشىپ كېتىمەن.»

گوگول ف. ۋ. بېرگقا مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى مەن ئىيۇل ئېيىدا (1838 - يىلى ئىكەنلىكى ئېسىمدە) دېرسانو شەھىرى بىلەن ئاربانو شەھىرىنىڭ ئارىسىدا ساياھەتتە بولدۇم. ئوتتۇرا يولدا كەڭرى سارىيىغا بىرلا يۇمىلاق جوزا قويۇلغان بىر قاۋاقخانا بار ئىدى. بۇ يەردە دائىم ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلمايتتى، ھەر خىل تىللاردا سۈرەن سېلىپ تۇۋلىشىۋاتقان، پاراڭلىشىۋاتقان ئادەملەر بولاتتى، بولۇپمۇ تومۇز ئىسسىقتا ئۆتكەن - كەچكەنلەر بۇ يەرگە چۈشمەي ئۆتمەيتتى. شۇڭا مەنمۇ توختاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ مېنىڭ «ئۆلۈك جانلار» نىڭ بىرىنچى قىسمىنى يېزىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، يازمام يېنىمدا ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، قاۋاقخانىغا كىرگەندىن كېيىنلا يازغۇم كېلىپكەتتى، كىچىك بىر جوزا ئەكەلدۈردۈم - دە، ئولتۇرۇپ قەغىزىمنى چىقاردىم، كىشىنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان كالدىر - كۇلدۇر شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە، خىزمەتكارلار ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن، سارايىنىڭ ئىچى قويۇق تاماكا ئىسى

بىلەن تولغان شۇنداق شارائىتتا، ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا
ئولتۇرۇپ، گويا بىر خىل غايىبانە چۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن
بىراقلا بىر بابنى يېزىپ تۈگەتكۈچە ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم.
مېنىڭچە مۇشۇ يەردە يازغانلىرىم زور ئىلھام بىلەن يېزىلغان بىر
قىسىم بولدى. بۇنداق ئىلھامغا كېلىشىم ئىلگىرى كۆپ بولمىغانىدى».

گوگولنىڭ خىزمەت جەريانى توغرىسىدا ن. ۋ. بېرگى
ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن مۇنداق بىر تەپسىلاتنى بايان قىلىدۇ:
«... ئادەتتە، خاتىرە دەپتىرىڭنىمۇ ئېسىڭدىن چىقىرىۋې-
تىشىڭ كېرەك، بىر - ئىككى كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق
ۋاقىتتىن كېيىن يازغان نەرسىلىرىڭنى قايتىدىن بىر قېتىم
ئوقۇپ چىقساڭ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى،
ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى، مەقسەتتىكىدەك چىقمىغان جايلىرىنىڭ
بارلىقىنى سېزىسەن. خاتىرە دەپتەرنىڭ ئاق يېرىگە مەلۇم تۈ-
زىتىش ياكى ئەسكەرتىش يېزىپ، ئۇنى تاشلاپ قويغىن، كې-
يىنكى قېتىم يەنە ئوقۇپ، يېڭى ئىزاھلارنى يازماقچى بولغى-
نىڭدا يازىدىغانغا ئورۇن قالمىغاچقا، دەپتەر ۋاراقلىرىنىڭ بو-
جەكلىرىگە يېزىشقا مەجبۇر بولىسەن. شۇنىڭدىن كېيىن سەن
بۇ خاتىرە دەپتەردىكىنى باشقا بىر خاتىرە دەپتەرگە كۆچۈرىسەن.
شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە سەن يېڭىدىن ئىخچاملانغان، مۇكەممەل
سۆز - جۈملىلەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرىسەن. شۇنداقتىمۇ بەزى
يېڭى ئىبارىلەر ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇ ئىبارىلەرنى ئادەم قەيەر-
گە ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇنداق چاغدا سەن
ھېلىقى دەپتىرىڭنى قويۇپ قويغىن - دە، ساياھەتكە چىققىن،
بۇ چاغدا باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن شۇغۇللانما ياكى
بولمىسا باشقا بىرنەرسە ياز. ۋاقتى كەلگەندە تاشلىۋەتكەن
خاتىرە دەپتىرىڭ ئېسىڭگە كېلىدۇ، ئۇنى قولۇڭغا ئېلىپ ئوقۇ-
غاندىن كېيىن يۇقىرىدا دېيىلگەنىدەك ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرت،



ئۆچۈرۈلۈپ، بەك بويىلىپ كەتسە يەنە بىر قېتىم كۆچۈرۈپ چىق.
شۇ ۋاقىتتىلا تاللانغان سۆز - ئىبارىلەرنىڭ پۇختا، جۈملىلەرنىڭ
پىششىق ۋە راۋان بولىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ سەنمۇ بارا - بارا
پىشىپ قالىسەن. مېنىڭ پىكرىمچە، مۇشۇنداق جەرياننى سەك-
كىز - توققۇز قېتىم تەكرارلاش كېرەك. بەزى كىشىلەرگە نىس-
بەتەن بۇنچىلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى
كىشىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەن
سەككىز قېتىم تەكرارلايمەن. ئەسەرنى قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش-
تۈزىتىشتىن كېيىن ئاندىن ئۇ سەنئەتنىڭ مۇكەممەل پۈتۈشى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ چىن مەنىسى بىلەن ئىجادىيەت
بولىدۇ. ئۆزگەرتىش - تۈزىتىش ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ
خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن، خۇددى رەسساملىق تى-
لى بىلەن ئېيتقاندا، رەسىمگە ھەددىدىن زىيادە رەڭ بېرىلىپ
كەتكەندەك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ شەرتنى ئورۇنداشنىڭ ئۆزى
ئاسان ئىش ئەمەس. مېنىڭ دەۋاتقىنىم پەقەت غايىدىنلا ئىبارەت.
ئادەم ھامىنى ئادەم، ئۇ ماشىنا ئەمەس.»

گوگولنىڭ يېزىپ بولغان ئەسىرىنى يەنە كۆچۈرۈشى ئىن-
تايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇ ئۆزگەرتىشنى، تو-
لۇقلاشنى رەت قىلمايتتى، يازغان نەرسىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولدى، دەپ قارىمايتتى. 1840 - يىلى ئۇ، س. ت. ئاكساكوۋقا:
«مەن ھازىر (ئۆلۈك جانلار) نىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئاخىرقى
قېتىم قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن، تۈزىتىۋا-
تىمەن، نۇرغۇن جايلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قايتىدىن يېزىپ
چىقتىم» دەپ يازغان.

1850 - يىلى ئۆكتەبىردە گوگول «ئۆلۈك جانلار» نىڭ
ئىككىنچى قىسمىنىڭ 1 - بابىنى بىزگە يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ
بەردى. بىز ھەقىقەتەنمۇ ھەيران بولدۇق، بۇ بابنىڭ تېخىمۇ

ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتۇق، گويا كى ۋايىغىدىن يېزىلغاندەكلا ئىدى، ئۆز ئەسىرىنىڭ بىزدە مانا مۇشۇنداق تەسىرات قالدۇرغانلىقىدىن گوگول ئىنتايىن رازى بولدى. «بۇ بەئەينى رەسسامنىڭ ئۆز ئەسىرىگە ئاخىرقى بوياقنى بېرىپ بولغىنىدەك ئىش بولدى، — دېدى ئۇ، — ئۆزگەرتىشكە ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەس، ئۇ يەردىن بىر سۆزنى ئېلىۋېتىپ، بۇ يەرگە بىر سۆزنى قوشسەن، بىرەر يېرىنى ئانچە - مۇنچە تۈزىتىپ قويسەن. لېكىن مۇشۇنداق تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە ئەسەر پۈتۈنلەي يېڭى بىر تۈسكە كىرىدۇ.»

1841 - يىلى رىمدا گوگول «ئۆلۈك جانلار» نى ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن ن. ۋ. ئاننېنكوۋ گوگولنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن مۇنداق تەپسىلىي خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان: گوگول دائىم دېگۈدەك سەھەر تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلىگە تىبىرنى شارقىراتمىسىنىڭ سوغۇق سۈيى قاچىلانغان يوغان بىر باكال قويۇلغان بولاتتى، يېزىش جەريانىدا ئۇنى پاك - پاكىز ئىچىۋېتەتتى، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدەك ئىككى باراۋەر سۇنىمۇ ئىچىپ تۈگىتەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بويانقى ئادىتى ئىدى. ئادەتتە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر ئىستاكان قويۇق دەملەنگەن قەھۋە ئىچەتتى، بىرنەچچە پارچە ئىرىمچىك يەيتتى، ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇشى بىلەنلا مەن ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي قەھۋەخانىغا باشلاپ كېتەتتىم. ئۇ دېۋاندا ئازراق ئارام ئېلىۋالاتتى. ئاندىن ھەرقايسىمىز ھەر ياققا كېتەتتۇق. بىز ئەسەرنى كۆچۈرۈشكە ۋەدىلەشكەن سائەت يېتىپ كەلگەندە ئاندىن جەم بولاتتۇق، گوگول جەنۇبنىڭ چىدىغىسىلى بولمايدىغان ئۇچۇق ئىسسىق كۈنلىرىمۇ دېرىزىلەرنى مەھكەم ئېتىۋېتەتتى. مەن ئۈستەلنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتىم، نىكولاي ۋاسىلىيېۋىچ گوگول ئۈستەل-



نىڭ يەنە بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ، خاتىرە دەپتىرىنى ئالدىغا يايىتتى - دە، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنى كۆرەتتى، ئاندىن ھېسسىيات بىلەن ئېنىق، تولۇق بايان قىلىشقا باشلايتتى ... ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇكى، بىر كۈنى مەن يېزىپ تۈگەتكەن جۈملىنى، ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، ئۇ ئەسلىدە «سىر مېيى» دېگەنىدى، مەن ئۇنى «سىر» دەپ يازغانىدىم. گوگول ئىشنى توختىتىپ مەندىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟

— مېنىڭچە شۇنداق بولغىنى توغرىمىكىن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

گوگول كىتاب جازىسىدىن بىر لۇغەتنى ئالدى - دە، سۆزنىڭ نېمىسچە ئېلىنىشى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسىنى ئىزدىدى ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھەممە دەلىل - ئىسپاتلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، كىتابنى ئۆز ئورنىغا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن:

— رەھمەت ساڭا، ئىنىم! — دەپ قويدى.

ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن جاراڭلىق، ساپ، تەسىرلىك جۈملىلەرنى ئېيتىشقا باشلايتتى. بەزىدە مەن ئېيتقىنىنى يېزىۋېتىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتەتتىم. بۇ ۋاقىتتا گوگول سوغۇققانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ، ناھايىتى سەممىي ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، يورى، كۈلمەسلىككە تىرىشقىن! — دەيتتى.

بىر كۈنى «گوپېكىن ھەققىدە ھېكايە» نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم، گوگولمۇ مەن بىلەن تەڭ كۈلۈپ كەتتى ۋە مەندىن سورىدى:

— سېنىڭچە «گوپېكىن ھەققىدە ھېكايە» قانداقراق؟

باروشكىنىنىڭ گۈللۈكى تەسۋىرلەنگەن جايى ئاپتورنىڭ ئۆزىنىمۇ قانائەتلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ھېسسىياتلىق

چىققانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە گوگول مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئورنىدىن تۇردى ـ دە (ئەلۋەتتە، ھەش ـ پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغانىدى)، بىر خىل غۇرۇر بىلەن ۋە بۇيرۇق چۈشۈرگەن تەرىزدە، قول ئىشارىتى بىلەن 6 ـ بابنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ھاياجان ئىچىدە قەلىمىمنى ئۈستەلگە قويۇپ، تۆز كۆڭۈللۈك بىلەن:

— نىكولاي ۋاسىلىيېۋىچ، مېنىڭچە بۇ باب ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولسا كېرەك، — دېدىم.

گوگول خاتىرە دەپتىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئىنتايىن پەس ئاۋازدا:

— ئىشەنگىن، باشقىسىمۇ ئۇنىڭدىن ناچار بولماس، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — كەچلىك تاماققا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن. ساليۇسكىي باغچىسىنى كۆرۈپ كەلسەك قانداق؟ — دېدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتتىن ۋە ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىدىن قارىغاندا، ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىشنىڭ ئۇنى ھاياجانغا سالغانلىقى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمدۈرگەنىدى. يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا بۇ ھالەت بارغانسېرى روشەن ئىپادىلەندى، بىز تار بىر يولغا بۇرۇلغىنىمىزدا گوگول بىر كوچا ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى، ئاخىرىدا قولىدىكى كونۇلۇكنى پۇلاڭشىتقىنىچە ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى. ئىككى مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا كونۇلۇكنىڭ ئۈستى قىسمى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپ، گوگولنىڭ قولىدا پەقەت ئۇنىڭ سېپىلا قالدى. ئاندىن ئۇ، تىتىلىپ كەتكەن كونۇلۇكنى تېرىۋېلىپ، ناخشا ئېيتىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى، گوگول گويا



ئۆزىنى ئۆزى تەبرىكلەيتتى. مەن ئەينى ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ خاتا تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولسام كېرەككى، گوگول ئۆزىنىڭ قانائەت تاپقان ۋاقتىدىكى ھېسسىياتىنى ئەنە شۇنداق ئىپادە قىلدى.

د. ئا. ئوبولېنسكىنىڭ ئېيتىشىچە، 1851 ـ يىلى گوگول «ئۆلۈك جانلار» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ بىرىنچى بابىنى ئۇنىڭ بىلەن ئا. ئو. روستقا ئوقۇپ بەرگەنىكەن. «بىرىنچى بابتا تەبىئەت دۇنياسى ئىنتايىن مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئالاھىدە ئاھاڭدار سۆز ـ جۈملىلەر مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. بۇ يەردە مەن گوگولنىڭ كۆڭۈل قويۇپ توپلىغان ھەر خىل گۈل ـ گىياھلارنىڭ نامىنى قانداق ئەپچىللىك بىلەن ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىدىم. بىرىنچى باب ئىنتايىن گۈزەل يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن (گوگول ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن) ھېلىقى ئەڭ ئاخىرقى بابتا تېخىمۇ نەپىس يېزىلغان دەپ ھېسابلايتتىم.» گوگول ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئورىگىنالنى ئوبولېنسكى بىلەن روستقا بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئورىگىنالنىڭ بىرنەچچە ئابزاسىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۈبھىسىزكى، گوگول ئۆز ئەسىرىدىكى جۈملىلەرنى تەتقىق قىلىپ باقماقچى بولغان.

گوگول ئۆز ئەسەرلىرىدە پايدىلانغان بەزى ماتېرىياللار ئەسلىدە زادى قانداق نەرسىلەر ئىدى؟

پېتېربۇرگقا ساياھەتكە بارغان ياش گوگول بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئانىسىغا مۇنداق خەت يازغان: «قەدىرلىك ئانا، مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاق كۆڭۈل پەرىشتەم، سىنىڭدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، مېنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم ئەڭ چوڭ ياخشىلىق قىلىپ قويغانسەن. سەندە نازۇك كۆزىتىش ئىقتىدارى بار. سەن رۇسلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، خاراكتېرىنى كۆپ بىلىسەن. ئەنە شۇلارنى ماڭا يازغان خېتىڭدە بايان قىلىپ بېرىشنى رەت قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. بۇ ماڭا بەكمۇ

كېرەك. كېيىنكى خېتىڭدە سەھرالاردىكى ئىبادەتخانىلاردا كېيىلىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى ئەستايىدىل تەسۋىرلەپ يېزىشىڭنى، ئۈستىگە قاپلاپ كىيىدىغان كۆيلەكتىن تارتىپ تاكى پۇتقا كىيىدىغان ئۆتۈك ۋە رۇسلار ئاتايدىغان ھېلىقىدەك ئەڭ كونا، ئەڭ قەدىمىي، ناھايىتى ئاز ئەھۋالدا ئۆزگەرتىلگەن بولىدىغان ئىسىملارغىچە، يەنە بىزنىڭ يېزا قىزلىرىمىز كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ ئاددىي ئىسمىدىن تارتىپ تاكى بەلباغلىرىغىچە ھەم ھازىرقى ئاياللار بىلەن يېزا ئاياللىرى كىيىدىغان كىيىملەرگىچە، ئۇنىڭدىن قالسا «خىچمان» دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئادەملەر كىيگەن كىيىملەرنىڭ ھەقىقىي ئىسمىغىچە يېزىشىڭنى كۈتىمەن. بىر كۈنى بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزدا ئەنە شۇنداق كىيىملەرنى كىيگەن بىر قىزنى كۆرگەنلىكىمىز ئېسىڭدە بولسا كېرەك، بۇ توغرۇلۇق قېرىلاردىن سوراپ باققىن. يەنە تويى مۇراسىمىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەر، ئەڭ ئۇششاق بىرەر رەسىم - قائىدىسىمۇ چۈشۈپ قالمىسۇن. يەنە ئەيسانىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئىۋان كوپۇلى①، سۇ ئالۋاستىسى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر قانداقتۇر جىن - شەيتان ياكى ئائىلە جىن ئالۋاستىسى تۈرىدىكىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىشى، پائالىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرسەڭ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ساددا خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن خۇراپىي، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر، ھەر خىل لەتىپىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئىنتايىن سېھرىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەر».

ئۈچ - تۆت ھەپتىدىن كېيىن گوگول ئانىسىغا يەنە مۇنداق خەت يازغان: «ھازىر سەندىن قارتا ئويناشنىڭ نەچچە

① — ئىۋان كوپۇلى — بىر خىل تەزىيە بىلدۈرۈش بايرىمى.



خىل ئۇسۇلى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر سەن باشقا بىرنەرسىلەرنىمۇ بىلسەڭ، بۇنىڭغىمۇ ھەرگىز ئېتىبارسىز قارىما. بىزنىڭ ئۇ يەردە، يېزىلىرىمىزدا بەزى خۇراپىي ئادەت ۋە يېزا ئاھالىسى تەرىپىدىن تارقىلىپ يۈرگەن خىلمۇ خىل ھېكايىلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرىگە جىن - شەيتان، ئالۋاستىلار ئارىلاشقان. ياخشىراق يېزىپ چىقىشىم ئۈچۈن ماڭا مانا مۇشۇنداق بىر تېمىنى ئىنئام قىلغايسەن».

1830 - يىلنىڭ فېۋرال ئېيىدا ئانىسىغا يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەگەر سەن قايسى ۋاقىتتا بولسۇن يېزىمىزدىكى دېھقانلار ياكى باشقا كەنتلەردىكى دېھقانلار، پومېشچىكلار ئارىسىدا بىرەر لەتىپە ئاڭلىساڭ، چوقۇم خاتىرىلەپ، ئۇلاردىكى خاراكتېر، ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقادلار تەپسىلاتىنى يېزىپ ئەۋەتكىن، ئۇ ۋاقىتلاردا يۈزبېشى، مىڭبېگى دېگەنلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ خېنىملىرىنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقىنى، قانداق ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ داڭلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بولۇپ ئۆتكەن بەزى قىزىقچىلىق، ھەسرەتلىك، قىزىقارلىق، قورقۇنچلۇق ئىشلار، ۋەسىيەتنامە، تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن تەپسىلىي يېزىپ ئەۋەتىپ بەرگىن».

مۇشۇنداق مەسىلىلەر توغرىسىدا گوگول شۈبھىسىز، ئائىلىسىدىن ئۆزى قىزىقىدىغان نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن. گوگول «خاتىرىلەر» ياكى «يېنىمدىكى قاموس» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان، ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر خاتىرە دەپتەر بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خاتىرە دەپتەردە ئۇكرائىنادىكى خىلمۇ خىل ئېتىقادلار ۋە تۇرمۇشقا دائىر تەپسىلاتلار تۈر بويىچە يېزىلىپ، قۇرلارنىڭ يېنىغا يەنە «2 - ئىيۇندىكى

خەتتىن ئېلىنغان»، «4 - مايدىكى خەتتىن ئۈزۈندە» دېگەندەك ئەسكەرتمىلەر خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ خاتىرە دەپتەردىن گوگولنىڭ «دىكانكاغىن ئاخشىمى» دېگەن ئەسىرىدە پايدىلانغان نۇرغۇن كارتىنىلارنى كۆردۇق. مەسىلەن، «مۇنداق بىر خۇراپاتلىق بار، ئايال سېھىرگەرلەر يۇلتۇزلارنى سۈپۈرەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى يوشۇرالايدۇ»، «روژدېستوۋ بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا» دېگەن خاتىرىدە: «ئايال سېھىرگەرلەر بۇ ۋاقىتتا شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇكى، پەقەت كىچىككىنە بىر قارا چېكىتلا مەلۇم ئېگىزلىكتە چاقناپ تۇرىدۇ. يۇلتۇزلار كەينى - كەينىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىشى بىلەنلا ئايال سېھىرگەرلەر بۇلارنى يېڭىگە تولدۇرۇۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۈچ - تۆت يۇلتۇز يەنىلا پىلىلداپ تۇرىدۇ» دېگەنلەرنى ئوقۇدۇق. خاتىرىدە يەنە: «ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئىۋان كۇپۇلى بايرىمى كېچىسى ئۈچقۇن بولۇپ ئېچىلىدۇ. بۇلارنى ئۈزمەكچى بولغان ئادەم ھەممە جىن - شەيتانلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇندىلا زور بايلىقنى تاپالايدۇ» دېيىلگەن. «ئىۋان كۇپۇلى بايرىمى ھارپىسى» دېگەن ھېكايە مۇشۇ ئەپسانە ئاساسىدا يېزىلغان. «ماي كېچىسى» دە سۇ پەرىلىرى ئوينايدىغان قاغا - قۇزغۇن ئويۇنىنىڭ تەسۋىرى، ئاياللارنىڭ پەلتۇ، يوپكا، پەرتۇققا ئوخشاش كىيىم - كېچەكلىرىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ ئىسىملارنى گوگولنىڭ ھېكايىلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

«تاراس بولبا» پوۋېستىنى يېزىش جەريانىدا گوگول باپلاننىڭ «ئۇكرائىن ھەققىدە بايان»، گرىگورى كونىسكىينىڭ «كونا رۇس تارىخى»، كىنەز مىشىنىسكىينىڭ «زاپوروژ كازاكلىرىنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئۇكرائىن كازاكلىرىنىڭ تارىخى ۋەقەلىكلىرى ۋە ئادەتلىرىگە دائىر ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. شۇنداقلا گوگول بۇ پوۋېستىدا ئۇكرائىن ناخشىلىرىنى ئىنتايىن



كۆپ ئىشلەتكەن، بەلكى ھېكايىنىڭ ئۆزى ناخشا - شېئىر ئۇسلۇبى ئاساسىدا قۇرۇلغان. مەسىلەن، مۇنداق جايلار كۆپ ئۇچرايدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن ياشانغان بىر ئانا قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ زەئىپ كۆكرىكىگە ئۇرغان ھالدا كازاكلار ئۈچۈن يىغلىماقتا؛ تول ئاياللار گولوخوۋ، نېمىروۋ، چېرنىگوۋ ۋە باشقا شەھەرلەردە قىپقىپىلىۋەرمەكتە. بۇلار خۇددى ئىزدىگەن كىشىلىرىنى ئۇچرىتىدىغاندەك بازارلاردا كۈن بويى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، يولدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمگە سەپسالماقتا. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا سۆيۈملۈك كىشىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى قارىماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر توپى ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆيۈملۈك كىشىسى يوق». بەزىدە بىز ھېكايىدە خەلق ناخشىلىرىدىن بىۋاستە ئېلىنغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «پەقەت ئەترەت باشلىقىلا يېزا - كەنتلەردىكى بازارلار بىلەن مەيدانلاردا ماشىنىغا چىقىۋېلىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرايتتى: ھەي سىلەر، ھاراق، پىۋا چىقىرىۋاتقان خالايىقلار! بولدى، بەس، ھاراق چىقىرىشنى توختىتىڭلار، پارقازىنىنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرۈۋېرىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ سېمىز تېنى بىلەن چىۋىن بوقماڭلار! تېز بېرىڭلار، باتۇرلار بىلەن شەرەپلىك نامىدىن پەخىرلىنىڭلار! يەر تېرىۋاتقان، قارا بۇغداي ئورۇۋاتقان، پادا بېقىۋاتقان، خوتۇنلىرىنى خورلاۋاتقان يۇرتداشلار! بولدى قىلىڭلار. ساپانىڭ كەينىدىن يۈرۈۋەرمەڭلار، ئاياغلىرىڭلار بىلەن نىجاسەتكە پېتىپ كەتمەڭلار. تېكىگە ئوخشاش ئاياللارغا چاپلىشىۋېلىپ، جەڭچىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى نابۇت قىلماڭلار! كازاكلارنىڭ شان - شەرەپ قازىنىدىغان ۋاقىت - سائىتى يېتىپ كەلدى!»

دوكتور تاراسېنكوۋ مۇنداق دەيدۇ: «گوگول چۈشىنىكسىز جۈملىلەرنى سوراشتىن زېرىكمەيتتى ۋە ئۇلارنى مەخسۇس تەي-

يارلىغان ئايرىم دەپتىرىگە يېزىپ قوياتتى. بۇنداق دەپتەر ئۇنىڭدا ئىنتايىن كۆپ بولاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ئايلىنىپ يۈرۈپ، تېخى بەش - ئالتە قەدەم نېرى بارمايلا، تويۇقسىز ئۆز خانىسىغا قايتىپ كىرىپ، دەپتەرلىرىنىڭ بىرەرىگە بىرنەرسىلەرنى خاتىرىلەپ قويۇپ ئاندىن چىقاتتى. گوگولنىڭ مانا مۇشۇنداق بىرنەچچە خاتىرە دەپتىرى بىزنىڭ قولىمىزدا.»

بۇ خاتىرە دەپتەرلەردىكى نەرسىلەر يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە خاتىرىلىنىۋېلىنغان ئىشلار ئىدى. گوگول ھاكىم بىلەن مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك ھالەتلەرنى، ھاكىمنىڭ قانداق پارا ئالغانلىقلىرىنى، خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ۋالىنىڭ ئالدىدا ھاكىمنىڭ قانداق تەڭقىسلىقتا قالغانلىقلىرىنى تەپسىلىي يازغان. ئۇ ئىنتايىن زور قىزىقىش بىلەن «خارابىكا ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان يۈزى قېلىن قىز. شىبىلى — كاتاڭ، ئويمان، ئېدىرلىق جاي. پودۇيمىس بېقىۋېلىنغان بالا. زامىلىيىۋاچىش - يامغۇر بۇلۇتى» دېگەنگە ئوخشاش يەرلىك شېۋىلەرنىمۇ يېزىپ چىققان. تەمسىللەردىن: «ئېغىزىڭ قۇلۇپنىڭ يېمىگەن بولسا، چىرايىڭ پۈرۈلمىگەن بولاتتى»، «خوراز ساڭا لىقما سالدىمۇ؟»، «ئالۋاستى ھەر كۈنى كېچىسى يۈزۈڭدىكى كۆك پۇرچاقنى تاكىلدىتىدۇ» دېگەن گەپلەر بار ئىدى. گوگول كېيىنكى تەمسىلنى «ئۆلۈك جانلار» دا ئىشلەتكەن ئۇ ياشىغان بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭ قىياپىتىنى «ئۇنىڭ يۈزىدىكى قويۇق داغ ئىزى بىلەن چوقۇرنى ئالۋاستى ھەر كۈنى كېچىسى كېلىپ كۆك پۇرچاقنى تاكىلدىتىدىغان ھېلىقى چىرايلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋەتتى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزى بىلمەيدىغانلىكى قۇشلارنىڭ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، سەھرالىقلارنىڭ ھەر خىل تىل - ئىبارىلىرىنىمۇ خاتىرىلىگەن. گوگول



بولۇپمۇ مەلۇم كەسىپ ياكى ئادەتتىكى مەخسۇس خىزمەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان، جۈملىدىن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا («بۇغداي ۋە يالىڭاچ ئارپىنىڭ پۆپۈكى نەيچىسىدىن چىققاندىلا ئاندىن باشاق سۈرىدۇ»، «سۇلۇ ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ، بىراق پۆپۈك چىقارمايدۇ»، «تېرىق قىزارغاندا پىشىدۇ» دېگەندەك) ئالاھىدە قىزىققان.

بىز تۆۋەندە گوگولنىڭ تەپسىلىي خاتىرىسىدىن ئىتلارنىڭ تۈكى، تۈرى ۋە ئىسمى توغرىسىدىكى بايانىنى كۆرۈپ باقايلى:

سۇس يۇڭلۇق ئىت پارقىراق كېلىدۇ، قۇيرۇقى ۋە پۇتىدا ئۇزۇن تۈكلىرى بولۇپ، گۆشى قارا بولىدۇ. ئۇزۇن يۇڭلۇق ئىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە ئۇزۇن يۇڭ بولىدۇ. قىرىم ئىتىنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بورودا تۇرىدىكىلەرنىڭ قۇلىقى ۋە تۈكى تىك كېلىدۇ، مۇروكا تۇرىدىكىلەرنىڭ تۇمشۇقى قارا بولۇپ، قارا يۇڭلىرى پارقىرايدۇ. پولوۋ تۇرىدىكىلىرى سېرىق كېلىدۇ. پولوئوپى تۇرىدىكىلەرنىڭ يۈڭى ئاق، ئانچە - مۇنچە سېرىق گۈللىرى بولىدۇ، بېشى، ئېغىزى، بېلى ئۇزۇن، قوۋۇرغىسى چىپلەكتەك تولۇق بولىدۇ. قۇيرۇقىنى قامچا دېيىشىدۇ. تار، كىچىك پۇتىنىڭ تاپىنى مىلتىق ئوقىنىڭ بېشىغا ئوخشىشىدۇ...

گوگولنىڭ بۇ ئىسىملارنى چىچىكوۋ بىلەن روستىلوۋ ئىككىسى روستىلوۋنىڭ ئاپشاركا ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، قانداق ئىشلەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى:
«ئىتخانىغا كىرىپلا ئۇزۇن يۇڭلۇق سۇس كۈل رەڭ، قېنىق كۈل رەڭ، قارامتۇل كۈل رەڭ، يولۋاس تېرىسىدەك داغلىرى بار ئۇزۇن قۇلاقلىق، ئاق قۇلاقلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خۇددى ئەڭ ئالىي بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەكلا تۇرغان ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئىتلارنى كۆردۇق. ئىتلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن

قۇيرۇقلىرىنى خۇددى ئۇچقۇچىلار ھازىرلا كېلىپ قامچا قىلىش ئۈچۈن كېسىۋالىدىغاندەكلا دىڭگايتىپ، كىرگەن مېھمانلارغا ئېتىلىپ تۇراتتى... ئىتلار ھەقىقەتەنمۇ خىل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قىرىمنىڭ قانجۇقلىرىنىمۇ كۆردۇق...» روستىلىۋ چېچەكوۋغا: «ئۇنداقتا، بۇ يەردىن بىرنەچچە ئىت سېتىۋېلىپ كەتكىن! بۇ يەردە سەلەرگە تەييارلاپ قويغان بىر جۈپ ئىت بار، كۆرسەڭ خۇشاللىقىڭدىن ئاغزىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. ئىتنىڭ يېرىك سېرىق تۈكلىرى ۋە بۇرۇتلىرى بەئەينى كىرپىنىڭ تىكىنىگە، قوۋۇرغىلىرى تۆمۈر چويلىغا ئوخشىشىدۇ» دەيدۇ.

گوگول دوستلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىدىنمۇ ھەر خىل ئەھۋال، ئىپادە قىلىش شەكلى ۋە تېما تاللاپ ئالغان.

پ. ئا. ئاننىكوۋ 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پېتېربورگتا گوگولنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا، گوگولنىڭ مېھمانلىرىنىڭ ئارىسىدا سېمىز بىر كىشىنىڭ ساراڭلارنىڭ ئادىتى ۋە قىلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، شەپقەتسىزلىكىنى ھەتتا لوگىكىنىڭ ئۈزۈل - كېسىللىكىنى ئۆز غايىسىنىڭ تەرەققىياتىدىن قانداق كۆرۈۋالغانلىقىنى، گوگولنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. گوگول ھېلىقى سېمىز كىشىنىڭ سۆزىدىن خاتىرىلىۋالغانلىرىنىڭ تولىسىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئىشلەتكەن.

ئاننىكوۋنىڭ ئۆزىمۇ «شىنېل» ھېكايىسىنىڭ ماتېرىيالىنى گوگولغا بەرگەن. بىر كۈنى گوگولنىڭ ئالدىدا بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى توغرىسىدا قىسقا چاقچاق بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: كەمبەغەل، كىچىك بىر ئەمەلدار بولغانىكەن. ئۇ قۇش ئوۋلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆزى ئالاھىدە ئىقتىسادچىل ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىدىن باشقا ئىشلارنى



مۇ ھارغان - چارچىغىنىغا قارىماي، بەجانىدىل ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن خېلى پۇل يىغىپتۇ، بىر كۈنى ئىككى يۈز رۇبلىلىق كاتتا بىر ئوۋ مىلتىقى سېتىۋاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر كۈنى كىچىك قولۋىقنى ھەيدەپ، پېنىسكىي دېڭىز قولتۇقىدا «ئولجا» ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، مىلتىقىنى ئالدىغا قويۇپ قويغان پېتى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر كەمدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا مىلتىقى يوق، قېلىن قومۇشلۇقتىن ئۆتكەنىدە، شۇلاردىن بىرى ئېلىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، كۆپ ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك ئەمەلدار ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىغان پېتى ئورنىدىن ئىككىنچى تۇرالماي، كېزىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئاغىنىلىرى دەرھال پۇل يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا بىر مىلتىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ئەمەلدار بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەنى قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، ئېسىگە كەلتۈرسىلا، ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كېتىدىكەن...

ھەممەيلەن بۇ راست بولغان ۋەقەگە كۈلۈشكەن. گوگول بولسا، ئەكسىچە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كەتكەن. ئاخىر، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ «شىنېل» دېگەن ھېكايىسىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىسى بولغان ۋە شۇ كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېكايىنىڭ تۈزۈلۈشى پۈتكەن.

«تاراس بۇلبا» توغرىسىدا، پۇشكىننىڭ نەشكىنىغا ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، يايلاقنىڭ تەسۋىرىنى پۇشكىن گوگولغا ئېيتىپ بەرگەن، يەنى پۇشكىن ئۆزىنىڭ سارشىنىسكىي ئىسىملىك يېقىن بىر ئاغىنىسىگە يايلاقنى ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن. پۇشكىن گوگولغا مانا مۇشۇنداق بىر سۆھبەتنى ئاڭلاش پەيتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق يايلاق تەسۋىرىنى «تاراس بۇلبا» دا ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولغان. گوگول

سارشىنىسكىيدىن «بىپايان كېچە ئاسمىنىدا يايلاقتا ۋە دەريا قىرغاقلىرىدا قۇرۇق شاخلار كۆيگەندەك، ئۇنىڭدىن چاقنىغان شولا شىمالغا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان غازلار قاتارىغا چۈشۈپ، كۆمۈش رەڭلىك ۋە ھال رەڭ نۇر قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قىزىل قول ياغلىق گويا كېچە ئاسمىنىغا قاراپ ئۇچقاندەك بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش يايلاق تەسۋىرىگە دائىر گۈزەل سۆز - جۈملىلەرنى ئېلىپ ئىشلەتكەن.

گوگول (مېنىڭچە، ھەر بىر يازغۇچىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن)، قۇرۇق پاراڭ دېيىلىدىغان سۆھبەتلەرگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ۋ. ئو. بارانىباغا يازغان خېتىدە: «مەن بەك گەپ خۇمارى. قۇرۇق گەپ ماڭا ئىنتايىن لەززەت بېغىشلايدۇ. ھەتتا بىز بايىدونىدا يېگەن ھېلىقى ماروژنىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولماس» دەپ يازغان.

گوگول «ئاپتورنىڭ ئىقرارى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئەزەلدىن ئۆز تەسەۋۋۇرۇم بويىچە بىرەر نەرسە ئىجاد قىلغان ئەمەسمەن، بۇنداق تۇغما سۈپەت مەندە يوق. مەن پەقەت ئەمەلىيەتنى، ئۆزۈمگە تونۇشلۇق بولغان كونكرېت ۋەقەلەرنى ماتېرىيال قىلىپ، ئىجاد قىلىمەن. تاشقى قىياپەتتە زەررىچە بولسىمۇ، بىرەر بۆلەك كۆز ئالدىمغا كەلگەن ۋاقىتتىلا ئاندىن ئۇ كىشى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمەن. مەن ئەزەلدىن ئەڭ ئاددىي بىرەر دوراmچىلىق بىلەنمۇ بىرەر رەسىم سىزىپ باقمىغانمەن. مېنىڭ سىزغىنىم تەسەۋۋۇرۇمدىكى رەسىم بولماستىن، بەلكى تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە ئىجاد قىلىنغان رەسىمدىن ئىبارەت. مەن تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا شەيئىلەر ئۈستىدە قانچىكى چوڭقۇر پىكىر قىلالىسام، ئىجادىيەتنى شۇنچە توغرا ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيمەن. باشقا يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىم كېرەك، دەپ قارايمەن.



چۈنكى تەپەككۇر قىلىشنى چوڭقۇرلاتمىسام، بەزى نازۇكلۇقلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى تەبىئىي، ئۇ ھالدا مېنىڭ يالغانچىلىقىم ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قېلىشى تۇرغان گەپ... تەسەۋۋۇر ھازىرغىچىلىك ماڭا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر خاراكتېرنى سوۋغا قىلغىنى يوق، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىدا كۆزۈم كۆرەلمىگۈدەك بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىپ بەرگىنىمۇ يوق».

گوگول «ئاپتورنىڭ ئىقرارى» دا يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئادەمگە تەقلىد قىلىش بولماستىن، ئادەمنى پەرەز قىلىشتۇر». پۇشكىنمۇ گوگولنىڭ بۇنداق «ئادەمنى پەرەز قىلىش ئىقتىدارى» غا ھەيران قالغان. گوگول ئا. ئو. سمىرنوۋاغا مۇنداق دەپ خەت يازغان: «مەن پەرق ئەتكۈچىمەن. ئەگەر بىرەرىنىڭ روھىي دۇنياسى ئازراق ئاشكارىلىنىپ قالسىلا، ئۇ مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇ گەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭ چىرايىدىنلا ھەممىنى بىلىۋالالايمەن. مەن ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ئەقلىي يەكۈن، خۇلاسە دېگەن نەرسىلەرگە ئاساسەن سىزنىڭ روھىي - دۇنيايىڭىزنى بىلمەكچى ئەمەسمەن، تەڭرى روھىي دۇنيانى بىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل سېزىمنى مېنىڭ روھىي دۇنيايىمغا سالغان بولساكېرەك. مانا بۇ مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ مەنبەسى.»

1849 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا د. ئا. ئوبولېنسكىي بەگ گوگول بىلەن گوروختىن موسكوۋاغا بىللە قايتقانىكەن. پاراڭ ئارىسىدا ئوبولېنسكىي: يول ئۈستىدىكى بىر بېكەتتە چاي ئىچىۋېتىپ، بىر دانە جەرىمانە پۇلى دەپتىرى تېپىۋالدىم. دەپتەردىن قېرى بىر بوۋاينىڭ ناھايىتىمۇ كۈلكىلىك يېزىلغان ئىلتىماسىنى ئوقۇدۇم، دەپتۇ. گوگول بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىز قانداق ئويلايسىز، بۇ بوۋاي كىمدۇر؟ ئۇنىڭ قانداق خاسلىقى ۋە پەزىلىتى باردۇر؟

دەپ سوراپتۇ. بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي، دەپتۇ گوگول.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەرھال ئەڭ كۈلكىلىك ۋە ئاجايىپ-غارايىپ ئىبارىلەر بىلەن ھېلىقى بوۋاينىڭ سىرتقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇقمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. گوگول ناھايىتى ئەستايىدىل سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇيپولىنىسكىي خۇددى تەلۋىلەردەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئاكساكوۋنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

«1839-يىلى كۈز ئايلىرى، مەن قىزىم ۋە ئوغلۇمنى ئېلىپ گوگول بىلەن بىللە موسكۋادىن پېتربۇرگقا باردۇق. ئەتىگەن سائەت ئۈچلەردە تورسوك دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. ھەممىمىزنىڭ قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ كەتتى. ئاشخانىدا گوگول دەرھال تورسوكنىڭ داڭلىق گۆش نېنىنى بۇيرۇتتى. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۆش نان تەييار بولدى. گۆش ناننىڭ رەڭگى ۋە مەززىلىك پۇرىقى ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. گۆش نان ئىنتايىن يېپىشلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ھەممىمىز دېگۈدەك ناننى چايناشنى توختىتىپ، ئاغزىمىزدىن بىرنەچچە تالدىن ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن كۈلرەڭ چاچنى سۇغۇرۇۋالدۇق. ھەممەيلەن داستىخاندىكى گۆش نانغا قارىساق، گۆش ناننىڭ ئىچىدە نەچچە ئون تالدىن مۇشۇنداق ئۇزۇن سېرىق چاچ تۇرىدۇ. بۇ توغرىدا گوگولنىڭ قىياسى بەكمۇ كۈلكىلىك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دورىغىلى بولمايدىغان رۇس تەلەپپۇزى بىلەن ئاشپەزنىڭ مەست بولۇپ قېلىپ، ئويغانمىغاندا باشقىلارنىڭ ئۇنى چاقىرىپ ئويغاتقانلىقىنى، ئاندىن ئۇ گۆش نان ئېتىۋېتىپ، ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ چېچىنى يۇلغانلىقىنى؛ بەلكىم ئۇ ھاراق ئىچمەيدىغان ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ بەزگەك كېسەلى قوزغى-



لىپ قالغاچقا، ئۆزىنى توختىتۋالالماي چاچلىرىنى سىلكىتكەنلىكى ئۈچۈن خېمىرغا چاچ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىنتايىن يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاندىن بىز بۇ ئىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى سوراش ئۈچۈن خەۋەرچىنى چاقىرتتۇق. گوگول خەۋەرچىنىڭ دەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىزگە ئېيتىپ كېلىپ، چاچمۇ، بۇ يەردە قانداقمۇ چاچ بولسۇن؟ چاچ بۇ يەرگە قانداقسىگە كېلىپ قالىدۇ؟ باشقا نەرسە ئەمەس، توخۇنىڭ پېيى! دېگەنگە ئوخشاش جاۋابنى بېرىشى مۇمكىن، — دېدى. خەۋەرچى كىرىپ كەلدى ۋە بىزنىڭ سورىغان سوئالىمىزغا خۇددى گوگول ئېيتقاندەكلا جاۋاب بەردى. ھەقىقەتەن سۆزمۇ سۆز دېگۈدەك ئوخشاش ئىدى. بىز شۇنچە قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇقكى، ھەتتا خەۋەرچى بىلەن بىزنىڭ مالىيىمىزمۇ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىزگە قاراپلا قېلىشتى».

ھەممىگە ئايانكى، «رېۋىزور» بىلەن «ئۆلۈك جانلار»نىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى پۇشكىن گوگولغا ئېيتىپ بەرگەن. گوگول 1835-يىل 7-ئۆكتەبىردە پۇشكىنغا يازغان خېتىدە: «يېزىپ باقساق ياخشى بولاتتى. ماڭا قانداق تېمىنى تارتۇق قىلماقچىسىز. قىزىق نەرسە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، نېمىلا بولسا بولىۋېرىدۇ. ئەمما رۇسلارنىڭ ساپ لەتىپىسى بولۇشى كېرەك. دەۋر كومېدىيىلىرىنى يېزىش ئۈچۈن تاقىلداپ كېتىۋاتىمەن... يېزىپ باقاي، ماڭا بىر تېما سوۋغات قىلىڭ. بىر ئولتۇرۇشتىلا بەش پەردىلىك كومېدىيە يېزىۋېتىمەن. قەسەم قىلىمەنكى، ئاجايىپ قىزىقچىلىققا تولغان بىر نەرسىنى يازالايمەن» دېگەنىدى.

گوگول «ئاپتورنىڭ ئىقرارى» دا: «ئېھتىمال، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويمىغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى دەپ ئاتىغىلى بولمايدىغان بىر ئىقتىدار، يەنى مەۋجۇت بولمىغان ئوبيېكتنى ناھايىتىمۇ جانلىق ئىپادىلەپ بېرە-

لەيدىغان، گويا كى ئۇلارنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تىكلەپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر خىل ئىقتىدار بار. بۇ ئىقتىدار پەقەت ئاشۇ ۋاقىتتىلا، يەنى بىز ئۆزىمىز تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتتىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا تەسىر قوزغايدۇ... مەن روسىيەدە تۇرغاندا، بۇ جاي مېنىڭ كاللامدا قالايمىقان، تىتما-تاتاڭ بىر يەر ئىدى، مەن ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ بىر پۈتۈن قىلالمايتتىم. مەن روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەنىدىم، ھەتتا ئۇنى بىلىش ئارزۇيۇممۇ تۈگىگەنىدى. لېكىن ۋەتەنىدىن ئايرىلىشىمغىلا ئۇ مېنىڭ تەپەككۇرۇمدا قايتىدىن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەندى» «روسىيە ھەققىدە» دەپ يازغان. گوگول پولىنېۋغا يازغان خېتىدە: «مەن رىمدا يېزىۋاتىمەن، پەقەت شۇ يەردىلا ۋەتىنىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدۇ» دېگەنىدى. سەن چوڭ بىر سەنئەتكارنىڭ ئالىقاچان يېزىپ تاماملىغان ئەسىرىنى كۆرگىنىڭدە ۋە بۇ ئەسەرنىڭ قولدىن چىقمىغان ئەڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى تەتقىق قىلغىنىڭدا ئۆزۈڭنى خۇددى نەيزە سانچىلىۋاتقاندەك ۋە بىر نەرسىدىن شۈبھىلىنىۋاتقاندەك غەلىتە سېزىسەن. ساڭا چۈشىنىشلىك بولغان مۇشۇنداق گۈزەل ۋە تەكشى-تەرتىپلىك نەرسىنى نېمىشقا ئاشۇنداق يىرىك، قوپال تەسۋىرلەيدۇ؟ ئويلاپ-ئويلاپ، بۇنداق نەرسىلەرنى ھەممە ئادەم يېزىپ چىقالايدىغاندەك ھېس قىلىسەن. توغرا، ئېھتىمال شۇنداقتۇر... لېكىن نېمە ئۈچۈن ھەممىلا ئادەم بۇ قوپال، يىرىك، كالامپاي نەرسىلەرنى پارقىراق ۋە رەتلىك قىلىپ ئىشلىيەلمەيدۇ؟ بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئورۇندىشىغا تېگىشلىك غايەت زور خىزمەت بولۇپ، سەن قەدەممۇ قەدەم ئۇنىڭغا سەپسالساڭ، ئۇنىڭ گويا كى ئېگىز ھەم خەتەرلىك ھاڭنىڭ ئۈستىدە بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا ئاستا، مۈشكۈل قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. سەن شۇ چاغدىلا قەدىمىدىن



قالغان «تالانت — سەۋر-تاقەت دېمەكتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى، تالانت بىلەن چاكىنىلىقنىڭ پەرقىنى بىلىسەن ۋە چۈشىنىسەن.

بەزى كىشىلەر رەسسام پ. ئا. فېدوتوۋنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ «تۇل ئايال» دېگەن رەسىمىنىڭ ئىخچام سىزىلغانلىقىنى ماختىغان. ئۇ: «شۇنداق، سەنمۇ يۈز قېتىم ئىشلىسەڭ چوقۇم ئىخچام بولىدۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

گوگول «پورترېت» دېگەن پوۋېستىدىمۇ: «سەنئەتكارنىڭ ھەممە ئەركىنلىكى ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى قاتتىق بېسىم ئارقىلىقلا قولغا كەلگەن، بۇ ئۇلۇغ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى» دەپ ئېيتقان.

ئەگەر يېزىپ تاماملانغان ئەسەردىن يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، ئەسەرنىڭ قولدىن چىقمىغان نۇسخىسىدىن قانداق يازماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىش ناھايىتى پايدىلىق. بۇ يەردە سەنئەتكار بىزگە نەق مەيداندا پراكتىكا دەرسى بېرىۋاتقاندەك، گويا كى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىزگە: «قارا، بۇنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، بۇنى قىسقارتىۋېتىش كېرەك، بۇنى ئۆزگەرتىپ يېزىش لازىم، چۈنكى بۇ تەبىئىي بولماپتۇ. بۇ يەرگە يەنە ئازراق بوياق بېرىلسە ئوبراز تېخىمۇ روشەن بولىدۇ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بىز بۇ يەردە «رېۋىزور» نىڭ سەھنىدە ئوينالغان نۇسخىسى ۋە ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدىن مىسال كەلتۈرۈپ باقايلى: شەھەر باشلىقى باشقا مەنسەپدارلارغا بىر پارچە خەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ خەتتە ئۇنىڭ دوستى بىر رېۋىزورنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كىرىپ كېلىدۇ.

## ئەڭ دەسلەپكى نەشرى

شەھەر باشلىقى: ياخشىمۇسىز، ئىۋان كوزمىچ، سىزنى ئالايىتەن چاقىرىپ كېلىشىمدىكى سەۋەب سىزگە مۇھىم بىر خەۋەرنى دوكلات قىلماقچىدىم.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مەن پىيوتىر ئىۋانوۋىچ بوبچىنسكىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ بۈگۈن بىزنىڭ پوچتا ئىدارىمىزگە كېلىپ مېنى يوقلاپ كەتتى.

شەھەر باشلىقى: بۇ ۋالاقتەككۇر تەرەپ - تەرەپكە قاتىراپ يۈرۈپتۇ - دە! سىزنىڭچە نېمە بولۇشى مۇمكىن، ئىۋان كوزمىچ! لېكىن خۇددى چۈمۈلە پۈتۈن بەدىنىمدە ئۆمىلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن...

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نېمە بولدى، سىز ئەزەلدىن بىرەر رېۋىزورنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىكەنسىز - دە؟

شەھەر باشلىقى: ئۇچرىتىپ باققان. ئەمما، سىز بىلىسىز، ھازىر ئەھۋال يامان. مۇشۇنداق كىچىك شەھەرنىڭ نېمىسىنى دەيسىز. بەك چاتاق.

## ئىككىنچى نەشرى

شەھەر باشلىقى: ياخشىمۇسىز، ئىۋان كوزمىچ! مەن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن سىزنى چاقىرتتىم.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مەن پىيوتىر ئىۋانوۋىچ بوبچىنسكىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ بۈگۈن پوچتا ئىدارىسىگە كېلىپ مېنى يوقلاپ كەتتى.

شەھەر باشلىقى: خوش، سىز بۇ ئىش توغرۇلۇق قانداق ئويلايسىز؟



پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نېمە دەپ ئويلىماقچىدىم؟ تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولىدۇ.

شەھەر باشلىقى: ياق، ياق، بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: راست، تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولىدۇ. بۇ چاتاقنى فرانسىيىلىكلەر چىقارغان.

شەھەر باشلىقى: تۈركلەر بىلەن نەنىڭ سوقۇشى بولسۇن؟ تۈركلەر قەيەردىكەن؟ ئەگەر سوقۇش بولسا تۈركلەرگە ئەمەس، بىزگە يامان بولىدۇ. بۇ بىزگە چۈشىنىشلىك ئىش، ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەرگە بىر مەنسەپدار كېلىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئاھالىلەر قورۇلۇشىنى ئالايىتەن كۆرۈپ باققۇدەك.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بەلكىم توغرىدۇر.

شەھەر باشلىقى: خوش، سىز نېمە دەيسىزكى، ئىۋان كوزمىچ! مەن ئۆزۈمنى تىترەۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: راست، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئازراق قىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىز قورقۇمسىز؟

شەھەر باشلىقى: نېمىدىن قورقىمەن! قورقۇنچىم يوق. پەقەت ئازراق تەشۋىشلىنىۋاتىمەن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ يەردىكى پۇقرالار بىلەن سودىگەرلەرنى بەك شىلىۋالدۇق. ئۇلار ھازىر ماڭا ... مۇبادا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسام، چايناپ پۈركۈۋېتىدۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى نەشرى

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئېيتىڭلار، جانابلار! قانداق ئەمەلدار كېلىۋاتقۇدەك؟

شەھەر باشلىقى: سىز تېخىچىلا ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟...

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: پىيوتىر ئىۋانوۋىچ بوبچىنسكىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ تېخى بايىلا بىزنىڭ پوچتا ئىدارىمىزگە كىلىپ مىنى يوقلاپ كەتتى.

شەھەر باشلىقى: خوش، سىز بۇ توغرۇلۇق قانداق ئويلايسىز؟

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نىمىدەپ ئويلىماقچىدىم، تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولىدۇ.

ئاموس فىدوروۋىچ: پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى.

شەھەر باشلىقى: بەس، ھەر ئىككىڭلار جۆيلۈۋاتىسىلەر.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: راست، تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولىدۇ. فىرانسۇزلارنىڭ تېرىغان چاتىقى.

شەھەر باشلىقى: تۈركلەر بىلەن نەنىڭ سوقۇشى بولسۇن! ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ۋاقىتتا تۈركلەرگە ئەمەس، بىزگە يامان بولىدۇ، بۇ — بەلگىلىك ئىش. ماڭا خەت كەلدى.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئۇنداقتا، تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولمايدۇ.

شەھەر باشلىقى: خوش، قېنى، سىز نىمە دەيسىز، ئىۋان كوزمىچ؟

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مەن نىمە دەيتتىم؟ ئۆزىڭىز نىمە دەيسىز، ئانتون ئانتونوۋىچ؟

شەھەر باشلىقى: مەن نىمە دەيتتىم؟ قورقۇنچىم يوق، دىگەنبىلەن ھېلىقىدەك، بىر ئاز... سودىگەرلەر بىلەن پۇقرالار مىنى سەل تەشۋىشكە سېلىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بىر بالايىئاپەت بولۇپ قاپتىمەن. راست، سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر بىرەرىدىن ئازراق بىرەر نەرسە پارا ئالغان بولسام، ئەزبىرايى، ئۇ ۋاقىتتا قىلچىمۇ رەھىم قىلمىسىمۇ مەيلى.



بۇنىڭدا ھەممە شەخس ئىنتايىن روشەن، تەسىرلىك گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز تىلى بىلەن قىلغان سۆزى شۇ كىشىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. «ياق، ياق، پۈتۈنلەي بۇنداق ئەمەس!» بۇ سۆزنى ھەممىلا ئادەم دەۋېرىدۇ. «بەس، سىلەر ئىككىڭلار جۆيلۈۋاتىسىلەر!» دىيىلسە، شەھەر باشلىقىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان كىشى گەپ قىلغاندەك بولىدۇ. دەسلەپكى نەشرىدە شەھەر باشلىقى ئېرەڭسىزلىك بىلەن: «بۇ بىزگە چۈشىنىشلىك. ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەرگە بىر مەنسەپدار كېلىپ شەھىرىمىزنىڭ ئاھالە قورۇلۇشىنى ئالايىتەن كۆرۈپ باققۇدەك» دەيدۇ. يېڭى نەشرىدە شەھەر باشلىقى سۆزنى قىسقارتىپ، خۇددى قوپال ئەرنىڭ بارمىقىدەك: «بۇ — بەلگىلىك ئىش، ماڭا خەت كەلدى» دەيدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان. دەسلەپكى نەشرىدە پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېھتىياتچانلىق بىلەن: «ئېھتىمال، بۇ توغرىدۇر» دەيدۇ. ئارقىدىنلا دەرھال: «ئەگەر بۇنداق بولسا، ئۇنداقتا تۈركلەر بىلەن سوقۇش بولمايدۇ»، دەپ سۆزىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. دەسلەپكى نەشرىدىكىدەك بىر خىيانەتچىنىڭ ئاپئاشكارا ھالدا شەھەردىكى سودىگەر ۋە پۇقرانى قانداق قاقشاتقانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈشى پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس.

ئاخىرقى نەشرىدە شەھەر باشلىقى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن: «ئەگەر بىرەرىدىن ئازراق بىرەر نەرسە پارە ئالغان بولسام، ئەزبىرايى، ئۇ ۋاقىتتا قىلچىمۇ رەھىم قىلمىسىمۇ — مەيلى» دەيدۇ.

يەنە «ئۆلۈك جانلار» دىكى چومپا كۆۋچىنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك تاماقتا ئوستېر بېلىقىنى يېگەنلىكى توغرىسىدىكى ئابزاسنى نەقىل كەلتۈرۈپ باقايلى:

## دەسلەپكى نەشرى

«مېھمانلار قولۇلىرىنى سۇرتكەچ ئىنتايىن رازىمەنلىك، تەبەسسۇم بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. بىر رومكا ھاراقتىن كېيىن خۇددى تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. بەزىلىرى بېلىقنىڭ تۇخۇمىنى يېسە، بەزىلىرى سېمىگا بېلىقىنى يەيتتى، يەنە بەزىلىرى ئىرىمچىك يېيىشەتتى. لېكىن چومپاكوۋىچلا ھېچقانداق نەرسە بىلەن كارى بولماستىن ئوستىر بېلىقىنى ئالدى - دە، كىشىلەر ئىچىشىۋاتقان، پاراڭ سېلىشىۋاتقان، يېيىشىۋاتقانىنىڭ ئارىلىقىدا، مىنۇت ۋاقتىنىڭ ئىچىدىلا ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەۋەتتى. مېھمانلار ئوستىر بېلىقىنى ئېسىگە ئېلىشىپ، ۋىلكىلىرىنى ئالغان پېتى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەخسىدە پەقەت بېلىقنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىلا قالغانلىقىنى كۆردى. چومپاكوۋىچ بېلىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھېچنېمە يېيىشنى، ئىچىشنى خالىمايدىغاندەك، مەستخۇش قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمدى».

## ئاخىرقى نەشرى

«مېھمانلار ئالا - يېشىل كەلگەن ئالبۇسنىڭ ئاق ھارىقىنى ئىچىشتى. بۇ رەڭنى پەقەت تامغا ئويۇلىدىغان سىبىرىيەنىڭ سۆزۈك تېشىدىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ۋىلكىلىرىنى ئېلىشىپ شىرەگە كېلىشتى. بۇ چاغدا خۇددى تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ۋە خۇمارىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. بىرى بېلىقنىڭ تۇخۇمىنى،



بىرى سېمىگا بېلىقىنى يەيتتى، يەنە بىرى بولسا پىشلاق يەيتتى. چومپاكوۋىچ بۇ نەرسىلەرگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماستىن ئوستىر بېلىقى تەرەپكە باردى - دە، باشقىلار ئىچىشىۋاتقان، يېيىشىۋاتقان، پاراڭ سېلىشىۋاتقان قىسقىلا ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى پاك - پاكىز يەۋەتتى. ساقچى باشلىقى بۇ بېلىقنى ئېسىگە ئېلىپ: «بۇ تەبىئىي مەھسۇلاتنى تېتىپ بېقىڭلار، قانداق، مېنىڭ مۆتىۋەرلىرىم؟» دېدى - دە، قولىرىغا ۋىلكىلا تۇتۇشقان مېھمانلارنى باشلاپ، ئوستىر بېلىقى قويۇلغان جوزىغا كېلىۋىدى، تەبىئىي مەھسۇلاتنىڭ پەقەت بىر تاللا قۇيرۇقى قالغانلىقىنى كۆردى. لېكىن چومپاكوۋىچ بۇ ئىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك، ۋىلكا بىلەن يېنىدىكى بىر تەخسىدىن قۇيرۇقى ئىنتايىن كىچىك كەلگەن قۇرۇق بېلىقنى سانجىپ ئالدى. چومپاكوۋىچ ئوستىر بېلىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا چۆكتى ...»

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن: نىياز ئۆمەر تەرجىمىسى»)

# ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا

## لېۋ.تولستوي (روسىيە)

سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، كانىنىڭ پوۋېستى («تىرىلىش» نى دېمەكچى — ت) ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى جايىدا بولدى: 1) ئۇ (ئەر)، ئۇ (ئايال) نى ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدۇ، لېكىن ئاخىر شۇنداق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ، شۇنداق قىلىش زۆرۈر، دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ (ئايال) ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. ئۇ كۈلۈمسىرەيدۇ، شۇنداقلا ئىختىيارسىز يىغلىماقچى بولىدۇ؛ 2) چېركاۋغا كېلىدۇ، قاپقارا، ئاپئاق يوپكىلار، سۆيۈشىدۇ؛ 3) قېرى مۇناخ خوتۇن پۇلنى ئالىدۇ، لېكىن كۆزىدىن قورقۇنچ چىقىپ تۇرىدۇ؛ 4) قېرى مۇناخ خوتۇن پالچى، كاتيۇشكا يىگانە قالىدۇ؛ 5) ئۇ (ئايال) ئۇنىڭ پويىزدا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزىنى پويىزنىڭ تېگىگە ئاتماقچى بولىدۇ. لېكىن قورسىقىدىكى ھامىلەنىڭ تەۋرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئولتۇرۇپ قالىدۇ؛ 6) ئۇ (ئايال) ھاماچىسىدىن: «ئۇ قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ. پومېشچىكنىڭ گەمە ئۆيىدە ناھايىتى ئۇسال كۈنگە قالىدۇ. بىر چاكار بىلەن ئىش-پەش تارتىشىدۇ، ئۇ (ئايال) ئىش-پەش تارتماي تۇرالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ



جىنسىي ھەۋىسى قوزغالغانىدى؛ 7) ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: سىز ئۇنى قوغلىۋەتتىڭىزمۇ؟ ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەندۇ تايىنلىق؟ ئۇ ئىشتا مېنىڭ گۇناھىم يوقتۇر؟» دەپ سورايدۇ، بېرىپ رازى قىلماقچى بولىدۇ. ambition (ئىنگلىزچە: قەلبكە ھۇجۇم قىلىش) ھەممىدىن بىزار بولىدۇ. مىجەزلىرى كېلىشمەيدۇ، چەت ئەلگە بارىدۇ — پارىژدا — سەرسانلىقتا — ھەممىدىن جاق تويىدۇ، ئىلاجسىز كىتاب ئوقۇيدۇ، كەيىپ-ساپاغا بېرىلىدۇ، شىكارغا چىقىدۇ، قارتا ئوينايدۇ ۋە باشقىلار. چېچىغا ئاق كىرىدۇ-ھەسرەت چېكىدۇ.

(1870-يىل 11-، 16-فېۋرال، «تولستوي ئەسەرلىرى» 51-توم).

ئوي-خىياللىرىم مېنى تىنچسىزلاندۇرماقتا، يا مېنىڭ ئېتقادارىم كەمچىل، يا ئۇنى ئىپادىلەشنىڭ شەكلىنى تاپالمايۋاتىمەن.

(1910-يىل 25-مارت، «تولستوي ئەسەرلىرى» 58-توم).

ھەقىقىي ئادەمگە ئاساسەن يېزىلغان تىپ ئۈستىدە توختىلايلى: مېنى قىزىقتۇرغان نۇقتا... بىرخىل زىددىيەت. گوگولنىڭ، موپاسساننىڭ ۋە لېۋ. نىكولايېۋىچ، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغاندا، تېپىك رېئاللىقىدىن ۋە ھەقىقىيلىكىدىن ھەيران قالىمەن، روشەنكى بۇ يەردە يېزىلغانلىرىڭىزنىڭ ئۇرغۇنى ھەقىقىي ئادەملەر، ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ دائىم ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىدىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلغانىدىڭىز.

— شۇنداق، — دېدى لېۋ. نىكولايېۋىچ، — مەن ھەمىشە ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىمەن، ئىلگىرى قولىيازمىدا مەن

يېزىۋاتقان ئادەمنى تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن باش قەھرىمانىمۇ ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى قوياتتىم، ھېكايىنى تۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىسىم - فامىلىلەرنى ئالماشتۇراتتىم... لېكىن مەن بىرەر ھەقىقىي ئادەمنى بىۋاستىلا يازسام، يېزىپ چىققىنىم ھەرگىز تىپ بولالمايدۇ، ئاقىۋەتتە قىسمەن، پەۋقۇلئاددە، تامىتقى يوق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھېسابلايتتىم.

بىز مەلۇم بىر كىشىدىن مۇھىم، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالاھىدىلىكلەرنى ئېلىشىمىز ھەمدە ئۇنى كۆزەتكەن باشقا بىرخىل كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تولۇقلىشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇ تىپىكلىشىدۇ. نۇرغۇن ئوخشاش كىشىلەرنى كۆزىتىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئالاھىدە تىپ ياراتقىلى بولىدۇ.

(A. موروشىن. «ياسىنا يا پولىيانا ۋە پوسلېيوپكا» 1903 - يىل).



## «ئاننا كارېنىنا» نىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا

پېچكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئەڭ دەسلەپكى يۈرگۈزۈلگەن پىكىرلەر ئۈستىدە، دەسلەپكى قەدەمدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان نۇقتىدا، يەنى ئىدىيە جەھەتتىن تولۇقلاش دېگەن بۇ نۇقتىدا سۆزلىگىنىمىزدە، روسىيە كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ مۇھىم بولغان «ئاننا كارېنىنا» رومانى بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئەسەرلىرى ئىچىدە ناھايىتى تىپىك ئىجادىيەت تارىخىغا ئىگە.

تولستوي دەسلەپ ئالىي تەبىقە جەمئىيىتىدىكى «ئازغان» جۇۋان توغرىسىدا رومان يېزىش خىيالىدا بولغان. يازغۇچىنىڭ رەپىقىسى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ جۇۋاننى بىچارە قىلىش، ئەمما جىنايەتچى قىلىپ قويماسلىق ئىدى. شۇغىنىسى، ئۇ بۇ تىپ ئۈستىدە ئويلانغاندىن كېيىن ئىلگىرى كۆڭلىگە پۈككەن بارلىق پېرسوناژلارنى ۋە ئارتىسلارنى بۇ جۇۋاننى دەۋر قىلغان ھالدا توپلىنىدىغان قىلدى، ھەرقايسىسىغا تېگىشلىك ئورۇن بەردى.»

دەسلەپكى رومان لايىھىسىدە «خۇسۇسىي تۇرمۇش» تۈسى بار ئىدى. 1873 - يىل 19 - مارتتىن 20 - مارتقىچە

بولغان ئارىلىقتا ئى. تولستويانىڭ ت. ئى. كوسمىنسكاياغا يازغان خېتىدە: «تۆنۈگۈن لېۋوچكا (تولستوي) كۈتۈلمىگەن هالدا هازىرقى زامان تۇرمۇشى توغرىسىدا رومان يېزىشقا باشلىدى، رومانىنىڭ تېمىسى بىر ئايالنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن يۈز بەرگەن بىر يۈرۈش تراگېدىيە ئىكەن» دېگەن.

بۇ رومانىنىڭ يېزىشقا باشلىنىشى پۇشكىنىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تېخى يېزىپ بولمىغان «بىنكارچىلارنىڭ دالىدىكى يىغىلىشى» دېگەن ئەدەبىي پارچىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان، بۇ پارچە م. ب. ئانىنكوۋ تەييارلىغان «پۇشكىن ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 5 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن. «بىر كۈنى خىزمەتتىن كېيىن، — دەپ يازىدۇ تولستوي ن. ستراخوۋقا ئەۋەتكەن، لېكىن ئېلان قىلىنمىغان خېتىدە، — ‹پۇشكىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما› نىڭ بۇ تومىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئاۋۋالقىدەكلا (بۇنىسى 7 - قېتىملىقىمۇ دەيمەن) بىر ئولتۇرۇشتا ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئۇنى گويا تۇنجى قېتىم ئوقۇۋاتقاندەك قولۇمدىن زادىلا چۈشۈرگۈم كەلمىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ جىمىكى شۈبھىلىرىمنى يوقاتقانىدى، مەن ئىلگىرى پۇشكىنغىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق نەرسىگە چىن كۆڭلۈمدىن مۇنداق ئاپىرىن ئوقۇغان ئەمەس ئىدىم. قارىغا ئېلىش، مىسىر كېچىسى، كاپىتان قىزى!!! ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنە ‹بىنكارچىلارنىڭ دالىدىكى يىغىلىشى› نىڭ بىر ئابزىسىمۇ بار. مەن ئىختىيارسىز، مەقسەتسىز هالدا ئۆزۈممۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمىگەن هالدا، پېرسوناژلار ۋە دېتاللار ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەلۋەتتە، كېيىنچە بىرىپ پىلانىنى ئۆزگەرتتىم، يەنە كېلىپ ئاشۇنداق ئاجايىپ كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشتىم — مېنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە



پۈتتۈرگەن رومانىم دۇنياغا كەلدى. بۇ رومان تولىمۇ جانلىق، قىزغىن ۋە مۇكەممەل چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازىمەن، ئەگەر خۇدايىم ماڭا ئىسەنلىك بەرسە، ئۇنى يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يېزىپ بولىمەن، ئۇنىڭ مېنى بىر يىلدىن بۇيان قايغۇغا سېلىپ كەلگەن ھېلىقى نەرسە بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق. ئەگەر ئۇنى تاماملىيالىسام، ئايرىم كىتابچە قىلىپ باستۇرىمەن.»

يازغۇچى پۇشكىنغا ۋە ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا بولغان قىزغىن، ھاياجانلىق قىزىقىشنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئى. تولستوياغا: «مەن پۇشكىندىن نۇرغۇن نەرسە ئۆگىنىۋالدىم، ئۇ مېنىڭ ئاتام، بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دېگەن. تولستوي گولوخوۋاستوۋغا يازغان، ئەمما ئەۋەتمىگەن بىر خېتىدە «بىلكىننىڭ قىسسىلىرى» توغرىسىدا توختىلىپ: «يازغۇچىلار بۇ گۆھەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشى كېرەك» دېگەن. كېيىنچە يەنە شۇ كىشىگە يازغان خېتىدە پۇشكىننىڭ «ياخشى تەسىرى» ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى «دەرھال بىرىپ ئىشلىسە، نەتىجىسى چوقۇم يامان بولمايدۇ» دېگەن. ئومۇمەن تولستوينىڭ يازغان خەت - چەك ۋە ئېيتقان گەپ - سۆزلىرىدىن روشەن مەلۇم بولىدۇكى، پۇشكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى رىغبەتلەندۈرگۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئامىل بولغان.

ئادەتتىكى شەكىلۋازلار ۋە سېلىشتۇرمىچىلار تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىدە ھەمىشە تېما، سۇژېت، ھەتتا سۆز - ئىبارىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلارنى بايقاپ قالسا، مانا پالانچى يازغۇچى پۈستانچى يازغۇچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپتۇ،

دېيىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، تەسىرگە ئۇچراش مەسىلىسى بارلىق تاشقى ئىپادىلەش شەكىللىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ. بېلىنىسكىي بىر تىل سەنئەتكارىنىڭ يەنە بىر تىل سەنئەتكارىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىنى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئۇلۇغ شائىرنىڭ باشقا شائىرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ يازغىنىدا ئەكس ئەتكەنلىكىدە كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ، بۇ گويا كۈن زېمىنغا نۇر چاچقان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى زېمىنغا بېغىشلىماي، بەلكى زېمىننىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغان كۈچنى قوزغاتقىنىغا ئوخشاش.» مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا پۇشكىننى تولستويغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن دېگىلى بولىدۇ.

پۇشكىننىڭ «بىنكارچىلارنىڭ دالىدا توپلىنىشى» دېگەن بۇ پارچىسىدىكى زادى قايسى نەرسە تولستوينىڭ دىققىتىنى تارتقان؟ بۇنى تولستوينىڭ ئۆز سۆزىدىن بىلگىلى بولىدۇ: «يېزىقچىلىقنى شۇنداق قىلىش كېرەك، — دەيدۇ تولستوي، — پۇشكىن ھەممىشە مەسىلىنى بىۋاسىتە قويىدۇ، باشقا بىرى بولغاندا ئىدى، ئۇ چوقۇم يېزىشنى مېھمانلارنى تەسۋىرلەشتىن، ئۆي ئىچىنى تەسۋىرلەشتىن باشلىغان بولاتتى. پۇشكىن بولسا، بىراقلا ۋەقەلىككە كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاننا كارېنىنا» نىڭ ئاپتورىنى جەلپ قىلغىنى ئۆي ئىچىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىنى تەسۋىرلەش ياكى مېھمانلارنىڭ سىياق - تۇرقىنى تەسۋىرلەش ۋە ياكى ھېلىقىدەك ۋەقە سادىر بولغان مۇھىتنى ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىۋى تەسۋىرلەش ئەمەس، بەلكى ھېكايىنىڭ دەل ئۆزى، ۋەقەلىكنىڭ بىۋاسىتە تەرەققىياتى بولدى.»



رومانىدا مېھمانلارنىڭ تىياتىرخانىدىن چىققاندىن كېيىن پېتروشكا تىۋېرسكايانىڭ ئۆيىگە يىغىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىرنەچچە باب پۇشكىننىڭ «بىنكارچىلارنىڭ دالىدا يىغىلىشى» دېگەن پارچىسىنىڭ تەسىرىدە يېزىلغان. بۇ بىرنەچچە باب پۇشكىننىڭ ھېلىقى پارچىسىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىغا يېقىن كېلىدۇ، پۇشكىننىڭ فورىسكاياسى بىلەن تولستوينىڭ ئانناسى ياشىغان مۇھەببەت مۇھىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، رومانىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىلگەن نۇسخىسىنىڭ باشلىنىشىدىمۇ، ئوخشاشلا، «مۇقەددىمە» خاراكتېرىدىكى ھېچقانداق تەسۋىر يوق؛ ئەخلاق - ئىبرەت تۈرىدىكى بىرنەچچە ئېغىز ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ پۇشكىننىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، باشلىنىش بىلەنلا كىتابخاننى ئوبلونسكىينىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى بىر مۇنچە ئىشقا باشلاپ كىرىدۇ. «ئوبلونسكىينىڭ ئۆيىدە ھەممە نەرسە قالايمىقانىدى» دېيىلىدۇ، زادى نېمىلەر قالايمىقان؟ بۇنى كىتابخان شۇ زامان بىلمەيدۇ، ئوقۇپ ئاخىرىغا بارغاندا ئاندىن بىلىدۇ، ئەمما بۇ بىر جۈملە مەشھۇر سۆز ۋەقەلىكنىڭ باغلىنىشىنى بىراقلا شەكىللەندۈرگەن. بۇ باغلىنىشتىن كېيىن ۋەقەلىك قانات يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن «ئاننا كارېنىنا» نىڭ باشلىنىشىنىڭ پۇشكىننىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە كېلىپ، پۈتۈن رومان پۇشكىنغا ۋە پۇشكىننىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىگە بولغان ئىنتايىن زور قىزىقىش كەيپىياتىدا يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچى شائىرنىڭ قىزى مارىيە ئالېكساندىروۋنا پۇشكىنانى ئۆزىنىڭ باش ئايال قەھرىمانىنىڭ پروتوتىپى قىلىپ تاللىۋالغان، ئۇنىڭ سىياق - قىياپىتىدىكى نۇرغۇن جانلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئاننانىڭ ۋۇجۇدىدا تەسۋىرلىگەن، بۇنىمۇ تاسادىپىي ئىش دېيىشكە بولمايدۇ.

يازغۇچى رومانىنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە يازغان، بۇ ۋاقىتنى يازغۇچىنىڭ ئۇنى يېزىۋاتقاندا ئالاھىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. رومان تولىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە — 50 كۈندە «دەسلەپكى قەدەمدە» پۈتتۈرۈلگەن، شۇغىنىسى، باھاردىن كېيىن يېزىقچىلىق خىزمىتى تويۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغان.

تولستوي 1873 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرىنى ئۆزىنىڭ سامارادىكى قورۇقىدا ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يىلى پۈتكۈل ئۆلكە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ. تولستوي كىشىلەرنىڭ ئاپەتتە قېلىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇ 1873 - يىلىنىڭ 28 - ئىيۇل كۈنى «موسكۋاغا ئۇقتۇرۇش» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغۇچىغا خەت يېزىپ، «خەلقنىڭ ئۈچ يىل كەم ھوسۇل ئالغانلىقى، تۆپىلىدىن قۇرغۇنچىلۇق بالا - قازاغا ئۇچرىغان» لىقىنى، ئېتىزلاردا زىرائەت ئەمەس، پەقەت «قاقاس خارابىزارلىقنى» كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. يازغۇچى گوفىلكوفكا يېزىسىدا ھەر ئون ئائىلىلىك ئىچىدىكى بىر ئائىلىنىڭ مال - بىسات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاپ، دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىققا ۋە ئۆلۈم گىردابىغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، «پۇقرالارنىڭ ھالىنىڭ خاراب» لىقىنى ئىسپاتلاپ، چار پادىشاھ ئەمەلدارلىرىنىڭ دېھقانلارنى: «دېھقانلار ھاراقكەش، ھورۇن، مانا بۇ — ئاچارچىلىقنىڭ سەۋەبى» دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىگە، كەمسىتكەنلىكىگە رەددىيە بېرىدۇ. يازغۇچى «بارلىق روسىيىلىكلەر» نىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان پۇقرالارغا دەرھال ياردەم بېرىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ مۇراجىئەت سامارا ئۆلكىسىدىكى ئاچ دېھقانلارنى قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەشتە ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سامارا ئۆلكىسىدىكى قەھەتچىلىك يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا



چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئاننا كارېنىنا» رومانى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يازغۇچىنىڭ ئىجادىي خىزمىتىدە بىۋاسىتە ئىنكاس قوزغىغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

تولستوي سامارادىكى قورۇقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رومانىنى يېڭىباشتىن يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇ 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ستراخوۋقا يازغان خېتىدە: «خېتىڭىزدە نۆۋەتتە مېنىڭ خۇددى ‹ئاقارتىش دەرسلىكى› نى سىناپ كۆرگىنىمگە ئوخشاش ئۇسلۇبى بىر قەدەر پۇختا بەزى نەرسىلەرنى يېزىپ چىقىشىمنى كۈتۈۋاتقانلىقىڭىزنى دەپسىز، ئەپسۇسكى ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، ھازىر ئۆتكەن قېتىمقى خەتتە سىزگە ئېيتقان ھېلىقى رومانىنى ئىنتايىن ئازادىلىك ۋە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزىتىۋاتقانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن، بۇ رومانىنى ئەسلىدە بىر ئەمەك ئۈچۈنلا يېزىش خىيالىدا بولۇۋىدىم، ئەمدىلىكتە شوتىدىن چۈشەلمەيۋاتىمەن، ئۇنى يېزىپ تۈگەتمىسەم بولمايدۇ، مەن ئۇنى تولىمۇ ئۇسال يېزىپ قويۇشتىن قورقۇۋاتىمەن» دېگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تولستوي بۇ چاغدا تېخى دەسلەپكى «خۇسۇسىي تۇرمۇش» خاراكتېرىنى ئالغان پىكىرلىرىنى تاشلىمىغان، رومانىنى يېنىك ئۇسلۇبتا يازغان. زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر رومانىدا تېخى تەلتۆكۈس ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، يازغۇچى بۇ يېڭى ئەسىرىنى «ئەمەك ئۈچۈن» يازمىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. دەرۋەقە، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى تېزرەك تاماملاش، ھەتتا 1874 - يىلىنىڭ باشلىرىدا يېزىپ بولۇش ئۈمىدىدە بولغان.

ئەمما رومان بەلگىلەنگەن قەرەلدە تاماملانمىغان، تولستوي ئۇنى داۋاملىق يازغاندىن تاشقىرى ئۆزىنىڭ

ئەزەلدىن بىپەرۋالىق قىلمايدىغان ئادىتى بويىچە پۈتكەن باب-ئابزاسلارنى بىر-مۇبىر تۈزەتكەن، شۇڭا باشقىلار ئۇنىڭغا ئەسىرىنى «جامائەت كۆچى» دېگەن ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ قەتئىي رەت قىلغان. ئۇ، ستراخوۋقا يازغان خېتىدە، ئۆزىنىڭ ئىشتىياقىنى «ئۆزى سۆيگەن خىزمەتنى تاماملاشقا بېغىشلايدىغانلىقىنى»، شۇڭا زېھنىنى باشقا خىزمەتكە بۆلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە «بۇ رومانىنىڭ بىرەر بابىنى ئېلان قىلىشنى دېيىشىۋاتىدۇ، ئەمما مەن ئۇنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىۋاتىمەن، يەنە كېلىپ مەن، تۈزەتكەنلىرىمدىن قانائەت ھاسىل قىلالمايۋاتىمەن... ئۆزۈمدە ساقلىنىۋاتقان ئورىگىناللاردىن قايسىسىنى ئېلىپ چىقىشقا كەلسەم (مەيلى قانداق مەقسەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) مەن ئۆز نامىمدا ھەرقانداق چاكىنا - خام نەرسىنى ئېلان قىلالمايمەن، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئومۇمەن رەزىللىك بولىدۇ، ئۇ گويا پاتىنىڭ① مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزىمەن دەپ ئېلان چىقىرىپ، پۇل يىغىپ بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە خالىغان بىر قىزچاقنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتقۇزغىنىدەك بىر ئىش بولىدۇ» دېگەن.

1874 - يىلى مارتتا تولستوي «ئاننا كارېنىنا» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ يەتتە باسما تاۋاق ھەجىمدىكى باش قىسمىنى كاتكوۋنىڭ باسمىخانىسىغا تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىككى تەرەپ «ئاننا كارېنىنا» نى ئايرىم كىتابچە قىلىپ بېسىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزگەنىدى (پۈتۈن كىتاب 40 باسما تاۋاق بولىدىغان، مايدا يېزىپ بولۇش بەلگىلەنگەن.)

شۇغىنىسى، تولستوينىڭ كۆزلىگەنلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ،

① پاتى (1843 — 1919) ئىتالىيىنىڭ ئاتاقلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىسى.



باسمىخانىدىكىلەر كوررېكتور نۇسخىسىنى ئېلىپ كېلىش ۋاقتىنى كەينى - كەينىدىن كېچىكتۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يازغۇچى بۇ ۋاقىتتا موسكۋادىكى ئادەتتىكى مائارىپچىلار بىلەن ئوقۇتۇش مېتودى مەسىلىسى ئۈستىدە پرىنسىپال مۇنازىرىنى باشلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ «خەلق مائارىپى توغرىسىدا» (ئەسلى ماۋزۇسى: «مېنىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدا دەيدىغانلىرىم») دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى جىددىي يېزىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ رومانغا قاراتقان دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەي قالمىدى، نەتىجىدە رومانىنى نەشر قىلىش خىزمىتى مايىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋاقىتىنچە توختىدى، ئىيۇلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي توختاپ قالدى (بىرىنچى قىسمىنىڭ ئوتتۇز بابى بەش باسما تاۋاققا بېسىلغانىدى.) لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يازغۇچىنىڭ رومانىدىن قانائەت قىلمىغانلىقى ئىدى. مائارىپ مەسىلىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا شۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز رومانىدىن قانائەتلەنمەسلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى ئېھتىمال. نېمە بولسا بولسۇن، بۇ مەزگىلدە تولستوينىڭ خەت - چەكلىرىدىن ئۇنىڭ بەزى ئوي - خىياللىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ بۇ رومانىنى «ياخشى كۆرمەيدىغان» لىقىنى، ئۇنى «تاشلىۋېتىش» نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنى تاماملاشقا كىرىشمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. رومانىدىن تولىمۇ قانائەت قىلماسلىق كەيپىياتى ئۇنىڭ 27 - ئىيۇل كۈنى ستراخوۋقا يازغان خېتىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «خېتىڭىزنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ نەسىھىتىڭىزگە پۈتۈنلەي بويسۇنغان، يەنى ھېلىقى رومانىنى يېزىشقا پۈتۈنلەي كىرىشكەنىدىم، ئەمما رومانىنىڭ مەتبەئەدە تىزىلغان ۋە بېسىلغان قىسىملىرىدىن قانائەتلەنمىدىم. شۇ ۋەجىدىن بېسىلىپ تەييار بولغان ئاشۇ بىرنەچچە باسما

تاۋاقتىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، لېۋىن ۋە ۋورونىسكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باش قىسمىنى پۈتۈنلەي يېڭىباشتىن يازماقچى بولۇۋاتىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى يەنىلا كونىچە بولىدىغانىدەك تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇنى يازماق خېلى ئاسان، شۇڭا بۇ ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش ئۈمىدىدىمەن.»

بۇ ئەسەرگە تۈنجى يېلى ئىشلەنگەن خىزمەت نەتىجىسىدە ۋەقەلىكنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات لىنىيىسى بەلگىلەنگەن، كېيىن ئاخىرقى بېكىتىلگەن ئورىگىنالغا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن قىستۇرمىلار يېڭىدىن يېزىلغان، ئايرىم دېتاللاردىن باشقا كىتابتىكى پېرسوناژلارغا ئاخىرقى بېكىتىلگەن ئىسىم - فامىلىلەر قويۇلغان، رومانىنىڭ بۇرۇنقى بىرقانچە مۇھىم نۇقتىلىرى يېزىلغان دەسلەپكى قولىيازمىدا لېۋىن دېگەن بۇ پېرسوناژ يوق ئىدى. كېيىنچە ئۇ، بەزىدە «ئودىنسوۋ»، بەزىدە «نىلادىنوۋ» دېگەن فامىلە بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ باشقا پېرسوناژلارغا ئوخشاش ئاشۇ دەۋردىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ۋاقتىنچە باغلانمىغان؛ ۋورونىسكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى فامىلىسى «باراشىيوۋ»، «خاكىن» ياكى «ئودىشىيوۋ» دەپ، تولىنىنىڭ ئېرىنىڭ فامىلىسى «ئارابىن» دەپ ئېلىنغان، بۇ ئىسىم - فامىلىلەر ئالماشتۇرۇلغاندا، بەزىدە ستىپان، بەزىدە مىخائىل دەپ ئېلىنغانىدى. يازغۇچى روماندىكى بەزى مۇھىم ئوبرازلارنى تەسۋىرلەشتە، ئوخشاشلا ئەسلىدىكى پىكىرلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ۋە كېيىنكى چاغدا، «ئاننا كارېنىنا» نىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىدا بۇ ئوبرازلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشقا خېلى زور دەرىجىدە يېقىنلاشقان.

ئاننا دەسلەپكى قولىيازمىلاردا كۆپ قېتىم «تاشنايا»،



«سىرگېيېۋنا ستانكراۋىچ»، «نىنا»، «ئانا ستاسىيا ئاركالېۋنا»، «پۇشكىنا» دەپ ئاتالغان. بۇلاردا ئۇنىڭ رومانىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىلگەن نۇسخىسىدا يارىتىلغان ئاشۇ ئوبراز بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى بەكمۇ ئاز بولۇپ، ئۇنىڭ قىياپەت ۋە ئىش - ھەرىكىتى تۈيغۇنلۇق ئامىللىرى بىلەن تولغان، پۈتكۈل مەنىۋى جاسارىتى بىر خىل تۈگىمەس خۇلق ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ رەزىللىككە ھەۋەس قىلىدىغان، زېھنىي كۈچى تولىمۇ ئاجىز، قىلچە جىگىرى يوق، نازۇكەرەشمىلىك، ساختا مېھرىبانلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئىزچىل خۇسۇسىيىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئېرى كارېنىن دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق قولىيازمىغا قارىغاندا ئاخىرقى نۇسخىدا يېقىملىقراق تەسۋىرلەنگەن. قىياپەت جەھەتتە ئۇ ئادەتتىكىچە، كىشىنى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ نۇقسانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرى تەرىپىدىن تولۇقلاپ كېتىلگەن؛ كارېنىن ئاق كۆڭۈل بولغاچقا بەزى جەھەتتىن ھېسداشلىققا ئېرىشىدۇ، ئوخشاشلا ۋورونىسكىمۇ بىرخىل ئوخشاشمايدىغان تەرىزدە خېلى ئالىيجاناب قىلىپ، يەنى سۆيۈملۈك، پاراسەتلىك، شېئىر يازالايدىغان، ئېرىدىن ئايرىلغان ئاننا بىلەن توي قىلىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. (رومانىنىڭ بىر نۇسخىسىدا «ئىككى باسقۇچلۇق توي» قىلىدۇ، دەپ يېزىلغان.)

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دەسلەپكى نۇسخىدا ئاننا، كارېنىن ۋە ۋورونىسكىلار كېيىنكى نۇسخىدا يېزىلمىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. كېيىن تولستوي بۇ ئوبرازلارنى شەرھىلىگەندە، ئۇلارغا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى قوشقان. ئايال باش قەھرىمان دەسلەپتە ئاجايىپ جەزىبىدار، ئالىيجاناب، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، سەممىي،

ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ۋورونىسكى بىلەن كارىنىن بولسا، ئاننانىڭ روھى ۋە جىسمانىي تەرەپتىكى گۈزەللىكىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان روشەن جۇلاسى ئاستىدا ئاز - تولا خۇنۇك كۆ-رۈنىدۇ. كارىنىن ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان «ئىدارە ئاپپاراتىدىكى ماشىنا» غا، تاش يۈرەك بيۇروكراتقا ئايلىنىدۇ. ئۇ پروتوكول تۇرمۇشىدا بەزىدە سوغۇققان بولىدۇ، دوگما نەرسە-لەرگە بويسۇنىدۇ؛ ۋورونىسكى بولسا، پېتىرگرادتىكى تىپىك سۆلەتۋاز بەگزادىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ روھى ۋە ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ئاننادىن تۆۋەن تۇرىدۇ. دېمەك، ئىجادىيەت داۋامىدا «ئاننا كارىنىنا» دىكى بەزى مۇھىم پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەسۋىرلىنىشىدىكى ئىدىيە ۋە مۇھىم پىسخىك نۇقتىلاردا ئۆز-گىرىش بولىدۇ. بۇلار بارغانسېرى جەمئىيەتنى ئۆتكۈر پاش قىلىش تۈسىنى ئېلىۋاتقان بۇ روماندا ئەكس ئېتىپ، ئاساسىي ئىدىيە پۈتۈنلەي يېڭىدىن ئويلىنىش جەريانىدىن ئۆتىدۇ. بىز بۇ يەردە لىۋىن ئۈستىدە توختالمايمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ ھەرخىل ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدە دەسلەپىدىلا بېكىتىل-گەن. كېيىن ئىجادىيەت داۋامىدا ئىزچىل تۈردە چوڭ ئۆزگەر-تىش قىلىنمىغان. ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئەھمىيىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۈچىيىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە روما-نىدىكى مۇھىم ئىدىيە ۋە دىنىي ئەخلاق مەسىلىلىرى بارغانسېرى ئۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم بىرلىشىپ كەتكەن.

1874 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ستراخوۋ ياسنايا پولياناغا مېھمان بولغاندا، ئۇنىڭغا تولستوي بۇ رومانغا بىر مەھەل «شەيدا» بولۇپ، «بىر مەھەل ھەپىلىشىپ، يەنە قېپقال-غان»لىقىنى ئېيتقان، كۈز كەلگەندە ناھايىتى زورۇقۇپ، ئۇنى ئاستا - ئاستا يېزىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا يازغۇچىنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى مەكتەپ قۇرۇش، «دېھقانلار كۇرسى» ئېچىش-



نىڭ تەييارلىق لايىھىسىنى ئىشلەش، بۇ مەكتەپلەر ئۈچۈن يېڭى دەرسلىك تەييارلاش («يېڭى ئاقارتىش دەرسلىكى» ۋە ئەدەبىيات قائىدىلىرى تۈزۈش) قاتارلىق مائارىپ مەسىلىسى بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ ھەتتا ستراخوۋقا يازغان خېتىدە ئۆز-نىڭ بۇ رومانى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى «ئاجىز قىزغىنلىقى» دىن ئاغرىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ رومانىنى «روسىيىگە ئومۇمىي ئوقۇتۇرۇش» نەشرىياتىغا ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى — «مۇشۇ ئارقىلىق بېسىم ھاسىل قىلىپ، ئۇنى يېزىپ پۈتتۈرمەكچى» بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

«ئاننا كارىنىنا» «روسىيىگە ئومۇمىي ئوقۇتۇرۇش» نىڭ 1875 - يىللىق 1 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىشقا باش-لىغان. رومانىنى ئېلان قىلىش ئىشى توغرىسىدا تولستوي بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشقان كاتكوۋ بىر خېتىدە ئاننا بىلەن ۋورونىسكىنىڭ يېقىنلىشىشى تەسۋىرلەنگەن بابنى ئۆزگەر-تىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، تولستوي ئۇنىڭغا يازغان جاۋاب خېتىدە: «ئاخىرقى بۇ بابنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، خۇددى سىز ئېيتقاندەك، روشەن رېئالىزم مېنىڭ بىردىنبىر قورالىم، چۈنكى مەن ھېسسىياتىنىمۇ، قىزغىنلىقىنىمۇ پايدىلان-مىدىم، قايىل قىلىشتىن پايدىلانمىدىم، بۇ باب پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ خاتا بولىدىكەن، ئۇنداقتا پۈتۈن نەرسە خاتا بولغان بولىدۇ» دەيدۇ.

تولستوي بۇ رومانىنى ئېلان قىلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتمىگەن. ئەكسىچە «ئۆ-زىنىڭ شان - شۆھرىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى» دىن ئەنسىرىگەن. ئەمما نەتىجىدە «ئاننا كارىنىنا» ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ستراخوۋ ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، كىتابخانلارنىڭ رومانىنى قىزغىن ئالقىشلىغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئېيتقان. تولستوي 1875 - يىل 16 - فېۋرال يازغان جاۋاب خېتىدە: «مەن بۇ رومانىنىڭ مېنىڭ نام - ئابرويۇمغا زىيان يەتكۈزمىگىنىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، ھەتتا ئۇنىڭ مۇشۇنداق ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىغا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن... ئەمەلىيەتتە، مەن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا — بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرگۈدەك نېمىسى بارلىقىنى زادى چۈشىنەلمىگەنلىكىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ھەممىلا نەرسە ئاددىي بولىۋەرمەيدۇ (ئەگەر دۇنيادا ئارتۇقچىلىق بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئاددىيلىق ئەڭ زور، ئەڭ قىيىندا يەتكىلى بولىدىغان بىرخىل ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ)، شۇنداقلا ئۇنچىۋالا قىيىن، سىرلىق نەرسە ئەمەس، پىكىرلەر مۇشۇنداق خۇسۇسىي تۇرمۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زور مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەيدۇ.

ژۇرنالنىڭ 4 - ساندا رومانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمىنىڭ ۋە ئۈچىنچى قىسمىنىڭ ئون بابى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يازغۇچى رومانىنى ئېلان قىلىشنى تاكى 1876 - يىلىنىڭ يانۋارىغىچە ۋاقىتلىق ئۈزۈپ قويىدۇ.

باشتا ئېيتىپ ئۆتتۇق، تولستوي شۇ چاغدا مائارىپ ئىشلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ «يېڭى ئاقارتىش دەرسلىكى» بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇ بۇ دەرسلىككە ناھايىتى چوڭ ئۈمىد باغلىغان، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئېشىپ كېتىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇ ھەرخىل پەلسەپە ۋە دىنىي ئەخلاق قائىدىلىرىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ يۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن پات - پات «ئاننا كارېنىنا»نىڭ ئىشىنى يۈك دەپ ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇ قولىنى بوشىتىپ ئۆزى تېخىمۇ مۇھىم دەپ



قارىغان پەلسەپە ۋە دىنىي ئەخلاق قائىدىلىرى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن كىتابنى ئىلاجىنىڭ بارىچە تېزرەك يېزىپ بولۇشقا ئالدىرىغان. بەزىدە يېزىپ بولغانلىرىدىن تولىمۇ قانائەت قىلمىغان، بەزىدە ئۆزىنىڭ «تالانتى»نى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزىدە ئۆز ئەسەرلىرىگە قىزىقماي يۈرگەن. بۇمۇ ئۇنى بىئارام قىلغان. 1876 - يىل 8 - ئاپرېلدىن 9 - ئاپرېلغىچە ژۇرنال ئېلان قىلماقچى بولغان بىرنەچچە بابنى ژۇرنالغا بېرىش بىلەن بىللە ستراخوۋقا يازغان خېتىدە مۇنداق ھېسابلىغان: مەن ئۆزۈم يازغان نەرسىلىرىمدىن بىزارمەن، مانا مېنىڭ ئالدىمدا 4 - ساندا ئېلان قىلىنىدىغان قولىيازمامنىڭ دەسلەپكى كوررېكتور نۇسخىسى تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنى تۈزىتىشكە قىلچە ھەپىسلەم قالمايۋاتقانلىقىدىن قورقۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكىسىنىڭ ھەممىسى بەكمۇ دەھشەتلىك نەرسىلەر، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ يېزىش كېرەك، يەنە ئۆزگەرتىپ يېزىش، يەنى ئېلان قىلىنىپ بولغان ھەممە نەرسىلەرنىمۇ ئۆزگەرتىپ يېزىش، قولىيازمىدىكى ھەنىنىۋا نەرسىنى ئۆزگەرتىش، تاشلىۋېتىش، ھەممىسىدىن ۋاز كېچىش كېرەك». يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەپۇ قىلىڭ، ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىنى ئېلان قىلمايمەن، مەن يېقىندىن بەزى نەرسىلەرنى يېزىش خىيالىدا بولۇۋاتىمەن، مەن بۇ نەرسىگە بۇرۇن كۈچ چىقارغاندەك كۈچ چىقارماقچى ئەمەسمەن، بۇنىسى شۈبھىسىز. سىز ھازىر مېنىڭ قانداق بىر مۇھىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى كۆرەلمەيۋاتقانسىز، ھەقىقەتەن خۇشاللىقىمنى سىغدۇرالمايۋاتىمەن.»

بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ ئۆز رومانى ئۈستىدە ئېيتقان مۇنداق كەسكىن ئەيىبلەشلىرى ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى غايەت زور مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ۋە يازغۇ-

چىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتچانلىقنى يۈكسەك دەرىجىدە چۈشەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى يازغۇچىلارلا ئۆزىگە تولستوينىڭ بۇ خېتىدە ۋە ئۇنىڭ باشقا سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش (ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى مەقسىتىنى روشەن ۋە مول ئىپادىلەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشاتتى) ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويالايدۇ.

رومان يېزىقچىلىقىدا يەنە بىر قېتىم ئۇزاق مەزگىل توختاپ قېلىش ھالىتى كۆرۈلگەن. يازغۇچىنىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئۇ «ئاننا كارېنىنا» نى يېزىپ پۈتتۈرۈشتىن ئىبارەت «زېرىكەرلىك» خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. ئۇ ستراخوۋقا يازغان خېتىدە: «مەن روھىي جەھەتتە بوشاپ كەتتىم. ئەسلىمگە كېلىشكە ئامال تاپالمايۋاتىمەن، مىجەزىم ئوساللىشىپ، روھىم سۇلغۇنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ زېھنىي كۈچىدىن ئۈمىدسىزلىنىۋاتىمەن... ھەتتا پىكىر يۈرگۈزۈشكىمۇ ماجالىم قالمايۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي نەس باسقانلىقنىڭ ئالامىتى ياكى بىر مەھەل راۋان ئىشلەش مەزگىلى ئالدىدىن بولىدىغان سۈكۈت بولۇشى مۇمكىن.»

ئاقىۋەت، بۇ ھەقىقەتەن يازغۇچىنىڭ «ئاننا كارېنىنا» نى تولۇق تاماملاش باسقۇچى ئالدىدىكى بىر مەزگىللىك «قاتتىق سۈكۈتى» بولغان.

13 - نويابىرغا كەلگەندە، ئۇ رومانىنى «خۇشاللىق بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن» ۋە بىرخىل «خۇشاللىق تۇيغۇسى» دا بولغان. س. ئا. تولستويا كۇسمىنسكايا: «تولستوي روھىي كۆتۈرەڭگۈ ۋە دىققىتى مەركەزلەشكەن ھالدا ھەركۈنى تولۇق بىر بابتىن يېزىۋاتىدۇ» دەپ يازغان. 1876 - يىلىنىڭ دېكابىرىغا كەلگەندە يازغۇچى «ئاننا كارېنىنا» نىڭ نۆۋەتتە ئېلان



قىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان بىرنەچچە بابىنى ژۇرنالدىكىلەرگە تاپشۇرغان. شۇنداق قىلىپ، «روسىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» ژۇرنىلىدا توختاپ قالغىنىغا 7 ئاي بولغان بۇ رومان يېڭىباشتىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

1876 - يىلدىن 1877 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتكۈل قىش پەسلىنى تولستوي رومان ئۈستىدىكى جىددىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ پەلسەپە ۋە دىنىي مەنتىقە جەھەتتىكى تەتقىقاتتا چۈشەنچىسىنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاتقان. بۇ تەتقىقات ئىزدىنىشى ئۇنىڭ شۇ زامان ۋەزىيىتىگە، رۇس تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىغان. لېۋىننىڭ ئوبرازى روماندا بارغانسېرى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىغان. بۇ كىشىنى مەيلى پىسخىك مىجەز جەھەتتە بولسۇن ياكى كۆڭلىدە ئىزدىنىدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇش جەھەتتە بولسۇن، تېپىك تولستويچە قەھرىمان شەخس دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. لېۋىن ئوبرازى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتە، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا يازغۇچىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرى ئەكس ئەتكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەش جەريانىدا سىناپ كۆرگەنلىرى ئەكس ئەتكەن. مانا بۇ لېۋىندىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ رومانىدىكى ئورنىنى بەلگىلىگەن. 1877 - يىل 8 - سېنتەبىردە ستراخوۋ تولستويغا يازغان خېتىدە ئۇنىڭغا رومانغا ئائىت ئوبزورلاردىن باشقا يەنە ئى. ئىشلىستاكوۋ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزگەن. بۇ كىشىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى «ئاننا كارېنىنا» دىكى «ئاجايىپ - غارايىپ» لىق ئەمەس، بەلكى لېۋىننىڭ پىكرىدە گەۋدىلەنگەن يازغۇچىنىڭ «پەلسەپىسى» ئىكەن. بۇ رومان ئۇنى قايغۇغا سېلىۋاتقان

نۇرغۇن «مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپتۇ». تولستوي 22 - سېنتەبىردىن 23 - سېنتەبىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان جاۋاب خېتىدە ستراخوۋنىڭ يۇقىرىقى پىكرىنى يەتكۈزگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتقان ھەمدە: «بۇ خەۋەرنىڭ قەلبىمدە گۈزەللىك، خۇشاللىق تۇيغۇسى قوزغىغانلىقىنى... تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز...» دەپ يازغان.

تولستوي بۇ روماننى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاياغلاشتۇرماقچى بولغان ۋە ئۆزىنىڭ باشقا بىر يېڭى خىزمەتنى قولغا ئېلىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1877 - يىل 3 - مارتتا ئا. تولستويا خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «تۈنۈگۈن لېۋ. نىكولايېۋىچ شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىقتا ئىشلىتىۋاتقان مەشق دەپتىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ‹ھەي، چاپسانراق بولسا بولاتتى، بۇ روماننى چاپسانراق ئاياغلاشتۇرسام... باشقا يېڭىسىنى باشلايتتىم. ھېلىقى ئىدىيە ھازىر كۆڭلۈمدە ناھايىتى روشەنلەشتى، ئەگەر ئەسەرنى يازالىسام، ئۇنىڭدىكى ئاشۇ مۇھىم تۈپ ئىدىيىنى گويا مەن ‹ئاننا كارېنىنا› دىكى ئائىلىنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى قەدىرلىگەندەك، ‹ئۇرۇش ۋە تىنچلىق› تىكى 1812 - يىلدىكى ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن تۇغۇلغان خەلقنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيتتىم، مەن ھازىر شۇنى ئېنىق ھېس قىلىدىمكى، كەلگۈسىدىكى، بۇ يېڭى ئەسىرىمدە مەن ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە رۇس خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى قەدىرلەيمەن.» 60 - يىللاردا تولستوي «دېكابرىستلار» ناملىق روماننى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»قا ئۆزگەرتىپ يازغانىدى. كېيىن بۇ رومانىدىكى پىكىر ئۇنى يېڭىباشتىن ھاياجانلاندۇرغان. ئەمما بۇ قېتىم يازغۇچى ئۆزىنىڭ باش قەھرىمانىنى ئورنى-



بوزگ ياپىلىقىدا بوز يەر ئېچىۋاتقان بىر تۈپ كۆچمەنلەر (بىر تۈپ ئاددىي - ساددا تېرىقچىلار) ئارىسىدا قىلىپ تەسۋىرلىمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ «تەسىر كۆرسىتىش كۈچى» دېگەن سۆزىنى مۇشۇ مەنىدە چۈشەنسەك بولىدۇ.

ئەمما «ئاننا كارېنىنا»نى يېزىش ئىشى يەنىلا بىر ئايدىن كۆپرەك سوزۇلۇپ كېتىدۇ. 1877 - يىل 20 نەچچىنچى ئاپرېلغا كەلگەندە، روماننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە باسما تاۋىقى «روسىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» ژۇرنىلىغا تاپشۇرۇلدۇ.

«روسىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ 1877 يىل 4 - سانىدا روماننىڭ 7 - قىسمىنى ئېلان قىلىش ئاياغلىشىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە 8 - قىسىمغا ئۆزگەرتىلگەن قىسمىنى تەھرىر بۆلۈمى ئەسلىدە 5 - سانىدا ئېلان قىلىشنى پىلانلىغان. كېيىن بۇ قىسمىنى ئېلان قىلىشتا ئاۋارىچىلىك تۇغۇلغان. «روسىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نى نەشر قىلغۇچى كاتكوۋ روماننىڭ ئاخىرقى بىر بابىنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى يازغۇچى سېربىيىلىكلەرگە قىلىنغان ئاشۇ قېتىمقى ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىپ تەسۋىرلىگەن① ھەم بىر ئۇچۇم سلاۋيانلار ۋە كاتكوۋ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى زاتلارنى سېتىۋالالايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە سلاۋيانلارنى چىن يۈرەكتىن قوللاپ ئەمەس، بەلكى مىللەتچىلىك مۇددىئاسى بىلەن قاتناشقانلىقىنى ئالاھىدە ئۆتكۈر مەسخىرە قىلغان. تولستوي بۇنداق مىللەتچىلىك ھېسسىياتىدىكىلەر بىلەن چىقىشالمايتتى. شۇڭا ئۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ بەزى جايلىرىنى كاتكوۋ رازى بولغۇدەك قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، «يۇمشىتىش، ئىخچاملاش مەس-

① 1877 يىلى سېربىيە روسىيىنىڭ ياردەم ئارقىسىدا توركىيىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن.

لىلىرى ئۈستىدە توختىلىش» نى خالىمىغان. ئۇ، ستىراخوۋقا
يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەسلىدە كاتىكوۋ مېنىڭ
كۆز قاراشلىرىمنى قوۋۋەتلىمەيتتى، بۇمۇ ئەلۋەتتە ھەقلىق يۇ-
سۇندا شۇنداق بولىدىغان ئىش، چۈنكى مېنىڭ ئەيىبلەۋاتقىنىم
دەل شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان كىشىلەر، ئۇ تەكەللۇپ بىلەن تىلـ
نى چايناپ، بۇ ئابزاسنى ئانچە - مۇنچە يۇمشىتىپ بەرسىڭىز
دەپ تۇرۇۋېلىپ، مېنى بەكمۇ بىزار قىلىۋەتتى. شۇڭا مەن
ئۇنىڭغا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن: ئەگەر ئۇلار مېنىڭ مەقسە-
تىمگە قارىماي، ئەسەرنى ئېلان قىلىۋېتىدىغان بولسا، مەن
ئەسەرنى ئۇلاردا ئېلان قىلمايمەن، يەنە كېلىپ مەن ئېيتقىنىمنى
قىلالايمەن دېدىم.» — دەرھەق، ئۇزۇن ئۆتمەي يازغۇچى
روماننىڭ 8 - قىسمىنىڭ ئورىگىنالىنى كاتىكوۋتىن قايتۇرۇۋالدۇ
ۋە بۇنىڭدىن كېيىن «روسىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» ژۇرنىلى
بىلەن «ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە بولمايدى-
غان»لىقىنى جاكالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ
بۇ قىسمىنى ئۆز قولى بىلەن كىتابچە قىلىپ چىقىرىشنىڭ تەي-
يارلىقىنى كۆرىدۇ. 1877 - يىلىنىڭ ئىيۇنىدىن ئىيۇلىغىچە
بولغان ئارىلىقتا تولستوي ستىراخوۋ بىلەن بىرلىكتە رومانىنى
كىتابچە قىلىپ بېسىشقا تەييارلاش يۈزىسىدىن رەتلەۋېتىپ،
ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ بولغان قىسىملىرىغا ئەدەبىي جەھەتتىن
بىر قاتار مۇھىم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزىدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا
ستىراخوۋ مۇنۇلارنى يازغان: «گەرچە مەن روماننىڭ دەسلەپكى
نۇسخىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرسەممۇ، ئەمما لېۋ. نىكولايېۋىچ-
نىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ماھارەت بىلەن ئۇنى تۈزە-
تىپ چىقىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن ناھايىتى چاپسان ئىشەندىم.
بۇ تۈزىتىش بىلەن ئۇ، ئەسلىدە تولىمۇ روشەن بولغاندەك
كۆرۈنگەن نۇرغۇن يەرلەرنى شەرھلەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا



قالماستىن، يەنە ئەسەرنىڭ پۈتكۈل روھىنى ۋە ئۇسلۇبىنى
بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ يېقىن جىپسىلاشتۇردى.» ستىراخوۋ
ئۇنىڭ ئاساسەن ئەدەبىي جەھەتتىن بەزى تۈزىتىشلەرنى قىلـ
غانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «لېۋ. نىكولايېۋىچ
ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ئىپادىلەش شەكىللىرىدىمۇ ئىنتايىن
چىڭ تۇراتتى. ئۇ قارىماققا ئانچە مۇھىم ئەمەسقۇ دەپ قارالـ
غان نۇرغۇن يەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمايتتى، ئۇنىڭ
ئىزاھلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالدىمكى، گەرچە ئۇنىڭ ئەدەبىي
ئىپادىلىشى ناھايىتى قوپال، تولىمۇ ئەركىن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى-
نىڭ تىلىنى ئادەتتىن تاشقىرى قەدىرلەيدىكەن، ئەمما ھەربىر
سۆز ۋە ھەربىر جۈملە ئۈستىدە ئىشلەشتە بولسا، ئەڭ ئېھتىيات-
چان پۇختا شائىردىنمۇ قېلىشمايدىكەن».

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقان-
لىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن: ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى)

# تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» سىنىڭ پروتوتىپى

## داۋيۈەن (جۇڭگو)

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر دوكتورى شىفمان «ئەدەبىياتتىكى دوستلار» مەجمۇئەسىنىڭ 667 - سانىدا «بىر پورترېتنىڭ سىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ «ئاننا كارېنىنا» نىڭ پروتوتىپى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئۇ پۇشكىننىڭ قىزى مارىيا ئالېكساندىروۋنا پۇشكىنانى ئاننا كارېنىنانىڭ پروتوتىپى دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى، تولستوينىڭ سىڭلىسى كوسمىنسكايانىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا تولستوينىڭ تۇلادا پۇشكىنانى بىر قېتىم كۆرگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق سەمىمىي پاراڭلاشقانلىقى ئىكەن. كوسمىنسكايا ئېنىق قىلىپ: شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئارقىسىدا پۇشكىنا «خاراكتېر ۋە بوي - تۇرقى جەھەتتىنلا ئەمەس، يەنە چىراي - قىياپەت جەھەتتىمۇ ئاننا كارېنىنانىڭ ئەندىزىسىگە ئايلانغان» دەپ كۆرسەتكەن. شىفماننىڭ ئاساسىنىڭ ئىككىنچىسى، «ئاننا كارېنىنا» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى قولىيازمىسىدىن ۋە كېيىنكى بىرنەچچە خىل قولىيازمىسىدىن قارىغاندا، تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» نى ئىجاد قىلىش ۋاقتىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنى



ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن ئىكەن. بىرىنچى باسقۇچتىكى پىكىر، تولستوينىڭ ئۆز سىڭلىسىغا يازغان خېتىدە ئېيتقىنىدەك «دىيانەتسىز چىركان ۋە شۇ ۋەجىدىن پەيدا بولغان پۈتكۈل تراگېدىيە» دىن ئىبارەت بولغان، ئەينى ۋاقىتتا رومانىنىڭ باش قەھرىمانى «ئاننا كارېنىنا» بولماي، نانا بولغان، كېيىن «ئاناستاتسىيە» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چىراي - شەكلى پۇشكىنا بىلەن زادىلا ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن تولستوي ئۇنىڭغا «پۇشكىنا» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان. بۇ تولستوينىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇ قول يازمىدا ھەمىشە تۇرمۇشتىكى ھايات كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىلىۋاتقان پېرسوناژلارغا قويۇپ قويىدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن پۇشكىنانى مەقسەتلىك ھالدا ئەندىزە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاننا كارېنىنانىڭ چىراي - شەكلىنىڭ پۇشكىنا بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئىككىنچى باسقۇچتا بولغان. شۇ ۋاقىتتا تولستوي ئەسلىدىكى پىكرىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ ياراتماقچى بولغىنى مەۋقەسىنىڭ تايىنى يوق، چىراي - شەكلىنى كۆز - قىلىدىغان ئايال بولماستىن، بەلكى بەختكە تەلپۈنىدىغان ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ساختا ئەخلاق - دىيانەت قەپىزىدىن بۆسۈپ چىقىشقا جۈرئەتلىك بىر ئايالنىڭ ئوبرازى بولغان. بۇ تېمىدا ئۇ پۇشكىنانى مودېل قىلىپ تۇرۇپ، ئاننا كارېنىنانىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ۋە چىرىك سۈپەت ئېسىلزادىلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ يېزىپ كۆرسىتىشنى بەلگىلىگەن.

شىفمان يەنە ئاننا كارېنىنانىڭ پروتوتىپى ئۈستىدە پۇشكىنادىن باشقا، يەنە ئاننا ستېپانوۋنا پىلوگوۋا توغرىسىدىمۇ توختالغان. بۇ تولستوينىڭ ئۆيىگە يېقىن قوشنا قورۇقىنىڭ خوجايىنى بىبىكوۋنىڭ ئائىلە خوجىدارى ۋە ئاشنىسى بولغان. رومانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدىكى ئاننانىڭ چىراي - شەكلى

نىڭ تەسۋىرى شۇ ئايالنىڭكىگە ئوخشىشىدىكەن. بىبىكوۋ 1872 - يىلى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان. پىلوگوۋا ئەخمەق قىلىنىپ تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ۋاگوننىڭ ئاستىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. تولستوي يۈك ۋاگونى بېسىۋەتكەن پىلوگوۋانىڭ قانغا بويالغان گەۋدىسىنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ۋە قاتتىق ئېچىنغان. شۇڭا ئۇ ئاننا كارېنىناغا پىلوگوۋانىڭ - ئىسىم فامىلىسىنى قويۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ھاياتىنى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان شەكىلدە ئاياغلاشتۇرغان.

شىفمان تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولستوينىڭ خاتىرە ئۆيىدە ساقلانغان پۇشكىنانىڭ پورترېتىنى تەكشۈرۈپ، بۇنى دەلىللىگەن. بۇ پورترېتنى مەشھۇر رۇس رەسسامى، رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ماكاروۋ (1822 — 1897) پۇشكىن توي قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە — ئۇ ئوتتۇز ياشقا تولغاندا سىزغان. بۇ پورترېت 1933 - يىلى پۇشكىنانىڭ دوستى ماكارىنكوۋنىڭ ئۆيىدىن خاتىرە ئۆيىگە يۆتكەلگەن. تولستوي ھايات ۋاقتىدا بۇ پورترېتنى ئەسلا كۆرمىگەن. پۇشكىنانىڭ ئۆزىمۇ 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تولستوي بىلەن بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن. تولستوي «ئاننا كارېنىنا» نى پۇشكىنا بىلەن كۆرۈشۈپ 13 — 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1873 - يىلى يېزىشقا كىرىشكەن. ئارىلىقتا شۇنچىۋالا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنى شۇنچە جانلىق، پورترېتتىكى قىياپەت - سىياقلىرىدىن تارتىپ ياسىنىش، زىبۇ زىننەتلىرىگىچە ئوخشاش قىلىپ تەسۋىرلەشنىڭ ئۆزى بىر تېپىشماق. بۇ تولستوينىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شىفمان ئەڭ ئاخىرىدا پۇشكىنانىڭ ھاياتى ئۈستىدە توخ-



تالغان. ئۇ 1832 - يىلى تۇغۇلغان، بەش ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1860 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇلادىكى ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال كارتونگىغا تەگكەن. كېيىن ئېرىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، ئۇلار موسكۋاغا كەلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئېرى تاسادىپ بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ، قەرەللىك چەكنى ئوغرىلىقچە ئىشلەتتى، دېگەن تۆھمەت بىلەن سوتقا چاقىرتىلىپ سوراق قىلىنغان. غەزەپلەنگەن كارتونگى سوت مەيدانىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغان (بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا زىلزىلە پەيدا قىلغان. تولستوي بۇنى ئۆزىنىڭ «تىرىك جەسەت» ناملىق درامىسىدىكى پېتر پولتاسوۋنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەلىكىگە خام ماتېرىيال قىلغان). پۇشكىنا پەرزەنت كۆرمىگەن، ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس قالدۇرمىغان. چار پادىشاھ ئالېكساندىر II ئۇنىڭغا ئېيىغا يىگىرمە رۇبلىدىن نەپىقە بەرگەن. ئۇ تۇرمۇشتا ئامالسىز قالغانلىقتىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى پانا تارتىپ، تەرەپ - تەرەپتە سەرسان بولۇپ خار - زارلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا موسكۋاغا قايتىپ، پۇشكىن كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشى بىلەنلا سوۋېت ھۆكۈمىتى لۇناچارسكىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇنىڭغا يېتەرلىك نەپىقە بەرگەن. ئۇ 1919 - يىل 7 - مارت كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە دونىدىكى جامائەت زاراتگاھلىقىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ قەبرە تېشىدا يومىلاق فارفورغا سىزىلغان پورترېت بار. ئۇ دەل ماكاروۋ ئۇنىڭغا بېغىشلاپ سىزغان ھېلىقى مەشھۇر پورترېت.

«چەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ 1978 - يىل ئىككىنچى سانىدىن: ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى)

# «تىرىلىش» نىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا

## پىچىكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئاشۇ دەۋردىكى ھەر خىل چىگىش - مۇرەككەپ ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تولستويدا «تىرىلىش» رومانىدا (1898 — 1899) بايان قىلىنغان پىكىرلەر پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلگەن. بۇ پىكىرلەر ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي تېما جەھەتتە رۇس تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل ئاساسىي مەسىلىلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن باغلىناتتى. تولستوي بۇ روماندا خەلقنى ئىنتايىن زور كۈلپەتكە سېلىۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەيىبلەش بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشۇ بەدىئىي ھاياتتىكى يۈكسەك بۇرچىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئەخلاقىي غايىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىپادىلەپ بېرىش نىيىتىدە بولغان.

تولستوي 1889-يىلى مارتتا روساكوۋغا① يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ «ئاننا كارېنىنا»غا ئوخشاش چوڭ ھەجىملىك بىر رومان يېزىپ، ئۇنىڭدا يېڭىچە، ئادەتتىكىدىن باشقىچە، كىشىلەرگە پايدىلىق، دەپ چۈشەنگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى زورۇقماي بايان قىلىش» ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى.

① توفلىر روساكوۋ خاركوۋ ئوبلاستلىق سوتنىڭ سودىيىسى، تولستوينىڭ يېقىن ئاغىنىسى.



ئومۇمەن «تىرىلىش»نى ئوقۇغان كىشى رومانىنىڭ باشلىنىشىنى ئېسىدە ساقلايدۇ، ئۇ كەسكىن تەربىيە تەلەپپۇزىدا يېزىلغان بولۇپ، كىشىنى دەرھال چوڭقۇر خىياللارغا باشلاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىكى تولستويچە قىزغىنلىق، جىددىي ھەم كلاسسىك شېئىرلاردىكىدەك ۋەزىن - تۇراق ئۇزۇن جۈملىلەرگە نەقەدەر زور مەزمۇن سىڭدۈرگەن - ھە! ئۇنىڭدا ھەم ھاياتقا بولغان خۇشاللىقنىڭ تەنتەنىلىك مەدھىيىسى، ھەم تۈمەن خىل جانلىقنى ئويغىتىدىغان يېڭىلمەس باھار گۈزەللىكىگە ئوقۇلغان مەدھىيە بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبىتى، كۈلپەت - نادامىتى توغرىسىدىمۇ ھېكايەت قىلىنغان. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايات تولىمۇ چىرايلىق بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرنى تىنچلىققا، ئىجىللىققا، قىزغىنلىققا ئۈندىلىدۇرىدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەرنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان زوراۋانلار، شەپقەتسىز خۇسۇسىي مۈلۈك خوجايىنلىرى ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، زېمىندا تىنچلىق ۋە بەختنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ چىرىك ئەخلاقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىش «تىرىلىش»نىڭ پۈتكۈل سەھىپىسىگە سىڭدۈرۈلگەن. رومانىنىڭ باشلىنىشىدا كىتابخانغا روماندىكى تېمىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ، ئۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان باش قەھرىمان بىلەن پۈتكۈل ئىجتىمائىي سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ بىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تولستوينىڭ غايەت زور ئەدەبىي مىراسلىرى ئارىسىدا بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، دىنىي ئەخلاق قائىدىسى ۋە ئىستېتىكا جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدىكى «تىرىلىش» ناملىق رومانى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭدا XIX ئەسىردىكى پۈتكۈل روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىزدىنىشى ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن، يازغۇچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ناھايىتى نۇرغۇن تېما «تىرىلىش»تە ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. بۇ روماندا تولستوينىڭ ئۇرغۇپ تاشقان قىزغىنلىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان، پاترىئارخاللىق تۈزۈمى ئاستىدىكى مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار تۇتقان ئىجتىمائىي سىياسىي مەيدانىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تولستوي مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھېلىقى دىنىي ئەخلاق لايىھىسى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنى جىمىكى يامانلىق، ۋەھشىيلىكتىن قۇتقۇزۇش ئىستىكىدە ئىپادىلىگەن ئاجىزلىقىنىمۇ ناھايىتى روشەن پاش قىلىپ قويغان.

روسىيە ئەدەبىياتىدا «تىرىلىش» تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلىنىدۇ — يەنى شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ رومانىدىنمۇ گۈزەلرەك بولغان تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەر زادىلا مەيدانغا كېلىپ باقمىدى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەندە، سوتسىيالىستىك رېئالىستىك ئەسەرلەر كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە تولستوي روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل بىر دەۋرىنىڭ تالانتلىق ئاياغلاشتۇرغۇچىسى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

«تىرىلىش»تىكى پىكىرلەر ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ رېئال سىياسىي ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى تولىمۇ تارتىدۇ. بۇ پىكىر 1887 - يىلى پەيدا بولغان. ئەينى چاغدا تەپتىش ئاناتولى فېدوروۋىچ كونى ياسنايا پوليانادا مېھمان بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشۇپ قالغان روچاللى ئوننى ئىسىملىك كىشىنىڭ تۇرمۇش تارىخىنى تولستويغا سۆزلەپ بەرگەن، بۇ كېيىن رومان ۋەقەلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتا يازغۇچى كونىنىڭ ھېكايىسىگە تولىمۇ قىزىققان ھەمدە



ئۇنىڭدىكى تېمىنى «ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا ناھايىتى زۆرۈر» دەپ ھېسابلىغان، شۇغىنىسى، ئۇ دەرھال قەلەم تەۋرەتمىگەن. بۇنىڭغا ئېھتىمال، ئىجادىيەت پىلانىنىڭ ئاستا - ئاستا پىشىپ يېتىلگۈچە بىر مەزگىل كەتكەنلىكى سەۋەب بولسا كېرەك. تولستوي ئۆزىمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن پىكىرىمنى ياخشى پىشۇرۇۋېلىپ يېزىشنى ئويلايمەن، شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىمەن، لېكىن شۇنداق قىلالمىدىم — كۆڭلۈمدە مۇنداق تەلەپ بولمىدى.»① يازغۇچى كونى سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەلىكنى ئىجادىيەتتە ئىشلەتكەن چاغدا ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئون نەچچە يىلدا قىيوق دراماتىكىلىققا ئىگە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1889 - يىلى 12 - ئايدا خاتىرىگە: «تەلىماتنى شەرھلەش ئىشى ۋە كونىنىڭ ھېكايىسىدىكى ماتېرىياللار بىلىنەر - بىلىنمەس جۇغلىنىشقا باشلىدى»② دەپ يېزىلدى، مۇشۇ دەۋردە يازغۇچى قانائەتلەنمىگەن «كونىنىڭ ھېكايىسى»نىڭ بىرىنچى قول ئورىگىنالى يېزىلدى. 1890 - يىلى 6 - ئايدا تولستوي خاتىرىسىگە: «كونىنىڭ ھېكايىسىنىڭ تاشقى شەكلى جەھەتتە ئېنىق بىر پىكىرگە كەلدىم، يېزىشنى چوقۇم سوتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن باشلاش كېرەك، قانۇننىڭ ئالدامچىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى دەرھال يېزىپ چىقىش كېرەك» دەپ يېزىپ قويغان.

شۇغىنىسى، رومانىنى يېزىش خىزمىتىدە 1890 - يىلى ھېچقانداق چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىغان. 1891 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يازغۇچى خاتىرىسىگە يەنە: «ئەگەر بىرەر

① «تولستوي ئەسەرلىرى توپلىمى» 64 - توم 162 - بەت. (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).

① ن. كوشىۋ «تولستوينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت يىلنامىسى» 415 - بەت (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).

چوڭ ھەجىمدە ترولوگىيە يازالىغان بولسام، ئۇنى شەيئىلەرگە ھازىرقى قارىتىش بويىچە شەرھلەپ بەرگەن بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى» دەپ يازغان. تولستوي بىر يۈرۈش ئەخلاق غايىسىنى سىياسىي مۇھاكىمە شەكلى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشتا چەكلىمىگە ئۇچراپ ئامالسىز قالغان. ئۇ چوڭ ھەجىملىك رومانىنىڭ بەدىئىي شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. 10 يىلدىن كېيىن يېزىلغان «تىرىلىش» دەل ئاشۇنداق روماندىن ئىبارەت. يازغۇچى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى بىر قېتىم قەلەم تەۋرىتىش بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرماقچى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىمدا ئەمدى بېشى باشلانغان ئەسەردىن رازى بولمىغان ياكى باشقا ئىشلار، مەسىلەن، ئاچارچىلىقتا قالغان خەلققە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئىزدىنىش، ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىش، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىن، ئالايلى، «خوجايىن بىلەن ئىشچى»، «ئەۋلىيا ئاتا سېرگەي»، «ھاجى مۇرات»لارنى يېزىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن يېزىش ئۈزۈلۈپ قالغان. بىز كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر قېتىم «تىرىلىش»نى يېزىشقا قايتىدىن تۇتۇنغاندا تولستوينىڭ ئىشتىياقى ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشىمىغان، بۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئىزچىل تۈردە، ئۈزۈلۈكسىز بېيىپ بارغانلىقى، راۋاج تاپقانلىقى سەۋەب بولغان.

1895 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «ھېلىلا سەيلىدە يۈرۈپ ‹تىرىلىش›نى يازالمايۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىردىنلا چۈشەندىم، باشلىنىش توغرا يېزىلماپتۇ، مەن بۇ نۇقتىنى بالىلار توغرىسىدىكى ‹كىمنىڭ توغرا› دېگەن رومان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندا بىلدىم، مەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىمكى، بۇ روماندا ئىشنى



دېھقانلار تۇرمۇشىنى يېزىشتىن باشلاش كېرەك، ئۇلار ئوبيېكت ئىجابىي تەرەپ، باشقىلار بولسا، بىر خىل سايە، سەلبىي نەرسىلەردىن ئىبارەت، ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ‹تىرىلىش› توغرىسىدىكى قائىدىنى تېپىۋالدىم، شۇنىڭدىن باشلاش كېرەك، مەن دەرھال قەلەم تەۋرەتمەكچىمەن»①. تولستوي «تىرىلىش»نىڭ بۇ قېتىمقى يېڭى نۇسخىسىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن، ئەمما بىر مەزگىل يازغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە تاشلىۋەتكەن. ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىشنىڭ قىيىنلىقىنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، يەنى ئۇ: ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئېڭىدا تەبىئىي ھالدا تۇغۇلمىغان، بەلكى ئۇنى باشقا بىر كىشى سۆزلەپ بەرگەن، «كۆرىنىنىڭ ھېكايىسى يۈرىكىمدىن پەيدا بولمىغاچقا ئۇنى يېزىش قىيىن بولىۋاتىدۇ» دەيدۇ.

1897 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تولستوي يېزىلىپ پۈتكەن بىرقانچە بابىنى قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى نېخليۇدوۋنىڭ كاتيۇشانى نىكاھىغا ئېلىش قارارىغا كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بىرنەچچە بابتىن تولىمۇ رازى بولمىغان، «ھەنىنۋاسى ساختا، توقۇپ چىقىرىلغان، ئوسال نەرسىلەر» دېگەن. بۇ ھەقتە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «ئوسال يېزىلغان نەرسىنى ئۆزگەرتمەك تولىمۇ تەس ئىكەن، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نېخليۇدوۋ بىلەن كاتيۇشانىڭ ھېسسىياتىنى ۋە تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەش كېرەك. كاتيۇشاغا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئەستايىدىل بولۇش، نېخليۇدوۋقا ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇش كېرەك. قارىغاندا مەن بۇ كىتابنى تاماملىيالمايـ

① «تولستوي ئەسەرلىرى توپلىمى» 53 - توم، 69 - بەت، (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).

دىغان ئوخشايمەن، ھەنىۋاسى تولىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى»①.

1898 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «تىرىلىش»نى يېڭى باشتىن يېزىشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇتۇنغان. ئۇنى مۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەب ئەينى ۋاقىتتا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، كاناداغا كۆچۈپ كەتكەن دىنسىزلار مۇرىتلىرىغا پۇل تەييارلاپ بېرىش بولغان. دىنسىزلار مۇرىتلىرى مەسىلىسى 1895 - يىلىلا ئوتتۇرىغا چىققان، شۇ چاغدا ئۇلار دىنىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەسكەر بولۇشنى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا شەكىلدىكى زورلۇق كۈچى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەھشىيانە قامچىلانغان ھەمدە تىفلىس ئۆلكىسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇلغان. ۋ. ئى. لېنىن بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ دىنسىزلار مۇرىتلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە ماقالىنى ئۆزى كۆرۈپ، جەنۋەدە نەشر قىلىنىدىغان «ئىشچىلار» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. (بۇ ماقالە ژۇرنالنىڭ 1896 - يىل 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان)، ماقالىدە دىنسىزلار مۇرىتلىرىغا قىلىنغان زىيانكەشلىك «قاباھەتلىك ۋەقە»، ئۇ «بىزگە ئاشۇ خىل مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە زادىلا ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قورقۇنچلۇق، ئاسىياچە مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى كۆرسىتىپ بەردى.»② دېيىلگەن. شۇڭا تولستوي بۇ رومانىنى دىنسىزلار مۇرىتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاش ۋە «مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋەھشىيلىك ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا» قارشىلىق بىلدۈرۈش شەكلىنىڭ بىرى سۈپىتىدە يېزىپ تاماملاش نىيىتىگە كەلگەن.

تولستوي بۇ قېتىم «تىرىلىش»نى كۆڭۈل قويۇپ يازدى.

① «چېرتكوۋ تەھرىرلىگەن تولستوي خاتىرىلىرى» 38 - بەت، (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).

② يۇقىرىقى كىتاب 71 - بەت (ئەسلىدىكى كىتابتىكى ئىزاھات)



كۈن بويى ۋە كېچىلىرىمۇ مۇشۇ توغرىدىكى ئىشلارنى ئويلايدۇ، ئۇ بىر پارچە خېتىدە: «مەن ئۇنىڭ خېلى قىسمىنى بار دەپ ئويلايمەن، ئۇ نۇرغۇن ئۆزگەردى» دەپ يازغان. تولستوي 1898 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پ. ئا. بولانژېغا يازغان خېتىدە: «تىرىلىش» نى يېزىۋېتىپ، سەنئەت پائالىيىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن بەخت ھېس قىلىمەن، يەنە كېلىپ بۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى زور قىممىتى بارلىقىدىن ئۆزۈمگە تەسەللى تاپماقتىمەن. شۇڭا مەن مەست ئادەمدەك ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلدىم، يەنە كېلىپ خىزمەت مېنى بېشىمدىن ئايىغىمغىچە تارتىپ كەتكەندەك، ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئىشلەۋاتىمەن» دېگەن. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تولستوي يېزىشتا قانچە ئىلگىرىلىگەنلىكىنى «كىتاب - گېزىت تەكشۈرۈش تۈزۈمىگە زىت كېلىدىغان يەرلىرىنى شۇنچە كۆپ ئۆزگەرتىۋەتكەن» لىكىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان. شۇڭا ئۇ 1898 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يازغان بىر پارچە خېتىدە «تىرىلىش» ناملىق بۇ كىتاب ئۈستىدە «توختام» تۈزۈشكەن نەشرىيات سودىگىرى ئا. ف. ماركستىن بۇ ئەسەرنى تەكشۈرۈش دائىرىلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن پىششىق تونۇشىدىغان بىرەر يازغۇچىغا تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىزمەتنى «بىنەم» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى سىميانىكوۋىسكى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ پىكىر بەرگەن نۇرغۇن بابلارغا تولستوي كېيىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«تىرىلىش» «بىنەم»نىڭ 1899 - يىل 3 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان، ئارىلىقتا قىسقا مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىل داۋاملىق ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان (1 - ساندىن 52 - سانغىچە)، تولستوي بۇ

بىر يىلدا روماننىڭ سىگنالىنى ئۈستىدىن كۆرۈش خىزمىتىنى جىددىي ئىشلىگەن. 1899 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇ خاتىرىسىگە: «يېقىنقى تۆت ئاي ئىچىدە، شۇنداقلا ھازىرمۇ ئىزچىل تۈردە ‹تىرىلىش› ئۈستىدىكى ئىجادىيەتنى تېزلەتتىم، نۇرغۇنىنى يېزىپ بولدۇم، ئۇنىڭ ئىچىدە يامان ئەمەس يەرلەرمۇ بار، شۇنداقلا يېزىش مەقسىتىمگە پۈتۈنلەي مۇخالىپ كېلىدىغان يەرلەرمۇ بار» دەپ يازغان①. 1899 - يىلىنىڭ پۈتكۈل كۈز پەسلى ۋە باش قىش مەزگىلى روماننىڭ 3 - قىسمىنى يېزىشقا سەرپ قىلىنغان. ئەڭ ئاخىردا، 1899 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۇ خاتىرىسىگە: «‹تىرىلىش›نى تاماملىدىم، ياخشى چىقمىدى، ئۇنى تەپسىلىي ئۆزگەرتمىدىم، تولىمۇ ئالدىراپ قالدىم، ئەمما ئىشقىلىپ قولدىن چىقاردىم، ئۇنىڭغا يەنە باش قاتۇرماقچى ئەمەسمەن»② دەپ يازغان.

ئىلگىرىكى زوقمەنلەرنىڭ زوقلىنىشىدىن بۇرۇن ئەخلاق جەھەتتە پۇشايمان يېيىش مۇددىئاسى ئاساس قىلىپ يېزىلغان «كورىننىڭ ھېكايىسى»نىڭ بەزى ۋەقەلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. لېكىن مۇشۇ ئۇچۇق - ئاشكارا ۋەقەلەرنىڭ جاھازىسىدىن تېپىك تولستويچە نەرسىلەر يېتىلىپ چىقتى، بۇ روماننىڭ سەھىپىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ قانداق قىلىپ تەدرىجىي شەكىللەنگەنلىكى، يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسلى پىكىرلىرىدىكى ئەخلاق قائىدىلىرىنىڭ «تار دائىرىسى»دىن قانداق ئايرىلىپ چىققان-

① «دۆلەت تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تولستوي خاتىرە ئۆيىنىڭ يىلنامىسى» موسكۋا، 1938 - يىل نەشرى، 5 - بەت (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).

② «روسىيىدىكى پىكىر ئېقىملىرى» 1913 - يىل 6 - سان، 71 - بەت (ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھات).



لىقى، ئۇ ئۆزى شەرھلىمەكچى بولغان دائىرىنى قانداق قىلىپ كېڭەيتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئەخلاق تېمىسىنىڭ رامكىسىغا شۇنچە مۇھىم بولغان ئومۇمىي خەلق تۈسىنى ئالغان سىياسىي مەسىلىلەرنى كىرگۈزگەنلىكى ئۇنىڭ پاش قىلىش ۋە ئەيىبلىشىنى شۇنچە كۈچلۈك قىلغان!

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەرجىمىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن: ھەسەن ئېلى تەرجىمىسى.)

## «ياش گۋاردىيە» رومانىنى قانداق يازدىم

### فادىيېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

كىتابخانلار — ياش ئىشچىلار ۋە ستۇدېنتلار — خەتلىرىدە ۋە يىغىلىشلاردا ھەمىشە مېنىڭ «ياش گۋاردىيە» رومانىنى قانداق يازغانلىقىم ھەققىدە سورىشىدۇ؛ ياش گۋاردىيىچىلەرنىڭ پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى قانداق توپلىغانلىقىمغا، بۇ روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، نېمىس قوشۇنلىرى ئىشغالىيىتى مەزگىلىدە كراسنودوندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چىنلىقىغا ھەممەيلەن دېگۈدەك ناھايىتى قىزىقىشماقتا.

ياش گۋاردىيىنىڭ پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بەرگەنىدى، ئۇلارغا ئىنتايىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

مەن ئاشۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن جايلارغا بارغان ئىدىم، ئۇ يەرلەردە بىرەر ئايچە تۇرۇپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم. بىرمۇنچە ياش گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتىم، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماڭا بەرگەن ماتېرىياللىرىنى تولۇقلىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە خائىن كۇلېشوۋنىڭ سوتلىنىشىغا دائىر ماتېرىياللارنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم. كۇلېشوۋ — نېمىسلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ،



نېمىسلارنىڭ ياش گۋاردىيىچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا ياردەملەشكەن خائىن. ئۇ ئاخىردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن. مەن كراسنودوندىكى نۇرغۇن پارتىزانلار ۋە يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا قالماستىن، يەنە ۋوروشىلوۋگراد ئوبلاستىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى پارتىزانلار ۋە يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كۈچۈمنىڭ بارىچە تەسەۋۋۇر قىلدىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئاساسىي دىققەت - نەزىرىمنى ياش گۋاردىيىچىلەر ئارىسىدىكى قايسى كىشىلەرگە قارىتىشىم لازىم دېگەننى بەلگىلىۋالدىم، يەنى ئاساسىي دىققەت - نەزىرىمنى مەركەزلىك ھالدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگۈچى باش شتابنىڭ بەش نەپەر ھەيئەت ئەزاسىغا قاراتتىم.

ئۇلار قۇربان بولغاندىن كېيىن «سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى» دېگەن ئالىيجاناب نامنى ئالغان، ئۇلار: ئولېگ كوشېۋوي، ئىۋان شىمنوخوۋ، ئولىيانا گرومىۋا، سېرگېي چۇلېنىن، ليۇبوۋ-شېپچوۋالار. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە شۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئەڭ يېقىن بولغان ۋولوگا ئوشمۇشىن، خۇاليابىرىس، ئاناتولى پوپوۋ قاتارلىق بىرقانچە گۋاردىيىچىلەرنىمۇ تاللىدىم. مەن ئۈچۈن بەكرەك قىيىن بولغىنى روماندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرمۇنچە پېرسوناژلارنى توقۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر توپ ياش گۋاردىيىچىلەر ئورۇندىغان مەلۇم بىر ھەقىقىي ئۇلۇغۋار نەتىجىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇ نەتىجىلەرنى يارىتىشتا ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ بىرەرى ئەستىن چىقىرىلىپ قالىدىغان بولسا، خاتىرىلەشكە تېگىشلىك قەھرىمانلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىنمىغانلىق بولاتتى.

باش قەھرىمان تەسۋىرىدە ئۇلارنىڭ پورترېتى ۋە خاراكتېرىستىكىسىنى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە، سۈرەتلىرىگە ياكى مەن تونۇشىدىغان ھايات ئادەملەرگە

ئاساسەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خېلى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردۈم.

ئولىگ كوشېۋوي، ئىۋان شمىنوخوۋ، سېرگېي چۇلېنىن، ليۇبا شېپچوۋا، ئۇليانا گىلومىۋا، خۇاليا بىررس، ۋولوگا ئوسموسىن، نولا ئالىيوچۇيانىس، ئاناتولى پوپوۋ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ پورترېتى ۋە خاراكتېرىستىكىسىنى تەسۋىرلىگەن چاغدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ئەڭ زور دەرىجىدە توغرا قىلىشقا كۈچ چىقاردىم، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەزى يەرلەردە رومانىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن چىنلىقتىن چەتنىگەن ئايرىم ئەھۋاللارمۇ بولدى، مەسىلەن، نولا ئالىيوچۇيانىس بىلەن بىۋاستە كۆرۈشمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلىشالىغىنىم يوق، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ھايات، يەنە كېلىپ لېنىنگرادتىكى توپچىلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭغا مەن بەزى يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكلەرنى بەردىم، ئەمما ئۇنىڭدا زادى ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئۆزۈممۇ ئانچە ھۆددە قىلىپ كېتەلمەيمەن. مەندە ستېپان ساخانوۋ ۋە «گۆلدۈرماما» دەپ لەقىمى بار ئاناتولى ئورلوۋنىڭ پورترېتىغا دائىر ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ قىياسىم بويىچە تەسۋىرلىدىم.

ياش گۋاردىيىنىڭ خائىنلارنى ۋە ساقچىلارنى ئېتىشى، نېمىسلار گېرمانىيىگە ھەيدەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغان ماللارنى پىترىتىۋېتىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلىرىنىڭ بىرەرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىققا كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشتىم.

قىلچە كۆپتۈرمەستىن ئېيتالايمەنكى، كراسنودوندىكى قەھرىمانلارنى ئىنتايىن زور مۇھەببىتىم بىلەن يازدىم، مۇشۇ رومان



ئۈچۈن ناھايىتى جىق يۈرەك قانلىرىمنى سەرپ قىلدىم.

«ياش گۋاردىيە»نى يېزىپ چىقىشقا كەتكەن ۋاقىت ئانچە دېگۈدەك ئۇزۇن ئەمەس، ئەگەر ماتېرىيال توپلاشقا سەرپ قىلىنغان ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىل توققۇز ئايلا ۋاقىت كەتتى.

بۇ رومانىنى ئوقۇپ چىققۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە مەن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئەڭ قىزىقارلىق قىلىپ يېزىپ چىقالىغانلىرىم سېرگېي چۇلېنىن بىلەن ليۇباشېپچوۋا ئىكەن. بۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلە شۇ يەردىكى، سېرگېي بىلەن ليۇبا «بىۋاستە ھەرىكەت قىلغۇچى» كىشىلەر. شۇڭا ليۇبا شېپچوۋا بىلەن سېرگېي چۇلېنىننى يېزىش ئولىگ كوشېۋوينى يېزىشتىن كۆپ ئاسان بولدى. ئولىگ كوشېۋوينىڭ خاراكتېرىستىكىسىدا سىرتقا تېپىپ تۇرىدىغان، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ناھايىتى ئاز. دەرۋەقە، سەنئەتكار «بىۋاستە ھەرىكەت قىلغۇچى» كىشى بىلەن زىيالىي مىجەز كىشىلەرنى مۇكەممەل قىلىپ سۈرەتلىشى لازىم. لېكىن كېيىنكىسىنى سۈرەتلەش قىيىنراق. بۇ جەھەتتە ئۇلۇغۋار سەنئەتكارلاردىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرگېنېۋنىڭ «ئاتىلار ۋە باللار» دىكى بازاروۋنى ياكى تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى بىئىل بىشخوۋ بىلەن ئاندرېي پولكانسكىنى ئېسىڭلارغا ئېلىپ كۆرەرسىلەر.

ئەگەر كىتابخانلار ليۇباشېپچوۋا بىلەن سېرگېي چۇلېنىن، كوشېۋوي سىمنوخوۋ بىلەن گىلومىۋاغا قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاسان چىقىپ كەتمەيدۇ دېسە، بۇنى مېنىڭ بۇ رومانىمنىڭ كەمچىلىكى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ساۋاقداشلار، ئەڭ ئاخىرىدا سىلەرنىڭ تەنقىد بەرگەنلىكىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، بۇنداق تەنقىد يازغۇچى ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. سېنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت-

لىك چىققان ئەسەردىكى كىشىلەر ھامان ماختايدۇ. لېكىن بىر يازغۇچى ئىبادەتخانىدا يېتىۋالماي ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىسا، ئۇ ھالدا، ئۇ كىتابخانلارنىڭ تېز كۆڭۈللۈك بىلەن، سەممىي ئېيتقان سادىسىغا قۇلاق سېلىشى لازىم. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار بىز يازغۇچىلار ئۈچۈن ئەبەدىل - ئەبەت ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا بۇ پىكىرلەر ئۈچۈن ستۇدېنت يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىن: ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى)



## ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىم ئۈستىدە يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت①

**فادېيېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)**

يولداشلار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نەشرىياتى مېنىڭ سىلەر — كۈن سايىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىشچى يازغۇچىلار — بىلەن ئەدەبىي تەجرىبىلىرىم ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشىمنى ھاۋالە قىلغانىدى. سىلەرگە ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇم زۆرۈركى، مېنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى خىزمەت تەجرىبىلىرىم كۆپ ئەمەس. مەن يېزىقچىلىقنى 1921 - يىلى باشلىغان ئىدىم. ئەسەرلىرىم 1923 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىندى. تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئەسىرىم («يامراش» 1922 — 1923) ئىنتايىن چولتا ئەسەر ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ئاساسىي تەجرىبەم — ئۇنى ئىنكار قىلىش. بۇ ئەسەرنى قانداق يازغانلىقىم ئۈستىدە سۆز ئېچىش — ئەدەبىي ئەسەرنى ئۇنداق يازماسلىق لازىم دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

① بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1932 - يىلى موسكۋا زاموسكۋورېتسكى رايونلۇق ئەدەبىي يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى يىغىنىدا قىلغان دوكلاتى.

پوۋېست «ئىسيان»① رومان «تارمار» ۋە «ئاخىرقى ئەۋلاد ئۇ دىگەيلەر» (بۇ روماننى تېخى يېزىپ بولالمىدىم) ② بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان. لېكىن ئۇلارنىمۇ مۇكەممەللىشىش دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق دەپ ئېيتماي تۇرالمايمەن.

شۇنىسى سىلەرگە ئايانكى، ھەر قانداق سەنئەت خىزمىتى رېئال ماتېرىياللار ۋە ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاپتورنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ كۆرگەن ئىشلىرى، ئۆزى بېجىرگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرگەن، ھېس قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا يازغان كىتاب ۋە ھېكايىلىرىدىن ئوقۇغان ھەممە نەرسىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى ھېس قىلغان، كۆرگەن ياكى بىۋاسىتە ئۇچراشقان ئىشلىرى سەنئەت خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر مەسىلە تۇغۇلىدۇ: ئۇنداق بولسا ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەن ئىشلار — نۇرغۇن يىللاردىن بۇرۇنقى ياكى بىرنەچچە يۈز يىلدىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ۋەقەلەر ۋە پاكىتلار ھەققىدىكى تارىخىي ئەسەرلەر قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ تارىخىي ماتېرىياللارنى، تارىخىي ئىش - ئىزلارنى يېزىشتا، ئاپتور ھەممىدىن بۇرۇن تارىخىي ئارخىپلاردىكى ماتېرىياللار ۋە خەت - چەكلەرگە ئاساسەن باش قەھرىماننىڭ دەۋرى بىلەن تۇرمۇشىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، ئاندىن قالسا، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق باش قەھرىماننىڭ ھەرىكىتى ۋە ھەرىكەت مۇددىئاسىنى چۈشىنەلەيدۇ. خەت - چەكلەردىن، ئار-

---

① «ئىسيان» كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن تۈزىتىلىپ «ئاممۇگۇن ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان.

② بۇ رومان «ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇ دىگەي» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان.



خىپلاردىن ئېلىنغان ئۆتمۈشتىكى ئىشلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تولۇقلىنىپ، ئۆتمۈشتىكى ئوبرازلار سەنئەتكارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا جانلىنىپ بارىدۇ؛ كېيىنكى كىشىلەر ئارىسىدىنمۇ بىز يەنە شۇنداق ئادەملەرنى تاپالايمىزكى، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا ئىككىنچى مەسىلە تۇغۇلىدۇ، ئۇنداق بولسا، سەنئەتكارلارنىڭ خىيالى، ئوتوپىيىلىك ئەسەرلىرى قانداق يېزىلىدۇ؟ تېخى مەۋجۇت بولمىغان ئىشلار قانداق يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كېلەچەك قانداق يېزىلىدۇ؟ كېلەچەكتە قايسى ئىشنىڭ بولىدىغانلىقى، قايسى ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقى قانداق يېزىلىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق ئەھۋالدىكى سەنئەتكارلار ئىشنى جانلىق رېئاللىقنى كۆزىتىشتىن باشلاپ، كېلەچەكنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئامىللىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ، كۆچەيتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (بەزىدە بۇرمىلاپ)، ئاندىن ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

مەن ئىجادىيەت جەريانىدا ئاساسەن جانلىق رېئال تەجرىبىلەرگە، ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەجرىبىلىرىگە تايىنىدىغان ئاپتورلار قاتارىغا كىرىمەن.

مېنىڭچە، ھەر قانداق بىر سەنئەت خىزمىتىنىڭ جەريانىنى قىياسەن ھالدا مۇنداق ئۈچ مەزگىلگە ئايرىشقا بولىدۇ: 1) خام ماتېرىيال توپلاش مەزگىلى، 2) پىكىر يۈرگۈزۈش ياكى ئەسەرنى «پىشۇرۇش» مەزگىلى، 3) يېزىش مەزگىلى.

بىرىنچى مەزگىلنى «دەسلەپكى بەدىئىي ماتېرىياللارنى توپلاش» مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يازغۇچى رېئال خام ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى ئاڭلىق تۇردە، بىر قىسمىنى ئاڭسىز تۇردە توپلايدۇ، بۇلاردىن نېمىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆپىنچە ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. دەسلەپتە

ئەسىرنىڭ ئىدىيىسى، ئاساسىي تېمىسى، ۋەقەلىكلىرى ئۇنىڭغا تولۇق بېرىلىدۇ. «تارمار» ۋە «ئاخىرقى ئەۋلاد ئۇ دىگەيلەر» دېگەن ئەسىرىم ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خام ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېزىلغان. ئۆزۈم ئىچكى ئۇرۇشنىڭ سىناقلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىزانلىق كۈرەشلىرىنىڭ سىناقلىرىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىر يازغۇچى بولۇپ قېلىشىم خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن. لېكىن، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ۋە بېشىمدىن كەچۈرگەن ھەممە ئىشلارنىڭ تەسىرى مېنىڭ ئېسىمدە قالغانىدى. روشەنكى، مەن قاتناشقان بىر قېتىملىق كۈرەش جەريانىدىكى بىر ئىش مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان بولۇپ، شۇ قېتىملىق كۈرەشنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى مېنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىمنى قوزغىغانىدى. كېيىنچە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئۆزۈممۇ بىلمەي تاشلىۋەتتىم ۋە ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەگەر شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىر يازغۇچى بولۇپ قېلىشىمنى خىيالىمغا كەلتۈرگەن بولسام، بەلكى مېڭەمنىڭ ئوبدان ۋاقتىدا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى خاتىرىلىۋالغان بولاتتىم. خاتىرىلىۋالغان بارلىق نەرسىلىرىمدىن قانداق پايدىلىنىشنى دەسلەپتە بىلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.

روشەنكى، «دەسلەپكى بەدىئىي ماتېرىياللارنى توپلاش»، يەنى رېئال ئوبراز تۇغرىسىدىكى دەسلەپكى ماتېرىياللارنى توپلاش مەزگىلىدە سەنئەتكارنىڭ مېڭىسىدە ساقلىنىدىغىنىمۇ (مۇئەييەن ئىجتىمائىي قاتلام ياكى سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىكى) ئۇنىڭ ئېڭى ۋە روھىي ھالىتىگە ئاشۇنداق ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان رېئاللىقتا بولغان تەسىردىن ئىبارەت بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا سەنئەتكار ھەتتا ئىجادىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىمۇ جەمئىيەت شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم ئىجتىمائىي قاتلام ياكى



سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشى (كۆپىنچە ئېنىق بولمىغان دۇنيا قاراش) بولىدۇ. ھەر بىر رېئال ئىشنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۇنى ھەيران قالدۇرۇشى، ئۇنى قىزىقتۇرۇشى ۋە ھاياجانغا سېلىشى ناتايىن. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغىنى شۇكى، ماتېرىياللارنى تاللاش ۋاقتىدا شەخسنىڭ ئەخلاقى، يەنى يازغۇچىنىڭ قابىلىيىتى، تەربىيىلىنىشى، زېھنىي قۇۋۋىتى، تەرەققىيات يۆنىلىشى، مىجەزى، ئىرادىسى، شۇنىڭدەك باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ.

چۈشەندۈرۈش ئەڭ قىيىن بولغان دەسلەپكى بەدىئىي ماتېرىياللارنى توپلاش مەزگىلىدە سەنئەتكارنىڭ ئېڭىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار رەتكە سېلىنمىغان بولۇپ، تېخىمۇ قالايمىقان بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئېڭىدىكى نەرسە — پەقەت رېئال خام ماتېرىياللار، يەنى سەنئەتكارنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان شەخسنىڭ چىرايى، خۇسۇسىيىتى، ۋەقەلەر، ئايرىم ئەھۋاللار، تەبىئەت مەنزىرىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇكەممەل، تولۇق بەدىئىي ئوبراز تېخى بارلىققا كەلمىگەن بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە سەنئەتكار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى ۋە مۇھاكىمە قىلىشىدىن قانداق نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى ئۆزى تېخى ئېنىق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. پىششىق ماتېرىيالنىڭ قانداق قىلىپ بۇ بىر دۆۋە خام ماتېرىياللاردىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىلغىنىدىغانلىقىنى، باش تېما ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاددىي خەرىتىسىنىڭ قانداق سىزىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن. بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭ بىلىدىغىنىم، توپلانغان ھەممە ماتېرىياللار مۇئەييەن ۋاقىتتا بەزى باش تېما ۋە ئوقۇملار بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ باش تېما، ئوقۇملار پىكىر قىلىشىۋاتقان، كۈرەش قىلىشىۋاتقان، مۇھەببەتمۇ، خۇشلۇقمۇ - خاپىلىقمۇ بولغان ھەر قانداق بىر

جانلىق سەنئەتكارنىڭ ئېڭىدا ئەسلىدە بار بولغان بولىدۇ. گەرچە ئۇلار ۋايىغا يەتكەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ پارچە - پۇرات رېئال ئوبرازلار بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇ چاغدا ئەسەرنىڭ بەزى بۆلەكلىرى، باب ۋە پاراگراپلىرى، تېزىسى قاتارلىق مۇھىم يول بەلگىلىرى سەنئەتكارنىڭ ئېڭىدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇ چاغدا سىز، ئەسەرنىڭ ئېڭىڭىزدا بارغانسېرى مۇقىملاشقان باش تېمىنى ئىمكان قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىنتايىن جىددىي بولغان ئاڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە باشلايسىز. ئاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن تەسىر ۋە ئوبرازلار ئىچىدىن بەزى ئېھتىياجلىقلىرىنى ئېلىپ، ئارتۇقلىرىنى تاشلىۋېتىش ئارقىلىق ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاللاپ چىقىپ، پاكىت ۋە تەسىرلەرنى بىر يۆنىلىشكە قاراپ يىغىپ بارىسىز. شۇنداق قىلىپ ئەسەرنى يېزىشنىڭ ئىككىنچى مەزگىلى ئورۇندىلىنىدۇ.

«تارمار»نىڭ باش تېمىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشۈم ئۇنى يېزىشقا كىرىشىشىمدىن خېلى بۇرۇن باشلانغان. بۇ باش تېمىنىڭ تېزىسى مېنىڭ ئېڭىمدا 1921 - يىلدىن 1922 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بارلىققا كەلگەن. لېكىن، مەن 1925 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن «تارمار»نى يېزىشقا باشلىدىم. «تارمار» ۋە «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودېگەيلەر» دېگەن بۇ ئىككى روماننىڭ باش تېمىسى شۇ مەزگىلدە (1921 - يىلدىن 1923 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا) مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئىنتايىن كۈچلۈك گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنى بىر پارچە رومان قىلىپ يېزىشنى ئويلىغان، ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئەسەر بولۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ماتېرىياللارنى تاللاش مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئەسەر بولۇ-



دىغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا، مەقسەتلىك ھالدا ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ ئىشلەپ ھەربىر ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ۋە ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە، بەدىئىي جەھەتتە ئۇلارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشقا كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشتىم.

مەن «تارمار» ۋە «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودېگەيلەر» دېگەن ئىككى روماننىڭ باش تېمىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئىجادىيەتنىڭ ئىككىنچى مەزگىلىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. ئۇ چاغدا باش تېمىنىڭ ئۆزى، ھەتتا ئۇنىڭ ئايرىم ۋەقەلىكلىرىنىڭ يىپ ئۇچىمۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا كونكرېت شەكىللىنىپ بولغانىدى. مەن ئۇلارنى قانداق بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەشنى مەقسەتلىك مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغانىدىم.

بۇ مەزگىلدە سىز ۋەقەلىك ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرىسىز. يەنى قانداق ئۇسۇل، قايسى ۋەقەلەر، بۇ ۋەقەلەرنى قانداق گىرەلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئاساسى بولغان ئاشۇ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىسىز.

دېمىسىمۇ بىر سەنئەتكار يېزىقچىلىقنىڭ ئۈچىنچى مەزگىلىگە ئاتلانغاندا ۋە يېزىشنى باشلىغان چاغدا، ئۇنىڭ بۇرۇن ئويلىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى قېپقالىدۇ، بىرمۇنچىسى يېزىش جەريانىدا تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى پىلانىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولىدۇ. لېكىن، ئەسەرنىڭ چوڭقۇر ئانالىز قىلىنغان ئاساسىي غولى ھامان دېگۈدەك ساقلىنىپ قالىدۇ. يازغۇچىنىڭ رامكىسىدىكى ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان ئاتالغۇ — «ئەسەرنى پىشۇرۇش» دېگىنىمىز مانا شۇ. ئەدەبىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ باش تېمىسى تامامەن ئېنىق

بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى بىلەن ۋەقەلىكلىرى خېلى روشەنلەشكەندە، ئاندىن قەلەم تەۋرىتىش كېرەك، دەيدۇ. ئەگەر ئەسەر «پىشۇرۇش» جەريانىدىن ئۆتسە ۋە چوڭقۇر ئانالىز قىلىنسا، يېزىش جەريانىدا ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ بولمايدۇ. تولۇق «پىشۇرۇش» جەريانىدىن ئۆتمىگەن ئەسەر مۇقەررەر ھالدا بوش بولىدۇ، بۇنداق ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ دېگەندەك بىلىپ كېتەلمىگەچكە كىتابخانلارمۇ كۆپىنچە بىلەلمەي قالىدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم مۇكەممەل بولماي، ناھايىتى ناچار يېزىلىپ قالدى. بۇ ئەسەرنى يېزىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان تەجرىبەم — ئىنكار قىلىش. يەنى، كىتابنى ئۇنداق يازماسلىق كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

مېنىڭ تۇنجى پوۋېستىم «يامراش» تا 1917 - يىلى يۈز بەرگەن جەنۇبىي ئۇسسۇرى چېگرا رايونىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدىن بۇرۇنقى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىشى لازىم ئىدى. لېكىن، پوۋېستنىڭ باش تېمىسى ئۆزۈمگە ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، ئۇ چاغدا مەن چوڭقۇر ئانالىز قىلىنغان ئىدىيىنى ئەسەرنىڭ ئاساسى قىلىش لازىملىقىنى بىلەلمىگەنىدىم. مەن سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى — ئۇنداق ياكى مۇنداق رېئال ماتېرىياللارنى قوراشتۇرۇپ، ئۇنى بىر يەرگە يىغىش دەپ قارىدىم. نەتىجىدە ھېكايىنىڭ ماتېرىياللىرى ئەپلەپ - سەپلەپ قوراشتۇرۇلۇپ، يەنىلا چۈشىنىكسىز بولۇپ، ھەر خىل تەسىر ۋە ئانالىزلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارنى قايتا ئىزھار قىلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھېكايىدىكى تۇتۇق ئىدىيىلەر ئاشكارىلانغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ئارتۇق، مەنىسىز ۋە يۈزەكى نەرسىلەر ساقلىنىپ قالدى. بۇ بىر كېلىشمەسلىك.



بۇ پوۋېستنىڭ باشقا كەمچىلىكلىرىمۇ بار. ئۇ چاغدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنى ئوقۇدۇم. لېكىن مەن ياخشى - يامانىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتىم. ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتتىم. مەن نۇسخا قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ يامان ئەسەرلەرنىڭ بولۇشىنى نەدىن بىلەي!

ئاشۇ ئەدەبىي تەرەققىيات مەزگىلىدە (1922 - يىلدىن 1923 - يىلغىچە) ئاتالمىش «كېسىك نەسرىي شەكىل» تولىمۇ مودا بولۇپ كەتكەنىدى. بىرمۇنچە يازغۇچىلار ئەسەرنى «ئۈچ - تۆت خەت بىر جۈملە قىلىنىدىغان قىسقا جۈملىلەر بىلەن يازغاندا، ئەسەر جانلىق ۋە كۈچلۈك بولىدۇ» دېيىشتى. لېكىن جانلىق ۋە كۈچلۈك بولۇشنى شەكىلۋازلىققا ئايلاندۇرىدىغان بۇنداق چۈشەنچە ياسالما سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، كىتابخانلارنى جۈملە بەلگىسى ئارىلىقىدا پۇتلىشىپ يىقىلىدىغان قىلىپ قويىدى. بۇنداق تەبىئىي بولمىغان سۆز قۇرۇلمىلىرىدىن يېزىقنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئېرىشكىلى بولمايتتى.

مەن شۇ چاغدىكى ئەدەبىي خىزمىتىمدە «كېسىك نەسرىي شەكىل»نى قوللىنىپ يېزىشنى مەلۇم دەرىجىدە زۆرۈر دەپ قارىدىم. ئۇ چاغدا (ھازىرمۇ) بىرمۇنچە يۈزەكى، ئوبدان ئىش قوشۇلمىغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدىم. مەن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزۈم يازغان نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈمچە يامان ئەمەس يازدىم دەپ قاراپ، كۆرەڭلەپ كەتتىم. ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرەلمىگەنىدىم. «يامراش» — ئەستايىدىل يېزىلمىغان ئەسەر. ئۇنىڭدا گەرچە تەبىئەتنى، ئايرىم شەخس ۋە ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەيدىغان بىرنەچچە بەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ھېسابلانسىمۇ، پۈتكۈل ئەسەر قۇرۇلمىسى بوش، مەنىسى تۇتۇق، تىلى ناچار ئەسەر.

ئۇ چاغدا «تەسەۋۋۇرچىلار»نىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى. تەسەۋۋۇرچىلار ئۆزگىچە ئوخشىتىشلارنى كەشپ قىلىش، غەلىتە سۈپەت ئىبارىلىرى ۋە ئىستىئارىلەرنى قوللىنىش يەنىلا سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن مەنمۇ بىرخىل «تەبىئەتتىن تاشقىرى» نەرسىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە ئويلاپ چىقاردىم. شۇڭا مېنىڭ تۇنجى پوۋېستىمدا بىرمۇنچە ساپ بولمىغان، تەبىئىي بولمىغان ئوبرازلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنى ھازىر ئويلىسام خىجىل بولىمەن.

مېنىڭ ئىككىنچى رومانىم «ئىسيان» دىمۇ بۇنداق كەمچىلىكلەر خېلى كۆپ بولدى. لېكىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئازايدى. بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئانچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، تىلدا ئېغىر كەمچىلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئېنىق، ھېكايىنىڭ بەدىئىي قايىل قىلىش كۈچىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى.

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئەسىرىمدىكى كەمچىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يېزىقچىلىق ھاياتىمدا خېلى ئۇزاق (ئىككى يىلغا يېقىن) تۇرغۇنلۇق مەزگىلى بولدى. بۇ مەزگىلدە مەن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى يازدىم. «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر» رومانىنى يېزىشنى باشلىدىم. «تارمار»نىڭ ئايرىم باب ۋە پاراگرافلىرىنى يازدىم. دۇنياغا كەلمىگەن بىر پوۋېستنى يېزىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى، ئانالىز قىلىش ۋە ئىشلەش نەتىجىسىدە «تارمار» رومانىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەن 1925 - يىلى بۇ رومانىنى سىستېمىلىق يېزىشقا باشلىدىم.



«تارمار» رومانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قانداق بولدى؟ بۇ ئىدىيىنى مۇنداق بەلگىلەشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، يەنى ئاساسىي ئىدىيە مۇنداق: ئىچكى ئۇرۇشتا ئادەملەر تاللانماقتا. دۈشمەن كۈچلەر ئىنقىلاب تەرىپىدىن تازىلانماقتا، ھەقىقىي ئىنقىلابىي كۆرەش بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغان بارلىق كىشىلەر، ئىنقىلابىي لاگېرغا تاسادىپىي كېلىپ قالغانلار شاللاپ چىقىرىلماقتا. ھەقىقىي ئىنقىلاب تەكتىدىن، مىليونلىغان خەلق ئاممىسى ئىچىدىن دەس تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۆرەشتە تاۋلانماقتا، ئۈزلۈكسىز زورايماقتا ۋە راۋاجلانماقتا. ئادەملەر غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلمەكتە.

ئادەملەرنىڭ مۇنداق ئۆزگەرتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىدىكى، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ۋەكىلى — كومپارتىيە ئەزالىرى ھەرىكەتنىڭ نىشانىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئارقىدا قالغان ئادەملەرنى يېتەكلەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى.

بۇ رومانىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى مۇشۇنداق بەلگىلەشكە بولىدۇ.

لېكىن بۇ روماندا يەنە باشقا بىرنەچچە قوشۇمچە ئاساسىي تېمىلارمۇ بار. پارتىزانلىقنى تەسۋىرلەيدىغان بەزى رومانلاردا پارتىزانلىق ساپ ستىخىيىلىك ھەرىكەت، شەھەر ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىنتايىن ئاجىز تەسىرى بىلەن قانات يايغان مۇستەقىل دېھقانلار ھەرىكىتى قىلىپ تەسۋىرلەندى. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ پارتىزانلىق كۆرىشى تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىدە ئىنتايىن زور ستىخىيىلىك ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ھەل قىلغۇچى رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ئىشچى بولشېۋىكلار دەپ قارىدىم. باشقىلارنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى يېزىش ئۇسۇلىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن

«تارمار»دا بۇنداق كۆز قاراشنى تەكىتلىشىمگە توغرا كەلدى. مۇشۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشنى قوشۇمچە ئاساسىي تېمىلارنىڭ بىرى دەپ قارىدىم.

مەن بۇ روماندا يەنە مۇنداق بىر كۆز قاراشنىمۇ ئىزاھلىغاچ ئۆتتۈم: ئابستراكت، «پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خاس»، ئەبەدىي ئەخلاق مەۋجۇت ئەمەس. لېنىن ھەربىر ئاڭلىق ئىشچى، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە كومسومولدىن ئەخلاقنى شۇنداق چۈشىنىشنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، بارلىق ھەرىكەتتە ئىنقىلاب مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش — ئەخلاقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن «تارمار»دا ئىككى ئوبراز — مېرۇشكا بىلەن مېيدىك بارلىققا كەلدى. مېرۇشكا بۇرۇن ئىنتايىن مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئىنقىلابتىن بۇرۇن تۇرمۇشنىڭ ئىنتايىن قاتتىق سىنىقىدىن ئۆتكەن ئادەم. ئۇ ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئاغزى بىزەپ، ئاياللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ، يالغانچى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىدىكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ چوڭ كەمچىلىكى بولۇپ، ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

لېكىن ئۇ كۆرەشنىڭ قىيىن، ھەل قىلغۇچ پەيتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىپ، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشكە قاتنىشىش جەريانى — لەنىتى ئۆتمۈشنىڭ بوغچىسىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئىنقىلابىي جەڭچىگە خاس يېڭى خىسلەتكە ئىگە بولۇش جەريانىدۇر. ئۇ بۇنداق ئىنسانىي غۇرۇرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ پۈتۈن



سەپىرىنى بېسىپ بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، چۈنكى ئۇ خېلى بۇرۇنلا قۇربان بولغانىدى.

بۇ رومانىدىكى يەنە بىر قەھرىمان مېدىككە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى «ئەخلاقلىق» ھېسابلىنىدۇ، ئۇ «ساداقەتمەن»، «پاھىشىۋازلىق قىلمايدۇ»، «ئوغرىلىق قىلمايدۇ»، «ئادەم تىللىمايدۇ»، لېكىن بۇلار ئۇنىڭدىكى يۈزەكى خىسلەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى شەخسىيەتچىلىكنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە بولغان ساداقەتسىزلىكنى ۋە ئۇنىڭ تولىمۇ رەزىل نەپسانىيەتچىلىكنى يېپىپ تۇرىدۇ. ئىنقىلابنىڭ سىنىقى ئارقىلىق مېرۇشكىدىن ئىبارەت بۇ تىپىك شەخسنىڭ مېدىككە قارىغاندا تېخىمۇ ئالىيجاناب ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىرادىسى بىر قەدەر ئالىيجاناب بولۇپ، بۇ ئىرادە ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئالىيجاناب ئىنسانىي غۇرۇرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلىگەن.

بۇلار مەن «تارمار» رومانىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيە. بۇ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەن قايسى خىل تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىشىم كېرەك؟ ماڭا ياردەمدە بولغىنى ئاسەن ئۆزۈمنىڭ بولشېۋىكلارنى، ئىشچىلارنى كۆزىتىشىم، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى زىيالىيلارنى كۆزىتىشىم بولدى.

شۇنداق قىلىپ مەن «تارمار»دا كۈچۈمنىڭ بارىچە شۇنداق ئوبرازلارنى يارىتىشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ ھەر بىرى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مەلۇم بىر جانلىق ئادەمنى تەقلىد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىلىك ئوبرازنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىنىمۇ نامايان قىلىشى كېرەك.

مەن بۇنى قىسمەن ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇ ئەسەر ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدىكى بىر ئابزاس قىستۇرما سۆزنى بايان قىلىدىغان ئادەتتىكى ھېكايىگە قارىغاندا، تېخىمۇ كەڭ ئەھمىيەتكە

ئىگە. «تارمار»نىڭ باش قەھرىمانلىرىنى باشقا شارائىتقا — مەسىلەن، «تىنچلىق» قۇرۇلۇش شارائىتىغا قويسىمۇ بولىدۇ.

«تارمار» رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىر قوشۇننىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ھېكايە ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. يەنى، ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ بۇ قوشۇنغا قانداق قوغلاپ ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئاقلار ئارمىيىسىگە قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى، ئۇ قوشۇننىڭ قانداق يېمىرىلگەنلىكى، ۋە ئېزىلگەنلىكى ئاخىرىدا ئۇ قانداق قىلىپ ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى، نۇرغۇن جەڭچىلەر قۇربان بولغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى جەڭنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. رومانىدىكى بارلىق ۋەقەلەر ۋە باش قەھرىمانلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرى ئانچە ئۇزاق بولمىغان بۆلەك بىر ۋاقىتتا كېڭەيتىپ ئىزھار قىلىنىدۇ. سىلەر «تارمار» دا قوشۇندىكى ھەر خىل توقۇنۇشلارنىڭ تەدرىجىي، سىيلىق بايان قىلىنغانلىقىنى، بۇ توقۇنۇشلارنىڭ قوشۇن يېمىرىلىشكە باشلىغاندا يۈز بەرگەنلىكىنى، بۇ توقۇنۇشنىڭ قوشۇن ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىلەر. بۇ قىسقىغىنا مەزگىلدە بىر قىسىم ئىنقىلابچىلار ۋە يەنە بىر قىسىم ئىنقىلاب بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ياكى ئىنقىلاب قىلىشقا ناباب كىشىلەرنىڭ ئاساسىي خىسلەتلىرى تەدرىجىي ئاشكارىلىنىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ. باكرانوۋ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس روھى بولغاچقا، قوشۇن يېمىرىلگەن بولسىمۇ كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە يەنىلا ئىنقىلاب — كۈچ دېمەكتۇر دېگەن ئاڭ ۋە تۇيغۇ قېلىۋېرىدۇ.

بۇ رومانىنى ئىككى يىلدا يېزىپ پۈتتۈردۇم. رومانىنى يېزىش جەريانىدا مەن قايسى ئاساسىي پرىنسىپلارنى قىبلىنامە قىل



دىم؟ ئالدى بىلەن تۇنجى ئەسىرىم «يامراش»تىكىدەك ھەشەمەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى ياساپ چىقماستىن، ئاددىي يېزىشقا، ئىدىيىنى ئەڭ چۈشىنىشلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەشكە كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشتىم. مەن بارلىق ئىشىمنى بىرلا ۋەزىپىگە، يەنى تېخىمۇ ئېنىق، كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يېزىش ھەمدە ئۆزۈم كۆرگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە بويسۇندۇردۇم. ئالدىنقى بىرنەچچە باپتا بۇرۇنقى يېزىش تەجرىبىلىرىم ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ قالدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى قارىماققا گۈزەل كۆرۈنىدىغان تىللارنى كەمسۇندۇرۇشنى تېخى ئۆگەنمىگەنىدىم. يېزىش جەريانىدا ئۇنىڭدىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇم. ئۆزىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ھەممە نەرسىنى، ئېڭىڭىزدىكى ياكى مېڭىڭىزدىكى ھەممە نەرسىنى توغرا بايان قىلىش ئۈچۈن تىلنى كۆپلەپ مۇھاكىمە قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. رۇس تىلى — ئىنتايىن مول تىل. ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. ھاياجانلانغان سەنئەتكارنىڭ ئىدىيىسىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىنچىكە دەرىجىدە ئىپادىلىيەلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ ئانچە ئاددىي ئىش ئەمەس. بۇنداق ماھىرلىقنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ رومانغا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ئايرىم بىرنەچچە بابلىرىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتىم. بىرنەچچە بابىنى ئۆزگەرتىپ يېزىشىم 20 قېتىمدىن ئاشىدۇ. (مەسىلەن، «يول» ۋە «يۈكسەك مەسئۇلىيەت» دېگەن ئىككى بابىنى شۇنداق ئۆزگەرتتىم). بۇ روماندا تۆت - بەش قېتىمدىن كەم ئۆزگەرتىلگەن بىرمۇ باب يوق.

سىلەرگە مەلۇمكى، ئوبزورچىلار «تارمار»دا ئاتاقلىق رۇس

يازغۇچىسى ل. تولستوينىڭ تەسىرى گەۋدىلەنگەن دەپ كۆرسەتتى. بۇ سۆزنىڭ بىر قىسمى توغرا، بىر قىسمى توغرا ئەمەس. بىر قىسمىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى بۇ ئەسەردە تولستوينىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئىزىمۇ يوق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تولستوينىڭ بەدىئىي ئوبرازىنىڭ جانلىقلىقى ۋە چىنلىقى، ئۇ تەسۋىرلىگەن شەيئىنىڭ غايەت زور كونكرېتلىقى ۋە ئەينەنلىكى، شۇنىڭدەك ئاجايىپ ساددىلىقى ھامان مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەن «تارمار»نى يېزىشتا ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىدا جۈملىنىڭ رىتىمى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە تولستوي تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلدىم.

بۇ ئەھۋال مېنى ئالاھىدە ئەنسىزلەندۈرگىنى يوق، چۈنكى يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن باشلىغان ھەر قانداق بىر سەنئەتكار ھامان بۇرۇنقى تەجرىبىلەرگە تايىنىدۇ.

دەرۋەقە، بىر سەنئەتكار باشقا يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە شەكىل سەنئىتىنى تەنقىدسىز ھالدا ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە قەدەر ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى تەقلىدچى، يەنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئۇستازىنى دورايدىغان، ھېچقانداق يېڭى نەرسە ئىجاد قىلالمايدىغان ئادەم دەپ ئاتايمىز. ئەگەر بىر سەنئەتكار يېڭى رېئال ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويالىسا، بەزى يېڭى ئىدىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرسا، مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىر قەدەر تەجرىبىلىك بىر ئۇستازنىڭ ئۇنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى تارتىۋالالمايدۇ. ئەكسىچە بۇنداق مۇستەقىللىق سەنئەتكارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا تەدرىجىي ئايدىڭلىشىپ بارىدۇ. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغىنى شۇكى، كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىمەن دەيدىغان



ئارىمىزدىكى ھەربىر كىشى ئۇلارنىڭ مىراسلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىنى، ئۇسۇللىرىنى تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىشى لازىم.

مەن «تارمار»نى يېزىۋاتقاندا، دەسلەپتە مۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدىم: بۇرۇن ئويلاپ قويغان نەرسىلىرىمنىڭ بىرمۇنچىسىنى شۇنچە قىلىپمۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزەلمىدىم. مەن مۇنداق ئىشقىمۇ دۇچ كەلدىم: يېزىش جەريانىدا ئۆزۈم بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى ئەھۋاللارنى سەزدىم. مەسىلەن ئالايلۇق، مەن دەسلەپتە مېدىكنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى لازىم دەپ پىكىر يۈرگۈزگەنىدىم. بىراق مەن بۇ ئوبرازنى يېزىشقا باشلىغاندا تەدرىجىي ئىشەندىمكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىقى كېرەك.

ئاپتور ئەڭ دەسلەپتە باش قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكىتى، پسىخولوگىيىسى، تاشقى كۆرۈنۈشى، پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنى سۈرەتلەپ بولغاندىن كېيىن ئوبرازنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلگەندەك، ھېكايىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ باش قەھرىمان ياكى ئۇ باش قەھرىمان ئاپتور باشتا يۈرگۈزگەن پىكىرنى تۈزىتىشكە باشلايدۇ، بىر مىسال كەلتۈرەي: مېدىك ئورمانلىقتىكى دوختۇرخانىدا ياتىدۇ، بۇ بىر خىل ئەھۋال؛ ئۇ ساقىيىپ قىسمىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەنە بىر خىل ئەھۋال. مەن ئۇنىڭ يېڭى ئەھۋالدا قانداق ئادەم بولۇشىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە تەسەۋۋۇر قىلدىم. نەتىجىدە ئەسەردىكى باش قەھرىمان سەنئەتكار تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلسە، باش قەھرىماننىڭ ئۆزى سەنئەتكارنى ئالغا يېتەكلەيدىغانلىقى ئايان بولدى.

پۈتكۈل روماندا مېدىكنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى ھەرىكەتلىرى ماڭا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغا جۈرئەت

قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتى بىلەن ماس كەلمەيدىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ «قەھرىمانلىق» تۇسىنى بېرىپ قوياتتى. لېكىن ئۇنىڭ «دەرد - ئەلەملىرى» تولىمۇ يۈزەكى، ئىنتايىن ئاز، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر رەزىل، قورقۇنچاق ئادەم ئىدى.

مەن روماندا مىدلىزا ئوبرازىنى ھېچقانداق زۆرۈرى يوق پەيجاڭ قىلىپ تەسۋىرلىدىم. لېكىن روماننىڭ ئۈچىنچى قىسمىغا كەلگەندە بۇ شەخس توغرىسىدا كۆپرەك يېزىش لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. مەن شۇنى چۈشەندىمكى، مىدلىزانىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەسۋىرلەشتە لىفسىن ئوبرازى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. مەن مىدلىزا ئوبرازىدا لىفسىندا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ گەۋدىلىنىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر لىفسىندا ئەسلىدە بار بولغان خىسلەتلەردىن سىرت، يەنە مىدلىزادىكى خىسلەتلەر بولغان بولسا، ئۇ چاغدا لىفسىن كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئادەم بولغان بولاتتى. شۇڭا كۆڭۈلدىكىدەك خۇسۇسىيەتنى ئەتراپلىق تەسۋىرلەش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئوبرازنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بۇنداق ئوبراز ئۆزىدە نامايان قىلىۋاتقان، ئەمما لىفسىندا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلاپ، لىفسىننىڭ ئوبرازىنى تولۇقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال مېنىڭ بۇ پەيجاڭنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەل يارىتىشىمنى تەلەپ قىلدى. قىيىن بولغىنى — بۇ نۇقتا دەسلەپتە رومان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى. شۇڭا بۇ روماننىڭ ئىككىنچى قىسمى ۋە ئۈچىنچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قىيىنچىلىق ھېس قىلىپ، يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. بۇرۇنقى پىلانىم بويىچە يازسام ياخشى يېزىلمايتتى. مەن قىيىنچىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىراقلا تونۇپ يېتەلمىدىم.



مەن يېزىش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدىلا مىدلىزانىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندىم. مەن ئەگەر بۇ نۇقتىنى بالدۇرراق ئويلىغان بولسام، رومانىمنىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمىدا مىدلىزانىڭ ئوبرازىنى كۆپرەك يازغىلى بولاتتى. باشتىن ئۆزگەرتىپ يېزىشقا كېچىككەنىدىم. شۇڭا ئۈچىنچى قىسمىنىڭ بېشىدا مىدلىزا توغرىسىدىكى قىستۇرما سۆزلەر غەلىتە بولۇپ قېلىپ، ئەسەرنىڭ ماسچانلىقى بىرئاز بۇزۇلۇپ كەتتى.

مۇشۇنداق يېزىش نەتىجىسىدە ھەر خىل ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولغان «تارمار» رومانى بارلىققا كەلدى.

مەن «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودېگەيلەر» روماندا «تارمار»نىڭ ئاساسىي تېمىسى سىڭدۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى باشتىلا ئېيتقانىدىم. لېكىن كېيىن مەن شۇنى چۈشەندىمكى، «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودېگەيلەر» رومانىمۇ باشقا بەزى مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقالدى. مېنىڭ بۇ روماندا ئىچكى ئۇرۇش ۋە شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كەڭ تۈردە ئىپادىلەپ بېرىشىم يېتەرلىك بولمىدى — ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىم مۇمكىن ئىدى، ئەلۋەتتە. مەن «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودېگەيلەر» روماندا يەنە مۇنداق بىر ئىدىيىنى، يەنى بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشچىكلار تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان، ئەمما ئېكىسپىلاتاتسىيە جەمئىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرىنى ھېس قىلغان سەنئەتكارلار كۆپ يىللاردىن بۇيان يازغاندەك، بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى چېكىنىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا بېرىش، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

بىز تولستوينى مىسال كەلتۈرەيلى: ئۇ ئېكسپلاتاتسىيە جەمئىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئۇ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى — پاتىرىئارخاللىق تۈزۈمدىكى دېھقانلار تۇرمۇشىغا قايتىپ بېرىش دەپ قارىدى.

ياۋروپادىكى بىرمۇنچە كاپىتالىزم سەنئەتكارلىرى كونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام‌خىيالىدا بولدى.

ئۇلار كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى — ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۈزۈمىگە قايتىپ بېرىش دەپ قارىدى. رۇسسو: ئىپتىدائىي جەمئىيەت (ئادەمنىڭ تەبىئىي ھالىتى) گە قايتىش كېرەك، دەپ ئوچۇق ئېيتتى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، تۇغما گۈزەللىكىنى بۇلغايدۇ ۋە ۋەيران قىلىدۇ، دېدى، بىز ماركسىزمچى، كوممۇنىزمچىلارغا ئايانكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى چېكىندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەردىن بىر چىقىش يولى ئېچىپ، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى سوتسىيالىزمغا باشلاش كېرەك. مېنىڭ «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر» رومانىدا ئىپادىلىمەكچى بولغىنىم — دەل مۇشۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىدىيە ئىدى.

مەن يىراق شەرقتە تۇرغاندا توپلىغان مول ماتېرىياللار مېنىڭ بۇ نۇقتىنى ئويلاپ يېتىشىمگە سەۋەب بولدى. چۈنكى ئۇ يەردە ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلى ۋە ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋەكىلى — كۆرەش جەريانىدا ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلغان بولشېۋىكلارنى، بۇرژۇئازىيە ۋە ۋەزئېيتقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە بولاتتى، يىراق شەرقتە تۇرغان ئىنتايىن قالاق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ كۆزىتىشكە بولاتتى. بۇ ئاز



سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسى يەنىلا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى باسقۇچىدا، ھەتتا يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنىزم باسقۇچىدا توختاپ قالغانىدى.

مەن ئىنقىلاب جەريانىدا جەمئىيەتتىكى كوممۇنىزم ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئىلغار ۋەكىللەرنىڭ قانداق قىلىپ قالاق مىللەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ، كۆرەش جەريانىدا ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى؛ ئىنقىلابىي كۆرەش جەريانىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە ئىدىيىسىنىڭ قانداق يوقىتىلىۋاتقانلىقىنى، مىليونلىغان ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلابنىڭ بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن قانداق بىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلابنىڭ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ كۆرەش يولىغا ئەكىلىپ، ئۇلارنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرقانچە باسقۇچلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئاڭلىق قوغدىغۇچىلارغا ئايلاندۇرغانلىقىنى نامايان قىلماقچى ئىدىم.

ھازىرغا قەدەر بۇ روماننىڭ ئاران ئۈچ قىسمىنى يېزىپ بولدۇم. مەن ئۇنى ئالتە قىسىم قىلىپ يازماقچى. ئالتىنچى قىسمىدا ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ 10 يىلدىن 15 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىن كېيىنكى بۇ جايلارنىڭ ۋە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلىنىدۇ. مەن بۇ قىسىمدا بىرىنچى قىسىمدىكى تۇرمۇش ۋە نۇقتىئىنەزەردە ئىپتىدائىي كوممۇنىزم ئامىللىرى بولغان قالاق ئودىگەيلەرنىڭ ھازىر شۇ جايدىكى كولخوزلاردا ئىشلەۋاتقانلىقى، ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدىكى كۆرەشچانلار — ھازىرقى سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىرى بولغان ئاشۇ كان ئىشچىلىرى، زىيالىيلار ۋەكىللىرى (ئاشۇ مەزگىلدە ئۇلار-

نىڭ مەيدانى تولىمۇ تۇراقسىز ئىدى) نىڭ ھازىر تەكشى قەدەم تاشلاپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بىرلىكتە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىمەن. مەن بۇ رومانىدا ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي قاتلاملارنى ۋە ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى نامايان قىلىمەن. مېنىڭ «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر»نى يېزىشتا ئىنتايىن كۆپ كۈچ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمدىكى سەۋەب، بۇ رومانىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنىڭ «تارمار»نىڭ ۋەقەلىكلىرىگە قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ئىدىيىسىنىڭ «تارمار»نىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ئىدىيىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە مۇھىم بولغانلىقىدا. مەن رومانىنى كۆپ تەرەپلەردىن يېزىشىم كېرەك. بىرىنچى تۈركۈم كىشىلەرنى يېزىشىم، ئاندىن ئىككىنچى تۈركۈم، ئۈچىنچى تۈركۈم كىشىلەرنى يېزىشىم كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ۋە ئۆزئارا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشۈم كېرەك.

مەن بايان قىلىدىغان ۋەقەلەر ئىنقىلابنىڭ ئالدىدىكى مەزگىل ۋە ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىن ئىبارەت بىر قەدەر ئۇزاق بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمىدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى نامايان قىلىشىم كېرەك.

مەن «تارمار»نى يېزىشتا يازما پىلان تۈزمىگەنىدىم. لېكىن «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر»نى يېزىشتا يازما پىلان تۈزۈپ چىقمىسام قەلەم تەۋرىتەلمەيمەن. چۈنكى يېزىشقا تېگىشلىك باش قەھرىمانلار ۋە ۋەقەلىكلەر بەك كۆپ. شۇڭا مەن پۈتۈن كىتابىنىڭ قىسقىچە پىلانىنى ۋە ئۆزۈمگە بىر قەدەر ئېنىق بولغان ئالدىنقى ئىككى قىسمىنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتىم.



مەن «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر»نىڭ باشلىنىشىنى بىرنەچچە ئون قېتىم يازغان بولساممۇ، لېكىن، ھەر قېتىمدا ئوبدان يېزىلمىدى. سىلەر مۇشۇنىڭدىنلا مېنىڭ ئۆز مەقسىتىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمنىڭ نەقەدەر قىيىنغا توختاۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايسىلەر. مەن بىر دەم سىلىۋزا بىلەن بوياردىنىنىڭ تاغ چوققىسىدا تۇرغانلىقىدىن باشلىدىم. بىردەم ئۇلارنىڭ دېھقانلارنىڭ كەپىسىدە ئويقۇدىن ئويغانغانلىقىدىن باشلىدىم (كېيىن بۇ رومانىم مۇشۇنداق باشلاندى)، بىردەم ئۇلارنىڭ ئۆلگا شەھىرىدىن تېلېفون بەرگەنلىكىدىن باشلىدىم. بىردەم لىنكاس دېنىسكايانىڭ تۇرمۇشىدىن باشلىدىم. بىردەم پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قىزىل ساقاللىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىدىن باشلىدىم. مەن رومانىنىڭ ئىككى قىسمىنى يېزىپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بىر ئىككى قىسمىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى بۇ ئىككى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ، ئىككىنچى قىسمىنىڭ ھەممىسىنى بىرىنچى قىسمىغا قىستۇرۇۋەتتىم ھەمدە ھەر ئىككى قىسمىنىڭ بىر قانچە جايلىرىنى تۈزەتتىم.

مەن مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن كۆپچىلىككە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدەك ئاشۇنداق مۇرەككەپ ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر رومانىنى يېزىش ئۈچۈن روشەنكى، تېخىمۇ كۆپ بەدىئىي تەربىيىلىنىشنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇم. مەن يېزىپ پۈتتۈرگەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ يازغاندىن كېيىن بۇ روماننىڭ ئىزنىسىنىڭ بىر قەدەر ئېنىق بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇندىن كېيىنكى يېزىش جەريانىدا ئالاھىدە تاسالغۇ ئۇچرىماي-

دۇ، دەپ ئويلايمەن. بولۇپمۇ يېزىلىپ بولغان ئۈچىنچى قىسمى-
نى مۇنداق تۈپتىن ئۆزگەرتىپ يېزىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق
دەپ قارايمەن.

سىلەر مېنىڭ يېزىقچىلىقتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىم،
تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەر خىل قىيىنچىلىق-
لار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتمەڭلار. بۇ
قىيىنچىلىقلارنى تامامەن يېڭىپ كېتىشكە بولىدۇ. خام ماتېرى-
يالنى ئىگىلىمەي - پۈكمەي، ئەستايىدىللىق بىلەن بىر تەرەپ
قىلىدىغان بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قىيىنچىلىقلار
ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىرسىمۇ يوق. كىمكى ئۆزى-
نىڭ بەدىئىي ئەمگىكىنى بىر ئالاھىدە خىزمەت، يەنى يازغۇچى-
نىڭ ھۈنىرى «خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان» قابىلىيەت، شۇڭا
يېزىقچىلىق پەقەت بىرنەچچە تالەيلىك ئادەملەرنىڭلا ئىشى
دېسە خاتا بولىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس.

دەرۋەقە، بىر ئادەم بىر نەرسە يازماقچى بولىدىكەن، ئۇ-
نىڭدا مۇشۇ جەھەتتىكى قابىلىيەت بولۇشى كېرەك. بەلكى مۇن-
داق قابىلىيەت قانچە ئۈستۈن بولسا شۇنچە ياخشى.

ئەگەر بىر كىشى مەلۇم جەھەتتە ئازدۇر - كۆپتۇر قابىلى-
يەتكە ئىگە بولسا، تەبىئىيكى ئۇمۇ شۇ دائىرىدىكى كەسپىنى
تاللايدۇ. يېزىقچىلىقمۇ بىر خىل كەسىپ. بىر خىل مۇرەككەپ،
يۈكسەك ماھارەت ۋە تەربىيىلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ.
يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ئورتاق نۇقسانى
شۇكى، ئۇلار ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھۈنەرۋەن
ئەمگەكچى ئورنىدا ھېسابلاپ، بىر قىسقا ھېكايە يېزىشنى
ئاسان ئىش دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر قىسقا ھېكايىسىنى
يېزىپ چىقسا، خۇددى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەر
قانداق بىر زاپچاسنى ياساپ چىققاندەك، ئۇنى سىلىقلىماي،



ئۆزگەرتمەي، ئەجىر قىلماي، تەھرىر بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بېرى-
ۋالسىلا ھەممىدىن خالاس بولىدۇ. روشەنكى، تىل، سەنئەت
جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى مۇنداق چۈشىنىش خاتا. يېزىقچىلىق-
نىڭ سۈپىتىنى يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەربىر
كىچىك ئەسەرنىمۇ بەش - ئالتە قېتىم ئۆزگەرتىشكە، كۆچۈرۈپ
يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. ئىنتا-
يىن ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقىي سەنئەت-
كارلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلەپ كەل-
مەكتە، بەزى ئالاھىدە تالانتلىق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بۇن-
داق ئۇزاق ئىشلەش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمەيلا سەنئەت
مۆۋەپپەقىيىتىنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققان. لېكىن ئۇلارنىڭ
مۇئەييەن مىقداردىكى ئەمگىكى قەلبىنىڭ جىددىي ئەمگىكى،
روھىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يالقۇنلىنىشى، شۇنىڭدەك قەلەم
تەۋرىتىشتىن بۇرۇنقى مەزگىلدە سەرپ قىلغان ئىنتايىن زور
ئەمگىكى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. سەنئەتكارنىڭ خىزمىتىنىڭمۇ
مول بىلىمگە تايىنىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. مەسىلەن،
ئالايلۇق، مەن «ئاخىرقى ئەۋلاد ئودىگەيلەر»نى يېزىش جەر-
يانىدا يېزىقچىلىق تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك قىيىنچى-
لىققا دۇچ كېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە بىلىمىمنىڭ يېتەر-
سىزلىكى، تەربىيە ئېلىشىمنىڭ يېتەرسىزلىكى، بۇرۇنقى ۋە ھا-
زىرقى خىلمۇخىل تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن
ئىبارەت قىيىنچىلىققىمۇ دۇچ كەلدىم. مۇرەككەپ، رېئال ماتې-
رىياللاردىن ئەڭ ئاساسلىق بولغان نەرسىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى
ئۆزۈمنىڭ ئاساسىي تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىشىمگە ياردەمچى
قىلىشىم ئۈچۈن تۇرمۇش بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشۇشۇم
ۋە ئۇنى ئىگىلىشىمگە، يۈكسەك تەربىيىگە ۋە مول بىلىمگە
ئىگە بولۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. گوركى بۇ جەھەتتىكى بىر

ئۆلگىسى. گوركىي دائىم: «سەنئەتكارنىڭ بىلىدىغىنى باشقا كەسپتىكى ۋە ۋەزىپىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت خاراكتېرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىلىدىغانلىرىدىن خېلى كۆپ بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا. بىلىم ئىمكان قەدەر چوڭقۇر بولۇشى لازىم. ھەر بىر خىزمەتچى خادىم بۇنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بىلىمنىڭ ھەر قانداق خىزمەتكە ياردىمى بولىدۇ. لېكىن تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئىپادىلىگۈچى بولىمەن دەيدىغان سەنئەتكارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە ئېلىشى ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر.

ئۇندىن باشقا، سەنئەتكار تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۈزلۈكسىز كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تۇرمۇشنى ھەقىقىي سۈرەتلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بىز سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. چۈنكى بىز ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ھەقىقىتى — سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشىمىز زۆرۈر. بۇ ھەقىقەتنى كىتابتىنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ ھەقىقەت كىتابتىنلا تەتقىق قىلىنسا ئىنتايىن ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بەدىئىي جەھەتتە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقىقەتنىڭ قانداق قىلىپ بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى دائىم ۋە سىستېمىلىق كۆزەتكەندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ بۇ ھەقىقىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتناشقاندىلا، ئاندىن ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلى ئارقىلىق رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ سوۋېت رېئاللىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ئۇنىڭ كەڭ ئامما بىلەن باغلىنىشى — مانا بۇلار يازغۇچىلىرىمىزنىڭ خىزمىتىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى كاپالەتلەندۈ-



رىدىغان مۇتلەق زۆرۈر شەرت. يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالى كۆپىنچە مۇنداق بولىدۇ: ئۇلار كارخانىلاردا خىزمەت قىلىدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئىلغار سانائەت ئىشچىلىرى. لېكىن ئۇلار قولىغا قەلەم ئالغاندا ئۆزلىرى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان ۋە ھەر كۈنى تەتقىق قىلىدىغان ئىشلارنى يازماي، قالتىس ئىشلارنى يازماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار «قالتىس ئىشلار»نى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇق خاتىرىسىگە ئاساسەن ئۆزلىرى باشقا كىتابلاردا ئوقۇغان ئىشلارنىلا يېزىپ چىقالايدۇ. لېكىن يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ۋەزىپىسى — ئۆزلىرىنىڭ ھەر كۈنى كۆزەتكەن، تونۇشقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ھەقىقىتىنىڭ بىر كىچىك قىسمى دەپ چۈشىنىپ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابخانلارغا سۆزلەپ بېرىشتۇر.

يولداش سادىنيان بىر قېتىم ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان ياش يازغۇچىلار ئۆزلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن، بىرمۇنچە ئۇستا يازغۇچىلاردىنمۇ ئېنىق بىلىدىغان ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي جەۋھىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ياش يازغۇچىلار كۆپىنچە ستانوك يېنىدىكى ئىشچىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ مەلۇم تېپتىكى ستانوكتا ئىشلەش جەريانىدا ئادەتلەنگەن ئالاھىدە قول ئىشارىتى ۋە ھەرىكىتىنى زادى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يولداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ.

بىر پېشقەدەم يازغۇچى بىر كىشىنىڭ جوزا يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ شۇ كىشىنىڭ تاماكىنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنى بىلىشى شۇ ئوبرازنى ئىنتايىن جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئوبرازلارنىڭ كۆپىنچە ناھايىتى جانسىز بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب: ئۇلارنىڭ شۇ شەخسنىڭ خىزمەت جەريانىدا ئادەتلەنگەن سىرتقى قىياپىتى، يەنى پوزىتسىيىسى، تۇرقى قاتارلىقلارنى نامايان قىلالمىغانلىقىدا. بىزنىڭ يېزىقچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان يولداشلىرىمىزنىڭ باش قەھرىمانلارنى چىن قەلبىدىن چۈشىنىشمۇ ناھايىتى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئادەمنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يېپ-تەرلىك كۆزەتمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى تۈنۈگۈن بىر مىشچان ئىدى، بۈگۈن بىر زەربىدارغا ئايلاندى. سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى — ئۇنىڭ قانداق قىلىپ قالاقلىقتىن زەربىدارلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىش كېرەك؟ باشقا قالاق كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شۇ كىتابنى كۆرۈپ بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ مۇساپىنى بېسىپ بولۇشى ئۈچۈن، سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەتراپتىكى رېئاللىقنىڭ تەسىرى ۋە پۈتكۈل سوۋېت تۈزۈمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ۋە چۈشەنچىسىدە ھاسىل بولغان تۈرلۈك جەريانلارنى كۆزىتىش — ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. مەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىلا بۇنداق كۆزىتىشنى كېڭەيتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، مۇشۇنداق كۆزىتىشنىڭلا يېزىقچىلىقتا ئايرىم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە



ئېرىشىشىمنى تەمىن ئەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيە، ئارزۇ، ئىنتىلىش جەھەتلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئەتراپىمدىن ئىگىلەش دەرىجىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەقىقىي ئىپادىلەپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتلىك يېڭى ئادەملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەكىللىنىشى قايسى باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى نامايان قىلىشقا كۈچۈمنىڭ بارىچە تىرىشىپ كەلدىم.

(«چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدىن تۇرسۇن پازىل تەرجىمىسى)

## «سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا»نى قانداق يازغانلىقىم توغرىسىدا

### ئا. تولستوي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

1941-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى، يەنى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان① كۈنى «تاڭ قاراڭغۇسى» رومانىمنىڭ ئاخىرقى بېتىنى يېزىپ تۈگەتتىم. بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىملىق «سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا» ناملىق رومانىمنىڭ ئۈچىنچى قىسمى، شۇنداقلا ئاخىرقى قىسمى ئىدى. كېيىن مۇشۇ ئۈچ قىسىملىق رومان ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم. ئۈچ قىسىملىق رومانىنىڭ پۈتۈن ئىشى يېرىم يىل ئىلگىرىلا ئورۇندالغانىدى. بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 20 يىل ئىشلىدىم. مېنىڭچە، بۇ رومان مېنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىمدىكى مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بىرىنچى قىسمى «ئىگىچە-سىڭىل» نى 1919-يىل 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يېزىشنى باشلاپ، 1921-يىلى كۈزدە قولدىن چىقاردىم. دەسلەپ مەن بۇ رومانىنىڭ ئۈچ قىسىم-

① سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1941-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھۇجۇم باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئىلاجىسىز شۇ كۈنى گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى — ت.



لىق رومان بولۇشىنى ئويۇمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. لېكىن ئەسەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا روسىيىنىڭ ئەھۋالىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغانلىقى ماڭا بۇ ئەسەرنى بىر قىسىم بىلەنلا تۈگىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇتتى، شۇ چاغدىلا مەن بۇ قىسىم يېرىك بىر قەھرىمانلىق داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىلا بولىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن يەرگە كەلدىم.

ئىككىنچى قىسمى «1918-يىل»نى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆزىتىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەسەرنى يېزىشتا بىرىنچى قەدەمدە قىلىدىغان ئىش ھەرگىز «ماتېرىيال توپلاش» ئەمەس ئىدى. چۈنكى ماتېرىيال توپلاش كىتاب ئوقۇش، ئىچكى ئۇرۇش① قاتناشقۇچىلىرىنى تونۇش، شۇنىڭدەك رومانىنىڭ ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن جايلار — سارىتسىن، كراسنودار ۋە كۇبان قاتارلىق جايلارغا بېرىشتىن باشقا، يەنە مۇھىم بىر ئىشنى قىلىشىم، يەنى ئۆزۈمنىڭ ماتېرىيالغا تۇتقان پوزىتسىيەمنى روشەنلەشتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا جىمىكى ئىشنى قايتىدىن ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزۈشۈم، ئويلاپ كۆرۈشۈم ۋە ھېس قىلىشىم زۆرۈر ئىدى. 1927-يىلى رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىشنى باشلاپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن تۈگەتتىم، لېكىن بىرمۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنى يېزىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى سەزدىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن پايدىلانغان مىخ مەتبەدە بېسىلغان ماتېرىيالدا سارىتسىن مۇداپىئەسىگە دائىر كۈرەش زادىلا ئېغىزغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ماتېرىيالدا سارىتسىن توغرۇلۇق

① 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە بولغان سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ت.

بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلىنمىغاچقا، 1918 - يىلدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلغان چېغىمدا، سارتىسىن مۇداپىئەسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تامامەن دىققەت - ئېتىبارىمنىڭ سىرتىدا قالدۇرغانىكەنمەن، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، يەنى بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن مەن 1918 - يىلدىن 1919 - يىلغىچە بولغان كۈرەشلەردە مۇھىم ۋە ئاساسىي رول ئوينىغان ۋەقەلىكلەرنى تونۇدۇم ۋە چۈشەندىم. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا سارتىسىن مۇداپىئەسى ئۇرۇشىنىڭ ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە ئوينىغان غايەت زور رولىنى تونۇدۇم ۋە چۈشەندىم.

قانداق قىلىش كېرەك؟ رومان يېزىلىپ بولۇپ نەشىردىن چىقتى. سارتىسىن توغرىسىدىكى بابنى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن بۇنى جەزمەن قايتىدىن يېزىشىم كېرەك. ئەگەر روماندا سارتىسىن ۋە سارتىسىن مۇداپىئەسى ئۇرۇشى توغرىسىدا ۋەقەلىك بولمىسا بۇ رومانىنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن باشقا بىر شەكىلدە ئەسەر يېزىشقا، يەنى «1918 - يىل» دېگەن رومان بىلەن ئوخشاش تېمىدىكى «ئاشلىق» پوۋېستىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. مۇشۇ رومان ئارقىلىق ۋورشىلوۋ باشلامچىلىق قىلغان قىسىمنىڭ ھۇجۇمىنى ۋە ستالىن قوماندانلىقىدىكى سارتىسىن مۇداپىئەسى ئۇرۇشىنى تەسۋىرلىدىم. ئەنە شۇ سەۋەبتىن 1939 - يىلىلا رومانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى «تاڭ قاراڭغۇسى»نى يېزىشقا باشلىدىم.

ھەممىگە مەلۇمكى «1918 - يىل»دىن كېيىن «بۈيۈك پېتىر»نىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمىنى يېزىپ تۈگەتتىم. شۇنىڭ بىلەن 1939 - يىلى ئالدىمغا مۇنداق بىر مەسىلە قويۇلدى: مەن بۇ ئىككى رومانىنىڭ قايسىسىنى ئاۋۋال تۈگىتىشىم كېرەك؟



يەنى «بۈيۈك پېتىر»نى تۈگىتىشىم كېرەكمۇ؟ ياكى «سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا»نى تۈگىتىشىم كېرەكمۇ؟ ئەينى زاماندا مەن دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جەزمەن بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق سەزگەنىدىم. شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئېنىق كۆردۈمكى، دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مېنىڭ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىگە قايتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بولغىنىغا ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. «بۈيۈك پېتىر»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىنى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ يېزىشقا بولاتتى. شۇڭلاشقا مەن دەرھاللا ئۈچ قىسىملىق بۇ رومانىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ يىل يازدىن باشلاپلا يېزىشقا كىرىشىشىم كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدىم.

«سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا»نىڭ ئاخىرقى قىسمى «تاڭ قاراڭغۇسى» دېگەن رومانىنى يېزىشنى 1939 - يىلى باشلاپ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك دەل 1941 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قولدىن چىقاردىم. بۇ ئۈچ قىسىملىق رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بىلەن ئۈچىنچى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتكەنلىكىگە مەن ئانچە ئۆكۈنمەيمەن، چۈنكى بۇ مەزگىلدە مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ۋە مېنىڭ تۇرمۇشقا، رېئاللىققا، كۈرەشكە بولغان پوزىتسىيەمدە، كۆز قارىشىمدا بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ھاسىل بولدى.

ئۈچ قىسىملىق «سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا» رومانىنىڭ باش تېمىسىنى شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، قولدىن كەتكەن ۋەتەننىڭ يېڭىباشتىن قولغا كېلىشىدۇر. راست گەپنى ئېيتسام، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا، ھەتتا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە زىيالىيلار ئىچىدە ۋەتەنگە بولغان

مۇھەببەت ناھايىتى سۇس ئىدى. يېڭى ھايات باشلانغاندىن
كېيىنكى 25 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشـ
نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەتەن
بىلەن بولغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى پەيدىنپەي چوڭقۇر
چۈشىنىشكە باشلىدى. سانسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە كۆرەشلەر
ئارقىسىدا، ئاندىن ئاخىرىدا ۋەتەننى بىلدۇق. شۇنداق ئېيتىشقا
بولىدۇكى، نەقمۇنەق بىر ئەسىر مابەينىدە بىز ۋەتەننى
ھازىرقىدەك مۇنداق چوڭقۇر ۋە ئېنىق تونۇمىغانىدۇق.
بۇلارنى مەن 1927 ـ يىلى، يەنى «1918 ـ يىل»نى يازغان
ۋاقتىلىرىمدا تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدىم.

«سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا» دېگەن رومان ئاپتورىنىڭ
ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب بىلەن ئۈمىد، خۇشاللىق بىلەن
ئۈمىدسىزلىك، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن جۇشقۇنلۇق جەريانى،
شۇنداقلا پۈتۈن بىر دەۋر توغرىسىدىكى تەسىراتىدۇر. بۇ دەۋر
بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلىنىپ،
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاياغلاشتى.

ھازىر ئۈچ قىسىملىق بۇ رومانىنىڭ ھەممىسى نەشىردىن
چىقتى. بۇ رومان ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتا يېزىلىپ بولدى.
ئەمدى بۇ رومانىنى ئۇسلۇب جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
مۇمكىنقەدەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ۋە ئارتۇقچە قىسىملىرىنى
چىقىرىپ تاشلاپ، مۇكەممەل ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈر ئىدى.
شۇڭا يېقىندىلا، يەنى بۇنىڭدىن يىبىرىم يىل بۇرۇنلا بۇ ئىنتاـ
يىن مۇرەككەپ ۋەزىپىنى تۈگەتتىم.

(1943 ـ يىل)

(«ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى توغرىسىدا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى»
ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن غوپۇرجان ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى.)



## يازغۇچى ــ زامانىنىڭ ۋىجدانى

### (چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ شەرقىي گېرمانىيە ئوبزورچىسى گوچكاي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىن خاتىرە)

**گوچكاي:** گەپنى «دېڭىز ياقىلاپ يۈگۈرگەن ئالا ئىت»
ناملىق پوۋېستىڭىزدىكى بىر ۋەقەدىن باشلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.
مېنىڭ بىلىشىمچە، يازغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە ۋەقەسى قىرغىزلار
تۇرمۇشىدىن ئەمەس، بەلكى سىبىرىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدا
ياشايدىغان جان سانى ئاز مىللەت ــ يىنوخلار تۇرمۇشىدىن
يازغان دەسلەپكى ئەسىرىڭىز مۇشۇ بولسا كېرەك. سىز بۇ پوـ
ۋېستىڭىزدىمۇ، باشقا ئەسەرلىرىڭىزگە ئوخشاش، كۆپىنچە ھەقـ
قىي ئادەم ـ ھەقىقىي ئىشلارغا ئاساسلاندىڭىزمۇ؟

**چىڭغىز:** مەن ئۇ جايلارغا زادىلا بېرىپ باقمىغان ۋە يىـ
نوخلارنى ياخشى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ شۇ مىللەتتىن
چىققان ۋىلادىمىر سانكى دېگەن دوستۇم بار. ئۇ مېنىڭ
يىنوخلار ئىچىدىن تۇنۇشقان ئادىمىم. ئۇ بىر قېتىم
ماڭا مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى: ئۇ يەتتە ياش
ۋاقتىدا ئۈچ چوڭ كىشىگە ئەگىشىپ، دېڭىزغا بېلىق تۇتۇشقا
بېرىپتۇ. ئەتراپنى قېلىن تۇمان بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار
نىشاندىن ئادىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزدا ئىككى كۈن

لەيلەپ يۈرۈپ، ھاياتلىقتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوۋىسى «ئامال قالمىدى، ئەمدى بىز قىرغاقنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمىز!» دەپ پالاقنى ھالقىسىدىن چىقىرىپ، دېڭىزغا تاشلىۋېتىشنى تاپشۇرۇپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئىككى چوڭ چايكا قۇش ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. بېلىقچىلار بىر مەھەل ھېلىقى ئىككى چايكا كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ-دە، قېيىقنى ئاشۇ تەرەپكە بۇرۇشۇپتۇ. بەختكە يارىشا، كۆپ ئۆتمەي، قۇرۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ، قىرغاققا چىقىشىپ، ئۆزلىرىنى تاشلاپ يېتىشىپتۇ، كېيىن قۇرۇق شاخلارنى يىغىپ، ئوت سۇنۇشۇپتۇ.

مەن مانا مۇشۇ ۋەقەگە ئاساسلاندىم. ئەمما ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتىم.

**گوچكاي:** پوۋېستىڭىزدا چايكىلار ئۇچۇپ ئۆتكەن چاغدا تىراگېدىيىلىك ۋەقە تۇغۇلۇپ بولغان — چوڭ دادىسى، تاغىسى، ئۇندىن كېيىن ئۆز دادىسى ياغاچ چېلەكنىڭ تۈۋىدىكى بىر-ئىككى قوشۇق سۇنى بالىسىغا قالدۇرۇش ئۈچۈن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزلىرىنى دېڭىزغا تاشلىغان. چۈنكى، ئەۋلادنى ئۈزمەسلىك ئۈچۈن بالا تىرىك قېلىش كېرەك-تە!

**چىڭغىز:** شۇنداق، مېنىڭ مەقسىتىم بېلىقچىلارنىڭ قانداق ئېزىقىپ قالغانلىقىنى ۋە كېيىن قىرغاقنى قانداق تاپقانلىقىنى يېزىش ئەمەس، مېنىڭ يازغىنىم ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقە ئەمەس. مېنىڭ كۆزلىگىنىم كىتابخانلارغا ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئاساسىي قىممىتى، مەسئۇلىيەتچانلىق ھەققىدە، يەنى ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

**گوچكاي:** سىز يازغان ۋەقەدىن ۋاقىت بەلگىسى ئېنىق بايقالمايدىكەن. بۇ ھال پوۋېستنى چۆچەككە ئوخشىتىپ قويى-



غان. مېنىڭچە، بۇ پوۋېستنىڭ بىرىنچى قاتلىمى كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنى قۇربان قىلغاندىلا تىرىكچىلىكنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھاياتى باللىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىلەن داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدە بولسا كېرەك.

**چىڭغىز:** بەلكى، شۇنداقتۇر.

**گوچكاي:** ۋەقەنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى، ئومۇمەن، ھاياتنىڭ ئالمىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېشى چوڭلار ياشلارغا ئورۇن بېرىشى، كېيىنكىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشى لازىم. سىز بۇنى پوۋېستىڭىزدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەنسىز. ئۇنىڭغا ئالاھىدە ۋەقە ئارقىلىق مىسال كەلتۈرگەنسىز. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، پوۋېستىڭىزدا ھايات-مامات مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغانسىز.

**چىڭغىز:** شۇنداق. باشقىلار مېنىڭدىن، نېمە ئۈچۈن ئەسەرلىرىڭىزگە تىراگېدىيىلىك ئەھۋاللار ئارىلىشىپ يۈرىدۇ، دەپ تولا سورايدۇ. مەن ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپ كەلدىم: بۇ پەقەت مېنىڭ مۇددىئايىمغىلا تەئەللۇق ئىش ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆزى چوڭقۇر تىراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەخلۇق. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ھاياتلىقنى تونۇشقا باشلىغان چاغلاردىلا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ تىراگېدىيىسى مانا مۇشۇنىڭدا. باشقا مەخلۇقلار تىرىك ياشاپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر ھېس قىلالايدىغان تىراگېدىيىلىك قۇرۇلمىنىڭ تۈپ ئاساسى. بۇ تىراگېدىيىلىك قۇرۇلما دائىم ئادەم بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن، دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى

سىزىدۇ. ھاياتلىقتا خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت دائىم بىللە ياشايدۇ. پايدىمۇ بولىدۇ، زىيانمۇ بولىدۇ. غەلىبىمۇ بولىدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزىبىر ئورتاق ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

**گوچكاي:** مېنىڭچە، بۇ پوۋېستىڭىز «ئاق يەلكەن»نىڭ مۇقەررەر داۋامىدەك كۆرۈنىدۇ. ھەممە ئەسەرلىرىڭىزنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن ئادەم سىزنىڭ ئىخچاملاشقا مايىل بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بايقايدۇ. سىزچە، بۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى قانداق بولار؟ كۆز قاراشلىرىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؟

**چىڭغىز:** مەن ئۆزۈمنىڭ كىتابخانىلىرىمنىڭ ئازىيىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. «جەمىلە»، «دىلبىرىم» ناملىق پوۋېستلىرىمنى يازغاندىن كېيىن ھەر كۈنى نەچچە ئون پارچە خەت تاپشۇرۇۋالاتتىم. ئۇلار توپلىنىپ، بىرنەچچە يۈز پارچىگە يەتكەن، ھەتتا بىرەرمىڭ پارچىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنداق خەتلەر ئازىيىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ كىتابخانلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمگە ئۇ دەۋر ئۆتۈپ كەتكەندەك سېزىلىۋاتىدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانى ئادەتتىكى، ئاساسىي ئىشلاردىن باشلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا گۈزەل غايىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىگە ئالمىشىدىغانلىقى ئېنىق. ھازىر يېزىۋاتقانلىرىم كىتابخانلارنىڭ خېلى ئەدەبىيات بىلىمى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مەنىسى پەن بىلەن تەجرىبىلەرنى توپلاش، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا چوڭقۇر ئىگىلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋال مۇزىكىدا ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلىنىسە كېرەك. ئەگەر بىز بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىساق، روھىي جەھەتتىن ئۇنى چۈشىنەلمىساق، چوڭ



ئوركېستىر بىزگە قانداقتۇر باش - ئاخىرى يوق، مەنىسىز، زېرىكەرلىك بولۇپ سېزىلىدۇ. ئەدەبىياتمۇ شۇنداق. مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**گوچكاي:** ماڭا رىۋايەتلەر بىلەن چۆچەكلەر سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزدە ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. سىز «ئاق يەلكەن» بىلەن «دېڭىز ياقىلاپ يۈگۈرگەن ئالا ئىت»نىڭ ئىككىسىگە لۈۋېر ئۆردەك بىلەن بېلىق ئايال ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى كىرگۈزۈپسىز. ئومۇمەن ئالغاندا سوۋېت يازغۇچىلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىمالىي رايون يازغۇچىلىرى رىۋايەتلەر بىلەن چۆچەكلەردىن كۆپرەك پايدىلىنىدىكەن.

**چىڭغىز:** بۇنداق ھادىسە سوۋېت يازغۇچىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئافرىقا ئەدەبىياتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى پروزىسىدىمۇ، بولۇپمۇ كېيىنكىسىدە ئومۇمەن ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مەنىلىك ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەنمەكتە. بۇ شۇ جايلاردىكى يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى بىلەن ئۆتكەندىكىنى باغلاشتۇرۇپ، بىزگە ھازىرقى دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەت - چۆچەكلىرىنى ياراتتى. قەدىمكى زامان رىۋايەت قۇراشتۇرىدىغان زامان ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى داستان - شېئىرلار ياكى ئاجايىپ - غارايىپ خىيالدىن تۇغۇلغان رىۋايەتلەر بىزنىڭ مەنىۋى خەزىنىمىز بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. مەن «ئاق يەلكەن»دىن باشلاپ رىۋايەت - چۆچەكلەردىن پايدىلاندىم. بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان ئەسەرلىرىمدىمۇ شۇنداق داۋاملاشتۇرماقچىمەن. مەن بۇ ئەسىرىمدە سۇژېتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىرقانچە چۆچەكتىن پايدى-

لاندىم. مېنىڭچە، بۈگۈنكى دۇنيانى ئوبدان بىلىش ئۈچۈن، قەدىمكى زاماننىڭ مەنىۋى خەزىنىسىدىن پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. كىشىلەر ئوقۇشنىمۇ، يېزىشنىمۇ بىلىدۇ، تېلېۋىزور بىلەن ماشىنىسىمۇ بار، گېزىتلەرگىمۇ يېزىلىپ تۇرىدۇ دەيلۇق، لېكىن يۇقىرى مەدەنىيەت ئۈچۈن مۇشۇلارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەزى ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى باي، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك سۈپەتكە تولغان بولىدۇ. ئەمدى ھېلىقىدەك مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن ئىستېمالچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەقىقىي مەنىۋى خەزىنىدىن يىراقتا تۇرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىشى، بۇرۇنمۇ خەلق ۋە زامان ئۆتكەنلىكى، شۇنداق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئۆتكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش داۋامىدا مەن مۇرەككەپ بىلىش تەرەپدارى بولدۇم ـ دە، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە بىۋاستە ۋەز ئېيتىش ئۇسۇلىدىن ساقلىنىپ كەلدىم. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر چوڭ يېتەرسىزلىك ھەر قاچان مەلۇم بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۈلگىسىنى ياسىماقچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چىرماپ قويۇشتا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇنى تۇيۇق يول دېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەڭ كەم بولغاندا ئۇ سەنئەتكارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ. ئۈلگىدىن كىتابخانغا تەسىر كۆرسىتىش پەقەت بىرلا خىل چارە .

**گوچكاي:** سىزنىڭ 1958 ـ يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىز بىلەن سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتىم، مۇشۇ جەرياندا سىزنىڭ دۇنيانى بىلىش بىلەن بەدىئىي ئىزدىنىشتە ئۇچرايدىغان بەزىبىر مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر



تەرەپ قىلىشتا پوزىتسىيىڭىزنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدىكەن.

**چىڭغىز:** شۇنداق، بۇ راست، لېكىن بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بولغان بىرەر پارچە نەسرىي ئەسەر تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. ئەگەر مەن يەنە بىرقانچە پارچە ئوبدان ئەسەر يازالىسام، ئۆزۈمنى ئاز ـ تولا ئىش قىلغاندەك ھېس قىلار ئىدىم. مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان خىزمەتلەر خېلىلا جىق. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىدەك يېزىشقا ئەمدى بولماي قالدىم. مەن بىر يازغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن يېڭى سەۋىيىگە ئىنتىلىشىم كېرەك.

يېقىندا مەن گېرمانىيىلىك كېساي ① نىڭ «دالا بۆرىسى» ناملىق ناھايىتى ئوبدان بىر كىتابىنى ئوقۇدۇم. بۇ كىتاب مېنى ئۆز ئەسەرلىرىمنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. دۇنيانىڭ يېڭى ساھەلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىش كېرەك ئىكەن. ھازىر ھېلىقى رەڭدار سۈرەتلەردىكىدەك ئىنتايىن پاك نەرسىلەر كۆرسىتىلىۋاتىدۇ، كىنولار بىلەن تېلېۋىزورلاردا كېلىشكەن كىشىلەر، نەپىس ئۇسۇللار، ئېسىل ماشىنىلار، يۈكسەك مۇھەببەتلەر ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇلار ئارقىلىق خەلقنىڭ چۈشەنچىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتىمىز. بىز يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق مۇشۇنداق چۈمپەردىلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي سىرى بىلەن مۇرەككەپلىكى ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك.

**گوچكاي:** بۇرۇنقى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىيالىشى ئەڭ ئالدى بىلەن سىزدە بىر پۈتۈن دۇنياغا بولغان توغرا تونۇش بىلەن ھاياتقا بولغان توغرا

① گېرمانىيىلىك كېساي (1877 — 1962) — مەشھۇر نېمىس يازغۇچىسى ھەم شائىرى.

كۆز قاراشنىڭ بولغانلىقىدىن. سىزنىڭ پېرسوناژلىرىڭىزنى بىزنىڭ ناھايىتى ياقتۇرىدىغانلىقىمىز ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن، تارىخ بىلەن، شۇنداقلا تۇغۇلغان يەرنىڭ تەبىئىتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ، ئېھتىمال، قىرغىزلار ئارىسىدا پاتىرىئارخاللىق ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ يەنىلا ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىز ياۋروپالىقلار ھېسسىياتنىڭ بۇنداق بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قايتىدىن ئېرىشىشكە تىرىشىۋاتىمىز. مېنىڭچە، ئەسەرلىرىڭىز بىزگە مۇشۇ تەرەپتىن ياردەم بېرەلەيدۇ.

چىڭغىز: مۇشۇ پاتىرىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ تەجرىبىلىرى ھەققىدە بىر كىتاب يازاي دېگەن ئويۇم بار. ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ گۆدەك ھالەتتىكى بىر پۈتۈن دۇنياغا بولغان تونۇشىنى ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن بەختىگە قېرىشۇپ تىراگېدىيىسىنىمۇ يازماقچىمەن.

گوچكاي: قىرغىزلار بىزنىڭ ئەكسىمىزچە ئۇزاق مەزگىل كاپىتالىستىك تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرگىنى يوق. ئۇلار ئەمگەك، ئۆزگىلەر بىلەن ئۆزى، تەبىئەت بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىشنى سېزەلمەيدۇ.

چىڭغىز: بۇ ئەسلىدە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆسۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، كىشى قانچىلىك باياشات ياشىسا، ئۇنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئامىللار شۇنچىلىك كۆپىيىدۇ. مۇنداق يىراقلىشىش بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال قىرغىز ئاۋۇل - قىشلاقلىرىدا ئېنىق ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى كىشىلەر بۇرۇنقى كىشىلەرگە ئوخشاشماي قالدى. بۇرۇنقىدەك ئۆزئارا قويۇق مۇناسىۋەت قىلىشمايدىغان بولدى. بۇنىڭغا ھېچ ئامال بولمىدى.

مەن بالىلىق چاغلىرىمدا بىللە ئۆسكەن كىشىلەرنى ئىنتايىن



سېغىنىمەن. ھازىر ئۇنداق كىشىلەر تۈگەپ كەتتى. مومام ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئىنسانپەرۋەرلىكى (چوڭقۇر مەنىسىدىن ئالغاندا) كۈچلۈك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار كىتاب ئوقۇمىغان، خەت - ساۋاتى يوق بولغىنى بىلەن قائىدە - يوسۇننى بەك بىلەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئۆزى بەخت ھېسابلىناتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقىدىن، باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىن بايقىلىپ تۇراتتى. ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىناقلىقنى تۇغدۇرىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ خىسلەت. ھازىر بىزنىڭ كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز بۇ جەھەتتە ئاجىزلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇرۇنقى چاغلاردا بىزدە بىرى قازا تاپسا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قالماي يىغىلاتتى. ئۇلار پەتە ئوقۇپ، قازا بولغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەسەللىي بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزى دەپ بىلەتتى، ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولاتتى، ئۇنداق قىلماسلىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نومۇس ھېسابلايتتى. ئەتراپتىكىلەر يىغىلىپ ۋاپات بولغۇچى كىشىنىڭ ھاياتىنى ئەسلىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدىمۇ سۆزلىشەتتى. مېيىتنى يەرلىكتە قويۇش جامائەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىشلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ھازىر بولسا، پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ بارلىقى سېتىۋېلىنىدۇ، ماشىنا بىلەن ئادەملەر ئالدىنئالا بەلگىلىنىپ قويۇلىدۇ.

گوچكاي: زادى ياخشى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كېتەرمۇ؟ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ بولسىمۇ، ساقلاپ قالغىلى بولماسمۇ؟

چىڭغىز: بۇ پەقەت بىزنىڭلا ئىرادىمىزگە باغلىق ئىش بولمىسا كېرەك. ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**گوچكاي:** مەن ئەمدى سىزدىن بىۋاستە ھالدا، قولاقتا يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغان، ئەمما ئۆزۈم ئەھمىيەتلىك دەپ قارايدىغان مۇنداق بىر مەسىلىنى سورىماقچىمەن: سىز ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسىنى نېمە دەپ ھېسابلايسىز؟ ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق نېمىلەرنى تەرغىپ قىلماقچىسىز؟

**چىڭغىز:** توغرا، مېنىڭچە، يازغۇچى بولغان كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئىشىغا ئاڭلىق قارىشى كېرەك. ئىجادىيەتكە كىرىشكەن دەسلەپكى يىللاردا رومانتىك ئىشتىياق كۈچلۈك بولىدۇ، كۆپ نەرسىلەر كىتابتىن كېلىدۇ: بەزى نەرسىلەرنى ئوقۇيسەن-دە، ئۆزۈڭمۇ شۇنداق نەرسىلەرنى يېزىشقا قىزىقىسەن. كېيىن تەدرىجىي ھالدا تەمكىنرەك بولۇشقا باشلايسەن.

مېنىڭچە، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت ھەرقانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەشكىللاتلارغا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا مەنىۋى ئوزۇقلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ساھەلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتى كۆپىنچە جەمئىيەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر. كىشىلەر كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھاياتقا سەنئەتكارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن قاراش مۇمكىنچىلىكىگە ئىنتايىن ئاز ئېرىشىدۇ. مېنىڭچە، ھەقىقىي يازغۇچى تۇرمۇشنى مۇنداق ئىپادىلىشى لازىم: ئۇ ئۆز كىتابخانلىرىنى ئۆز قەلبى، ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئۆز بىلىمى ئارقىلىق جەمئىيەتكە كۆز سالالايدىغان قىلىشى، كىتابخانلارنى ئۆز كۆز قارىشىغا كەلتۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، سەنئەتكارنىڭ چېۋەرلىكى كىتابخانىنى ئۆزىگە تارتالىشىدا، مەنىۋى قىممەت ھەققىدىكى، نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى كىتابخانلارغا بىلدۈرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. يازـ



غۇچى — ئۆز زامانىنىڭ ۋىجدانى. بۇ خىل ۋىجدان، مەيلى جەمئىيەت دائىرىسىدە ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، ياكى شەخسىيگە نىسبەتەن بولسۇن، ھەرقانداق چاغدا قىممەتلىك. بىز تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرساقلا بولدى، ۋىجدانىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى تۆۋەنلەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالمايلى. ۋىجدان ھەرقانداق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بىر كۈن كەم بولسىمۇ بولمايدىغان يول كۆرسەتكۈچ.

ياخشى كىتاب دېگىنىمىز نېمە؟ ئۇ — ئىنسانىيەت تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. كىتابنى مەلۇم شەخس يازغىنى بىلەن ئۇ، كوللېكتىپنىڭ تەجرىبىسىنى، ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاپتور ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئاما ئارىسىدا ياشايدۇ، دېگەن سۆز بار. خەلقنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرلا ئۇلۇغ بولالايدۇ.

بىرەر ياخشى كىتاب ئوقۇسىڭىز، ئىنسانىيەتنىڭ بىرمۇنچە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلالايسىز. بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر قانداق ھېسسىيات بىلەن قانداق كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاخىرى نېمە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى چۈشىنىسىز، بۇلار كىشىگە روھىي كۈچ بېرىدۇ.

**گوچكاي:** «ئاق يەلكەن» پوۋېستىڭىز ھەققىدە سوۋېت ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسى لېۋ. ئالىيوجنوۋ قىزىقارلىق بىر ئىش قىلدى. ئۇ سىزنىڭ بۇ ئەسىرىڭىزنى باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كېلىپ، سىزنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىڭىزدە مۇئەييەن ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ ئۈستۈن ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقى، باشقىلارنىڭ مۇشۇ قانۇنىيەتكە بېقىنىدىغانلىقى ھەققىدە خۇلاسە چىقاردى. سىز ئۇنىڭ مۇشۇ پىكرىگە قوشۇلامسىز؟

چىڭغىز: ئاليوجنوۋ — ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسى، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە مۇنداق باھا بېرىشتە، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق ئاساسى بار. مەن بۇنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىمگە ۋە شۇ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغان كىتابخانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنىلا ئېيتالايمەن. مەن يېقىندا، ھازىر كىتابخانلىرىم ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەنىدىم. مەن ئۆزۈممۇ مەقسەتلىك ھالدا مۇشۇ نىشانغا قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق قىلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىمۇ ئۆزۈمگە ئايان. ھازىر بىر ئىشنى قولغا ئېلىش بىلەنلا خېلىلا قىيىنىلىمەن، كۆپ خىياللىرىم بار، لېكىن ھازىرچە ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالمايدىغاندەك تۇرىمەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر تۈرلۈك، بىر سەۋەبى، ۋاقىت يەتمەيدۇ، چولام تەگمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىممۇ بار. كۈندىلىك ئىشلاردىنمۇ قولۇم بوشىمايدۇ. بىراق تۈپ سەۋەب باشقا يەردە. مەن ھازىر يازىدىغانلىرىم ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىۋېلىشىم كېرەك. پىكىرنى بۇنداق تاۋلاش قەلەم ئېلىشقا ئالدىرىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھازىر ماڭا بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كىتابخانلار قاراپ تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرىدەك تۇيۇلىدۇ.

شۇڭا ئەگەر مەن داۋاملىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسام، يازغانلىرىمنىڭ سۈژىتى بىلەن تېمىسى بۇرۇنقى ئەسەرلىرىمگە ئوخشاپ قالسىمۇ، لېكىن سەۋىيىسى ئۇلاردىن جەزمەن يۇقىرى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ۋەقەلىكنى تار دائىرىدە چەكلەپ قويۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن دۇنيا بىلەن، بۈگۈنكى ئالەم بىلەن بولغان كۆزگە كۆرۈنمەس باغلىنىشى سېزىلىپ تۇرۇشى زۆرۈر. قەدىمكى بىلەن بولغان باغلىنىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۆتكەن ئىشلار يەنىلا داۋاملىق ئۆمۈر سۈرىدۇ. تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن-



نىڭ دىئالوگى، بۇرۇنقى ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ھازىر يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ دىئالوگى بولمىسىمۇ بولمايدۇ.

مەن ھازىر قانداق ئەسەر يېزىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىمەن. بىر تەرەپتىن، ئەسىرىمنى ئاددىي، چۈشىنەرلىك، قىزىقارلىق قىلىپ يازغۇم كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىمايمەن. مەن جاھاننىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلىشىم، كىتابخانلارنى ئۆزۈم بىلەن بىللە مەنىۋى مۇھىتقا باشلىشىم، تېخىمۇ يۈكسەك چوققىلاردىن ئاشۇرۇشۇم كېرەك. مەن خەلقنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىش ۋە ئۇلارنى ئويلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان زامان بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تولۇق چۈشىنىشىگە ياردەملەشمەكچىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتىمۇ، دوزاختىمۇ ياشاۋاتمىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئۇلارغا ئەدەبىيات كېرەك.

ئەگەر بىز كىتاب ئوقۇمىساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىمىز بالىلىق دەۋرىدىلا توختاپ قالغان بولار ئىدى. ئەدەبىياتنىڭ ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ھېسسىياتىنى، بىلىمىنى، ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنى باشقا ھەرقانداق نەرسە ئورنىيالمايدۇ. كىتاب ئوقۇمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ كۆرۈڭا!

گوچكاي: ئۇنداقتا، مېنىڭ بارلىق تەجرىبەم پەقەت ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەردىنلا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن يېتەرسىزلىك قىلىدۇ.... سىز ئۆز پىلانىڭىزنى سۆزلەۋاتقان چاغدا، مېنىڭ كۆز ئالدىمغا پىياز كەلدى، باش پىيازنىڭ پوستى يەتتە قەۋەت بولىدىكەن. قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ قەۋەتلىك بولىدۇ. مەن بىرىنچى قەۋەتتىدىلا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

بەزى كىتابخانىلار ئەسەرنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىن باشلاپ ئىچكىرىلەشنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى پەقەت ئىككىنچى قەۋىتىگىچىلا بارالىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار ئوقۇۋاتقان كىتاب ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزسە، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قەۋىتىگىچە بارالايدۇ. ۋەھالەنكى، بەزى ئەسەرلەردە ئالتە - يەتتە قەۋەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزى چاغلاردا ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ يېزىۋاتقان كىتابىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىگىچە يېتىپ بارالايدۇ - دە. كىتابخانلارغا ئوخشاش، شۇ كىتابىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر نەرسە بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولىدۇ.

مەن سىزنىڭ «ئاق يەلكەن»ىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرگەنمەن. شۇ چاغدا ماڭا ئەگەر سىزدىن باشقا بىر يازغۇچى بولغان بولسا، بۇ كىتابنى باشقا بىر يېرىدە ئاياغلاشتۇرىدىغاندەك سېزىلگەنىدى. بەلكى ئارزۇقۇل بوغىنىڭ بېشىنى چاپقان يەردە توختىتار ئىدى، بۇ ھالدا، بۇ ئىشنى توسۇشقا ئىلاجسىز قالغان بالا بىر چەتتە ئازابلىنىپ تۇرغان بولار ئىدى.

**چىڭغىز:** ئۇنداقتا، تېخىمۇ ئوبدان بولماسمىدى؟

**گوچكاي:** ئۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى قورقۇنچلۇق. چۈنكى، ئۇنداق قىلغاندا ئۈمىد بىراقلا ئۈزۈلگەندەك ھېسسىيات تۇغۇلۇپ قالىدۇ. مۇنداقلا قارىغاندا بالىنى تىرىك قالدۇرۇش تراگېدىيىنى ئازايتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بۇنداق قىلىش سىرلىق سېزىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنداق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا بالىنىڭ ئۆلۈمى «بەختلىك بىر تەرەپ قىلىش» ھېسابلىنىدۇ.

**چىڭغىز:** ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشىنىشنى ئۆزۈممۇ ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيمەن. بۇ مەنتىقە بىلەن ھېسسىياتنىڭ بۇيرۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ پوۋېستنىڭ دەسلەپ قىسقا ھېكايە سۈپىتىدە ئويلىشىلغانلىقىنى ئېيتىپ كېتەي. مەن ئەسلى قايغۇلۇق بىر ھېكايە



يازاي دېگەن ئوي بىلەن بالىلىق دەۋرىمنى ۋە شۇ چاغدا ئۆزۈم بىلىدىغان، ھازىر ھايات بولمىغان كىشىلەرنى ئەسكە ئالدىم.

بىر يىلى كۈز مەزگىلىدە مەن دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن تاغقا چىقماقچى بولۇپ يولغا چۈشتۈم. سەپەر ئۈستىدە قار ئارىلاش بوران چىقىپ كەتتى - دە، ئەتراپنى بىردەمدىلا قېلىن تۇمان قاپلاپ كەتتى. بىر مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى.

بىز ئاران بىر ئۆينى تېپىپ، شۇ يەردە قوندۇق. ئەتىسى كۈن ئېچىلىپ كەتتى. بىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يولدا ئاخشامقى قار ئارىلاش بوراندا توختاپ قالغان يۈك ماشىنىلىرىنى كۆردۇق. ئورمانچىلىق مەيدانىغا يەتكەن چېغىمىزدا بىر بوۋاي يولۇقتى، بىز ئۇ كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ بىرئاز توختاپ قالدۇق. مەن قايسى يول بىلەن ماڭساق بولىدۇ، دەپ سورىۋىدىم، بوۋاي ئاخشام يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ شوپۇرلىرىنىڭ ئۆز ئۆيىدە قونغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بوۋاينىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، تىرىكچىلىكىنى ۋە بۇ ئورمانلىقتا ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. بوۋاي: يوق، ئۇزاقتىن بۇيان كۆزگىمۇ چېلىقمايدىغان بولۇپ كەتتى، بۇلتۇر بىرى يۈرەتتى، ئۇنىمۇ بىرى ئېتىپ تاشلىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋەقەنىڭ چىنلىق ئاساسى مانا مۇشۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى، ئۆيدىن قانداق چىققانلىقىمنى، يولدا يۈك ماشىنىلىرىنى ئۇچراتقانلىقىمنى، بوۋاي بىلەن سۆزلىشىش جەريانىمنى يازماقچى، ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغىنىڭ ئۆلۈمى بوۋاينى قاتتىق ئېچىندۇرغانلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى بولدۇم. چۈنكى، بوۋاي شۇ چاغدا ھېلىقى كىشىلەرگە بۇغىنى ئاتماسلىق

نى ئېيتقانىكەن. بۇ ئەسلىدە بۇغا توپى ماكانلاشقان جاي ئىكەن. ئۇلار ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغىنى خاسىيەتلىك ھايۋان ھېسابلايدىكەن. بىراق مەن يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ ۋەقەنىڭ كەينىدە ئىنتايىن مەنىلىك بىر نەرسىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم.

بالىنىڭ ئوبرازى مۇشۇنىڭدىن تۇغۇلدى. راست، تېخىچە ئېسىمدە، ئاشۇ چاغدا يېنىمىزدا بىر بالا يۈگۈرۈپ يۈرگەنىدى، بوۋاي ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن مەكتەپنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ كىشى ماڭا: ناھاي-تى يىراقتا، ئورمانلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، دەپ جاۋاب بەر-گەنىدى. بوۋاي بالىنى ھەر كۈنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، كەچتە قايتۇرۇپ كېلىدىكەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئەسەرلىرىمدە كۆپىنچە بولۇپ ئۆتكەن ئادەملەر بىلەن ۋەقەلەر-نى ئاساس قىلىمەن، دېگەندىن ئىبارەت.

ئاما ئەدەبىيات تۇرمۇشىدىكى ۋەقەلەرنى ئۆزگەرتىپ ياسايدۇ، مۇشۇ پوۋېستنى يېزىپ يېرىمىغا كەلگۈچە شۇ بالىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئۆزۈممۇ بىلمىگەنىدىم.

پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ قانداق تۇغۇلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئەھمىيىتى بار. بىر قېتىم قولياز-مامنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدىم. ئومۇمەن ئالغاندا مەن ئىشنى ناھايىتى ئاستا ئىشلەيمەن، ماشىنكىدا ئەمەس، قول بىلەن يازىمەن، ئەگەر بىرەر جۈملە كۆڭلۈمگە ياقماي قالسا، شۇ يەردە توختاپ قالىمەن. باشقىلار ئۇنداق قىلماي-دىكەن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئاساسىي مەزمۇننى يېزىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن تۈزەيدىكەن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. قەلەم تەككۈزگەنلىرىمنى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتمەيمەن. ئەسەرنى ئاخىرغىچە شۇنداق يېزىپ چىقىمەن. شۇڭلاشقا، بىر مەزگىل



جاپالىق ئىشلىگەندىن كېيىن مەنزىرىلىك يايلاقلارغا بېرىپ دەم ئالغۇم كېلىدۇ.

بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىزنىڭ بالكونى بار بىر داچىمىز بار ئىدى، بالكوندىن پەسكە چۈشىدىغان بىر پەلەمپەي بار ئىدى، شۇ كۈنى مەن سپورتچىلار كىيىدىغان ئاياغ كىيىمنى كىيىپتىكەنمەن، لېكىن نېمىشقىدۇر بېغىنى باغلىماپتىكەنمەن. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئويلاپ، ئۆيدىن چىقتىم، تالاغا چىققاندىن كېيىن پۇتۇمنى پەلەمپەيگە قويۇپ، بەتىنكەمنىڭ بېغىنى باغلىماقچى بولدۇم، دەل شۇ پەيتتە كال-لامغا ئەسەردىكى بالىنى قانداق ھەرىكەتلەندۈرۈش خىيالى كېلىپ قالدى. پوۋېستنى يېزىشقا كىرىشكەندە ئۇنىڭ ئاخىرىنى باشقىچە مۆلچەرلىگەنىدىم، لېكىن ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، بالا ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچىنىدۇ. ئەتىسى ئەت-گەندە ئورنىدىن تۇرغاندا قار يېغىپ تۇرىدۇ. بوۋاي نەۋرىسىنى ئاتنىڭ ئالدىغا مىنگۈزۈپ مەكتەپكە ئېلىپ بارىدۇ. بىراق كېيىن مەن مۇنداق قايغۇلۇق خاتىمىنى ئۆزگەرتتىم - دە، پوۋېستنى سىمۋوللۇق مەنە بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بالا ئاق يەلكەن تەرەپكە — ئۆزىنىڭ كۈتكەن ئارزۇسى تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېتىدۇ...

**گوچكاي:** «ئاق يەلكەن»نى ئوقۇشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتە تولۇق پىكىرلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بەزىلەر بۇ ئەسىرىڭىزنى سىزنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىڭىزگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى پوۋېست دېيىشەتتى. ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يېڭى پەللى-سىنى «ئاق يەلكەن»دىن باشلاندى دېيىشەك بولار.

**چىڭغىز:** ئېھتىمال، شۇنداقتۇر.

**گوچكاي:** شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بەزىبىر نەر-

سىلەرمۇ يوق ئەمەس، مەسىلەن، مېنىڭچە، پوۋېستىڭىزنىڭ ئاللاھىدە يېقىملىق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ تەبىئىي، جانلىق يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت. سىزنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىڭىز ئۆلچەمگە لايىق بىر پۈتۈن گەۋدە، مۇشۇ بىر پۈتۈن گەۋدىدىكى ھەممە ئەزالار ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

**چىڭغىز:** توغرا، شۇنداق.

**گوچكاي:** بىرمۇنچە يازغۇچىلار مۇنداق بىر پۈتۈنلۈككە ئېتىبار بەرمەيدۇ. مەسىلەن، راسپۇتىكىن بىلەن تىرىپونوۋ ئاشۇنداق. بۇنىڭ ناچار ياكى ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىش تەس. بۇنداق پەرق يازغۇچىلارنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇبلىرىنىلا كۆرسىتىدۇ.

**چىڭغىز:** ئەلۋەتتە شۇنداق، لېكىن بۇ راسپۇتىكىننىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشىنىش تەسلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ياق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقىچە چۈشىنىش كېرەك. مېنىڭچە، ئەگەر گەپنى ئوچۇقراق ئېيتىشقا توغرا كەلسە، راسپۇتىكىن دېتاللىنى، شارائىتنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چىنلىقىنى كۆپرەك يازىدۇ، مەن بولسام، ئالدى بىلەن يېتىدىغان ئاساسىي مەقسەتنى ئويلىۋالمەن، قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويىمەن.

**گوچكاي:** دېمەك، ھەممىسىلا يازغۇچىنىڭ ئۆزى كۆزلىگەن نىشانىسىغا، شۇنداقلا ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكچى بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مېنىڭچە، سىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى ھايات چىنلىقىنىڭ كۆپ قىرلىقلىقى بىلەن مۇرەككەپلىكى (راسپۇتىكىن بىلەن تىرىپونوۋقا ئوخشاش)نى ئىپادىلىگەندىن كۆرە تۇرمۇش چىنلىقى ھەققىدىكى باھانى ۋە بەلگىلىك ۋىجداننى يېزىش دېگىنىمىز دۇرۇستەك تۇرىدۇ، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەقسەت بىلەن يېزىلغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا ياراشتۇرۇش بىلەن



ئاخىرلاشتۇرۇش — سىز ئۈچۈن ئەسلا مۇمكىنچىلىكى يوق ئىش. ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن.

**چىڭغىز:** شۇنداق، كېلىشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يوق...

**گوچكاي:** سىزدىن بىر ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سورىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ. «تۆپىلىكتە» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى قالتاي مۇقامەتجانوۋ ئىككىڭلار بىرلىشىپ يازغانىكەنسىلەر. ئۇنىڭ قايسى يەرلىرى سىزنىڭكى؟ قايسى يەرلىرى قازاق كەسىپدىشىڭىزنىڭكى؟ ماڭا بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى سىزدىن كەلگەندەك، لېكىن تىلى سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزگە ئوخشىمايدىغاندەك تۇيۇلدى.

**چىڭغىز:** راستىمنى ئېيتسام، مەن بىر ھېكايە يازماقچى بولۇپ باشلاپ قويغانىدىم. ئەمما نېمە سەۋەبتىندۇر كېيىن ئۇنى يېزىشنى توختىتىپ قويدۇم. بۇ چاغدا ماڭا «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» تىياتىرى تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا كۆڭلۈم يېقىن بىر - ئىككى دوستۇم بار ئىدى. ئۇلار مەندىن بىر سەھنە ئەسىرى يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى، مەن ئۇلارغا بۇرۇن سەھنە ئەسىرى يېزىپ كۆرمىگەنلىكىمنى ۋە يازالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم، بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. بىر قېتىم موسكۋاغا بارسام، ئۈچ كەسىپدىشىم يولۇقۇپ قالدى - دە، مېنىڭ نېمە يېزىۋاتقانلىقىمنى سوراشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇلارغا ھېلىقى ھېكايەمنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردىم. ھېكايەمنى «ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىدا ساقچى ماشىنىسىغا تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇشى مۇشۇ ئىدى» دەپ باشلىماقچى بولغانىدىم، يەنى مامبەت بىلەن ئالماگۈلنىڭ قانداق قولغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە گوسفورغا قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايان

قىلماقچى بولغانىدىم. ھېلىقى دوستلىرىم، بۇ ئىش قانداق تۇغۇلغان؟ ئاخىرى قانداق بولدى؟ دېگەنلەرنى سوراشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تاغ چوققىسىدا قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كونا دوستى سابىرنى قانداق ئەسلىرىگە ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئومۇمىي ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردىم. بۇ ھېكايە ئۇلارنى قاتتىق جەلىپ قىلدى، چۈنكى، بۇ ھەقىقىي سەھنە ئەسىرى ئىدى. گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن ھېلىقى دوستلىرىم ماڭا: «سىز كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ياخشى سەھنە ئەسىرىنى چوقۇم يېزىپ چىقالايدىكەنسىز، دەپ، مېنى ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىگە كۆندۈرۈشكە باشلىدى. مەن ماقۇل بولدۇم، «ماقۇل، يازسام يازاي» دەپ ۋەدە بەردىم.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مەن ھېچ نەرسە يازالمىدىم. نېمىشقىدۇر، سەھنە ئەسىرى يازغۇم زادىلا كەلمىدى. يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلۈمدە ھەممىسى تەييار بولسىمۇ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرەلمىدىم، مەن ۋەدە بەرگەن دوستلىرىم تولا سۈرۈشتۈرۈپ كەيپىمنى ئۇچۇردى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

بىر قېتىم ئالمۇتىدا بىر دراماتۇرگ دوستۇمغا ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا: «دوستۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، مەن ھازىر قاتتىق قىينىلىپ قالدىم. ئالدى بىلەن ساڭا ۋەقەنى قالدۇرماي ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن سەن ماڭا مۇشۇ ۋەقەدىن سەھنە ئەسىرى قۇراشتۇرۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، دېدىم.

كېچە، ئىككىمىز كوچىدا گەپلىشىپ كېتىۋاتىمىز. شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇخلىشىپ بولغان. بىز كوچا بويلاپ تاكى ئەتىگەن سائەت تۆتكىچە پاراڭلاشتۇق. ۋەقەدىن



ئۆزۈممۇ تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئۇنى دوستۇمغا پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن سۆزلەپ بەردىم. دوستۇم مېنىڭ بۇ ھېكايەمنى تازا زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دوستۇم قالتاي مۇقامەتجانوۋ ئۇنى قازاق تىلىدا سەھنە ئەسىرى قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يېرىم ئاي سەرپ قىلىپ، بەزىبىر تولۇقلاش ۋە تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۈم - دە، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

گوچكاي: سەھنە ئەسىرىنى پۈتۈنلەي سىزنىڭ يازمىغانلىقىڭىزنى بايقاش ئانچە قىيىن ئەمەس.

چىڭغىز: شۇنداق، چۈنكى، مەن دراماتۇرگ ئەمەس - تە. بۇرۇنمۇ بولمىغانمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دراماتۇرگ بولالمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتىپ قوياي.

گوچكاي: «تۆپىلىكتە»دىكى مامبەت سابىرنىڭ ناخشىسى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ ئىنسانىيەت توغرىسىدىكى مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئېيتماقچى بولىدۇ. بۇ يەردە ھەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ھەم ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. شۇ چاغدا يۈسۈپ تاتايېۋىچ ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، «مەسىلە بەكمۇ مالىماتاڭلىشىپ كەتكەن. ۋاقىت بەلگىسى يوق قانداق ئادەمنى دېمەكچى؟» دەيدۇ. مېنىڭچە، سەھنە ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بۇ تالاش - تارتىشى سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى چۈشىنىشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

چىڭغىز: شۇنداق... يىغىنچاقلانغان دۇنيا بىلىش كاتېگورىيىسى، ۋاقىت كاتېگورىيىسى، ئىنسانىيەت كاتېگورىيىسى ئارقىلىق تارىخىي چىنلىقنى ئىپادىلەشنى كۆپەيتىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىدۇ.

(بۇ ماقالە «قىرغىزستان ئەدەبىياتى» ناملىق رۇسچە ژۇرنالدىن ئېلىنغان.)

ئىرىسبەك ئاۋقانوۋ
سۇلايمان ئۆمەر تەرجىمىسى

责任编辑：艾海提·阿西木
责任校对：伊力亚斯·热依木

**著名作家谈创作经验**（维吾尔文）

中国作家协会新疆分会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　9.375印张　1插页
1988年1月第1版　1988年4月第1次印刷
印数：1—2.100

ISBN7—228—00197—4/I·70　定价：6.18元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

**مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى**

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.375، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1988 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2,100
ISBN7-228-00197-4/I·70
باھاسى: 6.18 يۈەن